# شنجاڭ ئجتمائى پەنلەر تەتققاتى

# 新疆社会科学

2—85





شىنجاڭ نېفىت ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىلىرى مەركىزى.

# مۇندەرىجە

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىل يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتەيلى ........
........ تۆمۈر داۋامەت 1

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردىن بولايلى...... ساۋيۇتەي
........ (جۇمەخۇن تەرجىمىسى) 17

سوتسىيالىستىك ئىستېمالغا توغرا مۇئامىلە قىلىش كېرەك......شېڭ مىڭ، ۋېن يىڭلىن
........ (ئېزىز يۇسۇپ تەرجىمىسى) 27

پارتىيىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى — ماركسىزم-
لېنىنىزىمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئېلىمىزنىڭ
كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈشنىڭ نەمۇنىسى ........ توقتارقان 37

غەربىي تۈركلەر ۋە غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخىغا
ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا (داۋامى) ........ دۇەن ليەنچىن
........ (ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى) 50

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمىنىڭ كۆچۈشى ۋە غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرى
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ........ تاڭ كەيجيەن
........ (روزى تۇردى تەرجىمىسى) 79

قەدىمقى دەۋردىكى ساكلارنىڭ شىنجاڭدىكى تارىخىي ئىزلىرى ........
........ ۋاڭ بىڭخۇا
........ (ئابدۇۋاھىت قاسىم تەرجىمىسى) 101

ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان ساكلارنىڭ مەدەنىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى
ئىزدىنىش ........ ۋاڭ مىڭجې
........ (ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى) 133

ئۇيغۇر خەلق پەلسەپىسى ۋە مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىسى ......
........ دۇ شاۋ يۈەن 148

سابالاق داستانىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە مۇلاھىزە ........
........ جاقىپ مىرزاقان 165

ئۆزبەك تىل - يېزىقى توغرىسىدا قىسقىچە بايان ........
........ ئابدۇغەنى ھەسەن (ئۆزبەك) 183

كۆشنى ئۆز يېغىدا قورۇش ........ ئابدۇخېلىل روزى 191

# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىل يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتەيلى

تۆمۈر داۋامەت

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» 1984-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. بۇ قانۇندا ئاساسىي قانۇن ئاساس قىلىنىپ، 4 ئاساسىي پرىنسىپ يېتەكچى ئىدىيە قىلىنىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپىسىنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ، پارتىيىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان يولغا قويۇپ كەلگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان بەلگىلەنگەن مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم تەدبىرلەر قانۇن شەكلى بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلدى، بۇ — ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىكى تۈپ قانۇن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە دۆلەت ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئۇنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىشى لازىم.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ مەملىكىتىمىزدە ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، ھەر قايسى مىللەتلەر بىردەك ئىتتىپاق قىلىشىدىغان، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشىدىغان، ئۆز ئارا ياردەملىشىدىغان سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىناق بولۇش - ئىتتىپاق بولۇشتەك سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان جايلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينايدۇ ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

پارتىيىمىز خەلقنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىشقا رەھبەرلىك قىلغان ئىكەن، چوقۇم خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە تۈزۈپ چىقىلدى، ئۇنى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇق ئورگىنى قاراپ چىقىپ تەستىقلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى قاتارلىق قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا «‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى› نى ئەستايىدىل يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارار» چىقىرىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىشقا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشقا چاقىرىلدى. نۆۋەتتە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى توغرىسىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۈچلۈك جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ھەممە ئائىلىلەرنى خەۋەردار قىلىش، ھەممە كىشىنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى بىلىدىغان، چۈشىنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان قىلىش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ توغرىلىقى ۋە ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىن كېيىن، ھەر يىلى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىدە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى توغرىسىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى مۇھىم ئىشلار قاتارىغا كىرگۈزۈش كېرەك. تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىش داۋامىدا، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ھەم نىشانلىق ھالدا ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش يولىدىكى تۈرلۈك ئىدىيىۋى توسالغۇلارنى ئۈزلۈكسىز تازىلاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا

بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە باشقا ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاپتونومىيە نىزامىنى يېزىپ چىقىشقا ۋە خىزمىتىنى بالدۇرراق ئورۇنلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىغا سۇنۇش كېرەك. ھەر قايسى ئاپتونوم ئوبلاستلار ۋە ئاپتونوم ناھىيىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يولغا قويۇشنى چىڭ تۇتۇپ ۋە ئۇنىڭغا بولغان يېتەكچىلىك ھەم تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بۇ قانۇننى ياخشى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق كۆرۈشىمىز كېرەك.

1. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىققان ئاساسىي سىياسەت. دۆلىتىمىز — بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا، دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جاپاغا چىداپ ئەمگەك قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى بىرلىكتە ئېچىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە يارىتىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى بىرلىكتە قۇرۇپ، قۇدرەتلىك ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى شەكىللەندۈرۈپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن تارىخىي شارائىت ياراتتى. مەملىكىتىمىزدە مىللەتلەر كۆپ بولۇپ، كەڭ دائىرىدە ئارىلاش ئولتۇراقلاشقانلىقى، كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى تولىمۇ تەكشىسىز، مەملىكەت بويىچە ھازىر 56 مىللەت بار، خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 93.3 پىرسەنتىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 6.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. لېكىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ

60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 60 پىرسەنت ئۆپچۆرىسىدىكى ناھىيىلەردە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان. مەملىكىتىمىزدە مىللەتلەر گىرەلىشىپ ئارىلاش ئولتۇراقلىشىشتەك رېئاللىق ئۇزاق تارىخى تەرەققىيات داۋامىدا ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا، بولۇپمۇ خەنزۇلار بىلەن ئازسانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت جەھەتلەردە زىچ مۇناسىۋەت شەكىللەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئوبيېكتىپ ئاساس يارىتىپ بەردى. مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخى تەرەققىياتى جەريانىدا، كونا جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىك، يېرىم فېئوداللىق ئىجتىمائى ئەھۋالى ھەر قايسى مىللەتلەرنى بىرلىشىپ ئىنقىلاۋى كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەر مىللەت خەلقىنى رەھبەرلىك قىلىپ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى باتۇرانە كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇغ جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. ئىنقىلاۋى ھەركەتلەرنىڭ تەرەققىياتى مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسىنى سېلىپ بەردى. يولداش جۇئېنلەي خۇلاسىلەپ: «تارىخنىڭ تەرەققىياتى مىللەتلىرىمىزنىڭ ھەمكارلىشىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى، ئىنقىلاۋى ھەركەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ ھەمكارلىشىشىمىزغا ئاساس سېلىپ بەردى. شۇڭلاشقا، بىز ئازاتلىقتىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىشىشىغا پايدىلىق بولغان مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قوللاندۇق» دېگەن ئىدى. 35 يىلدىن بۇيانقى مىللى خىزمەتنىڭ ئەمەلىيىتى مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى مىللى مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بىردىن - بىر توغرا سىياسەت ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى يولغا قويۇشتىكى ئوبدان شەكىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

بىزنىڭ شىنجاڭدا 1953-يىلدىن ئېتىۋارەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە باشقا 4 ئاپتونوم ئوبلاست، 6 ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلدى ھەمدە 1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. پارتىيە مەركىزى كومىتېتى ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىكى، غەمخورلۇقى ۋە ياردىمى ئاستىدا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق قىلىشىپ كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق، نامرات، قالاق شىنجاڭنى دەسلەپكى قەدەمدە گۈللەنگەن، ئاۋات سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقتۇق. دەرۋەقە، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئوڭۇشلۇق بولمىدى، بۇ خىزمەتمۇ «سول» چىل ئىدىيىنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىدى، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»دا لىن بياۋ، جياڭ چىڭ

ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ ئىغۋا بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ قالايمىقانچىلىقلارنى قەتئىي تۈگىتىپ، مىللىي خىزمەتتىكى «سول» چىل خاتالىقنى تۈزىتىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارغا ئاساسەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى، ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش - يېتىشتۈرۈش، سەپلەش مەسىلىسى، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش، كۈچەيتىش مەسىلىسى ۋە دۆلەتنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا بولغان رەھبەرلىكى، بېرىدىغان ياردىمى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېنىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى. بۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرىدا ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى قانۇنىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى. بىز چوقۇم بۇ بەلگىلىمىلەرنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، ھەر دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم.

2. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىل يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك.

مىللىي مەسىلە — ئىنقىلابنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى. مىللىي خىزمەت ھەرقانداق چاغدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ باش ۋەزىپىسىگە، باش نىشانىغا بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مەملىكىتىمىز يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەلدى. پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا مەملىكىتىمىزدە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ۋە تۈپ ئارزۇسىنى گەۋدىلەندۈردى. دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى بىر بىرىگە چەمبەر - چەس باغلانغان. يولداش جۇئېنلەي:

«مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈش سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسەت جەھەتتىكى تۈپ مەيدانى» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىشىدىن ئايرىلغاندا، مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ؛ مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىدىن ئايرىلغاندا، دۆلەتنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشمۇ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. تارىختىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەملىكىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىقتىسات، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئومۇمەن بىر قەدەر ئارقىدا قالغان، بۇ پەرقنى تەدرىجىي ھالدا تۈگىتىش ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بۇ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا پارتىيىمىزنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى باسقۇچتىكى باش ۋەزىپىسىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن ھالدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، بىر قاتار مۇھىم بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى، بۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدىغان مۇھىم قانۇن.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭدا ئورنىتىلىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ پائال ياردەم قىلىشى ۋە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، خەلق ئىگىلىكىنى تېز راۋاجلاندۇردى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 1983-يىلدىكىنى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان 1955-يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5.56 ھەسسە ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 12.89 ھەسسە ئاشتى، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2.86 ھەسسە ئاشتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ كۆلىمى كېڭەيدى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ياخشىلاندى، زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى جەھەتتە، 1983-يىلدىكىنى 1955-يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا: ئاشلىق 2.07 ھەسسە، پاختا 5.24 ھەسسە، مايلىق دان 1.92 ھەسسە، چارۋا مال 0.84 ھەسسە ئاشتى. سانائەتنىڭ قىياپىتىدە يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگىدەك ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئازاتلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭ سانائەت جەھەتتە ئاق قالغىلى تاس قالغان رايون ئىدى. ھازىرقى زامان سانائەت كارخانىلىرىدىن پەقەت 8 نىلا بار

ئىدى. ھازىر، زامانىۋىلاشقان بىر تۈركۈم چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تايانچ كارخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل كارخانىلاردىن 4 مىڭ 100 دىن كۆپرەكى قۇرۇلۇپ، تۈرى بىر قەدەر تولۇق بولغان سانائەت سىستېمىسى شەكىللەندى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگەللىگەن سالمىقى 1955 - يىلى 26.9 پىرسەنت بولغان بولسا، 1983 - يىلدىكى 56.9 پىرسەنتكە يەتتى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ 1983 - يىلدىكىسى بىلەن 1955 - يىلدىكىسىنى سېلىشتۇرغاندا، پولات 18.8 ھەسسە، كۆمۈر 18.9 ھەسسە، نېفىت 128.8 ھەسسە، سېمونت 91.2 ھەسسە، توك مىقدارى 57 ھەسسە، پاختا رەخت 6.67 ھەسسە ئاشتى. قاتناش - ترانسپورت ۋە پوچتا - تېلېگراف، ئالاقىلىشىش ئىشلىرى ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. شەھەر، يېزا بازارلىرى ئاۋاتلاشتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ناھايىتى كۆپ ئۆستى. 1983 - يىلى شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى 1955 - يىلدىكىدىن 28 ھەسسە ئاشتى، ئۇلار ئىستېمال جەھەتتە ئىسسىق كىيىنىش، تويغىدەك ئوزۇقلىنىشتىن ئوتتۇراھال سەۋىيىگە ئۆتۈشكە باشلىدى.

مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، داۋالاش، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە ئىشلىرىدا ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

1983 - يىلدىكىنى 1955 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا. ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆپەيدى: باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار 4.9 ھەسسە، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار 30.8 ھەسسە، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردىكى ئوقۇغۇچىلار 3.6 ھەسسە، داشۆلەردىكى ئوقۇغۇچىلار 7.7 ھەسسە كۆپەيدى. پەن - تەتقىقات جەھەتتە پەن تۈرلىرى بىر قەدەر تولۇق بولغان، كەسىپ جەھەتتىن يۈزلىنىشكە قاراپ يۈزلەنگەن ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان پەن تەتقىقات سىستېمىسى بەرپا قىلىندى. مۇستەقىل پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى 1955 - يىلدىكى 7 دىن كۆپىيىپ، 1983 - يىلى 102 گە يەتتى. تەنتەربىيە ۋە سەھىيە ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەن ساغلاملىقى ئاشتى. داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتلىرى 8.6 ھەسسە، كېسەل كارۋاتلىرى 10.5 ھەسسە، ساقلىقنى ساقلاش تېخنىكا خادىملىرى 10.7 ھەسسە كۆپەيدى. ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. زور بىر تۈركۈم ئازسانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى، ئۇسسۇلچىلىرى، مۇزىكانتلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى تېز ئۆسۈپ يېتىلدى. نەشرىيات ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر

يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلار كۈنسايىن كۆپەيدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى قېزىش، رەتلەش خىزمىتىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان، بىز غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، تەرەققىيات سۈرئىتىمىز ناھايىتى تېز بولدى، لېكىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاق قىياپىتىنى تېخى تۈپتىن ئۆزگەرتەلمىدۇق، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمىزنىڭ سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن، ئىقتىسادىي ئاساسىمىز ئاجىز، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق جەھەتلەردە يەنە ناھايىتى زور پەرق بار. بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن داۋاملىق جاپاغا چىداپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئاساسىي قانۇندىكى پىرىنسىپلارغا ئاساسەن، ئاپتونوم جايلارنىڭ دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يەرلىك خاراكتېردىكى ئىقتىسات، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا باشقۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە بېرىلدى. بۇ بەلگىلىمىلەر مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدا خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. مۇشۇ ئاساستا 3 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەت كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا يېڭى كۈرەش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇ بولسىمۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاش؛ ئىقتىسات، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرىراق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، ھەتتا مەملىكەت بويىچە ئىلغارلار قاتارىغا ئۆتكۈزۈش؛ 1990 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پائال تۈردە ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىل يولغا قويۇشتا، بۇ 3 ۋەزىپىنى چىڭ چۆرىدەپ، سىرتقا قاراتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە

ئىش قىلىپ، شەھەرلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئېڭىنى ۋە پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، دۆلەت بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىز مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاساسىي قانۇنغا ۋە باشقا قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلماسلىق پىرىنسىپى ئاساسىدا، پەۋقۇلئاددە سىياسەت ۋە جانلىق تەدبىر قوللىنىپ، دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن بەرگەن ياردىمىنى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىلغار شارائىتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول بولۇشتەك ئۈستۈنلۈكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ تېز راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. سوتسىيالىزم پىرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، دۆلەت قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە شۇ جايدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش — مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا بەرگەن بىر تۈرلۈك ئاپتونومىيە ھوقۇقى، بىز مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلىپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى روھىغا ئاساسەن، ئىدىيىنى ئازات قىلىپ، توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىشىمىز، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشىمىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كونا كۆز قاراش، كونا رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلىشىمىز، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز رايونىمىز، ئۆز ئورنىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق ھالدا تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، ئۆز رايونىمىز، ئۆز ئورنىمىزنىڭ ئەھۋالىغا نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر،

تېخىمۇ توغرا تونۇشقا ئىگە بولۇشىمىز، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قىسمىنى قەتئىي تەڭشەپ، ئىقتىسات باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى دادىل ئىسلاھ قىلىشىمىز، ئىسلاھاتتىن سۈرئەت ۋە ئۈنۈم تەلەپ قىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ۋە ئىقتىسات ھەم مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىزدىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىقتىسات، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردە قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى تېزلىتىشىمىزنى تەلەپ قىلماقتا. قانۇن چىقىرىش خىزمىتى داۋامىدا، ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى قاتارلىق قانۇنلارنى ئاساس قىلىشىمىز، 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ۋە بىر تۇتاش پىلانىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز، ھەم ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

3. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىل يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە كەسپىي خادىملىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە سەپلەش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ھەردەرىجىلىك كادىرلار، تۈرلۈك كەسپىي خادىملار ۋە تېخنىكا ئىشچىلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش، سەپلەش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىزچىل سىياسىتى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىكى بىر تۈپ مەسىلە. يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق كۆرسەتكەن ئىدى: «ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان زور بىر تۈركۈم كوممۇنىزمچى كادىرلار بولمىسا، مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش، مىللىي ئەكسىيەتچىلەرنى تامامەن يېتىم قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.» پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان زور بىر تۈركۈم كادىرلار ئۆسۈپ يېتىلدى. ئاپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىش داۋامىدا، تۆتلەشتۈرۈش شەرتىنى ھازىرلىغان كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا قويۇلدى. ئىستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ئاز سانلىق مىللەت كادىر-

لىرى 1955-يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان چاغدىكى 40 نەچچە مىڭدىن كۆپىيىپ، 1983-يىلى 180 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى. ئازسانلىق مىللەتتىن بولغان پەن-تېخنىكا خادىملىرى 2 مىڭ 400 كىشىدىن 109 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ساھەدىكى، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت-مائارىپ، داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش، تەنتەربىيە ساھەلىرىدىكى ئىقتىساسلىق كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى شەكىللەندى. ئاپتونوم رايوندىن تارتىپ ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرگىچە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋە رەئىس، ئوبلاست باشلىقى، ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئازسانلىق مىللەتتىن بولغان خادىملىرى ئۆتەۋاتىدۇ. ئازسانلىق مىللەتتىن بولغان ھەر دەرىجىلىك كادىرلار پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا تايىنىلىدىغان كۈچلەر، ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىدىكى مۇھىم كاپالىتى. ئۇلارنىڭ خەنزۇ كادىرلار بىلەن بولغان زىچ ئىتتىپاقلىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئامىل، لېكىن، سان جەھەتتە بولسۇن، ياكى سىياسىي سۈپەت ۋە كەسپىي، تېخنىكا سەۋىيە جەھەتتە بولسۇن، ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالمايۋاتىدۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالمايۋاتىدۇ. بىز مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى، تۈرلۈك پەن-تېخنىكا، ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىختىساسلىق خادىملار ۋە تېخنىكا ئىشچىلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە جايلاردىكى دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ھازىر بار ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئىنتايىن ئاسرىشى، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇلارنى داۋاملىق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى، ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەر ۋە باشقا تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۇلارغا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى توغرىسىدا پىلانلىق ھالدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ۋە كەسپىي بىلىم توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي سۈپىتى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى

ئۆستۈرۈشى كېرەك. يەنە كادىرلارنى ئۆتلەشتۈرۈش تەلىۋى بويىچە، ئاز سانلىق مىللەتلەر-دىن زور بىر تۈركۈم ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك ياش، ئوتتۇرا ياش كادىرلارنى داۋاملىق تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈپ، 3 ـ قوشۇن قۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى كېرەك.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»نى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە خەنزۇلار ئىچىدىن زور بىر تۈركۈم ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلىرى ۋە ئىختىساسلىق تېخنىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز كېرەك. ئانچە ئۇزاق بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىگىلىكىنى ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئۇيۇشتۇرالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلالايدىغان زاۋۇت باشلىقلىرى (جىڭلىلار) نى، كارخانىلارنىڭ تېخنىكىلىق باشقۇرۇشنى تازا كۈچەيتەلەيدىغان، تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان باش ئىنژېنېرلارنى، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتەلەيدىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرەلەيدىغان باش ئىقتىساتچىلارنى، مالىيە ـ ئىقتىسات ئىنتىزامىنى قاتتىق قوغدايدىغان، ھېساۋاتنى پۇختا قىلىدىغان، مالىيە مەنبەسىنى ئاچالايدىغان باش بوغالتىرلارنى، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرالايدىغان، كارخانىلاردىكى كەڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان پارتكوم شۇجىلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلىرى بىلەن تېخنىك كادىرلارنىڭ ئاشۇ ئىختىساسلىق خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەممە كەسىپتىكىلەر تولۇق قىلىنغان ۋە بىر تۇتاش يۈرۈشلەشكەن زور قوشۇننى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان 30 يىلدىن بېرى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرى قوشۇنى شەكىللەندى، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 1955 ـ يىلدىكى 75 مىڭدىن كۆپرەك كىشىدىن كۆپىيىپ 1983 ـ يىلى 663 مىڭ كىشىدىن كۆپرەككە يەتتى. لېكىن، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى يەنىلا ناھايىتى ئاز، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى، جۈملىدىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىدىن كارخانا ئورۇنلىرى، كەسپىي ئورۇنلارغا خادىم قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرى قوشۇنىنى زورايتىشىمىز كېرەك. بۇ ـــ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر-دىن كادىرلار ۋە ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە سەپلەش

بىلەن خەنزۇ كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيىتى قىلچىمۇ يېنىكلىمەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بىلەن خەنزۇ كادىرلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا، زىچ ھەمكارلىشىشىغا تايىنىش كېرەك. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى خەنزۇ كادىرلارنى چىن كۆڭلىدىن قارشى ئالىدۇ. ئۇلار خەنزۇ كادىر- لارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قوشقان غايەت زور تۆھپىسىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. خەنزۇ كادىرلار مەركەزنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، خاتىرجەم ئىشلەپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئاخىرغىچە خىزمەت قىلىشى كېرەك. شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش جەريانىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى خەنزۇ كادىرلار ۋە پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىنى، ئەقىل كۆرسىتىشىنى بۇرۇنقىدەكلا قارشى ئالىدۇ.

4. مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە يولغا قويۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش كېرەك.

يولداش خۇياۋباڭ پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى كۆپ مىللەت- لىك دۆلىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتتى. دۆلەتنىڭ بىرلىكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 4 ئاساسىي پرىنسىپ ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىقى يېڭى تارىخىي دەۋردىكى باش ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك مەملىكەت قۇرۇپ چىقىشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى.

مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى — مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۆلچىمى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى سوتسىيالىستىك مىللى مۇناسىۋەتنى قېلىپلاشتۇرىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغان ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان قانۇن.

مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان جايلار بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بەلگىلەپ بېرىلدى: ھەر قايسى مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلار جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس قىسمى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ۋە دۆلەتنىڭ باش فاڭجېن، سىياسەت، پىلانلىرىنىڭ مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ يەنە بىر جەھەتتىن، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە

ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرى تولۇق يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئاكتىپلىغىنى تولۇق قوزغاش لازىم. خۇددى يولداش خۇياۋباڭنىڭ ئېيتقىنىدەك، «مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە بىر تۇتاش رەھبەرلىكتىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بىر تۇتاش رەھبەرلىك ئاستىدا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش، دېگەنلىك.»

مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا: يۇقۇرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللى مۇناسىۋەتنى قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. ھەر قانداق مىللەتنى كەمسىتىش ۋە ئېزىشنى مەنئى قىلىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان ۋە مىللى بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان قىلمىشلارنى مەنئى قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى.

شىنجاڭ — ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىغا جايلاشقان كۆپ مىللەتلىك رايون. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە تۈپ مەنپەئەتى، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بولغان 1 - ئورۇندا تۇرىدىغان نېچوك ئىش، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ھەم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى زور دەرىجىدە كۈچىيىپ، ھازىرقى مەزگىل دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەڭ ياخشى بولغان مەزگىللەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، بۇ مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئاپتونوم رايونىمىزدا يولغا قويۇشىمىزغا ئوبدان شارائىت يارىتىپ بەردى، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۆز نۆۋىتىدە ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ كۈچىيىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىز مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەرنى ۋە باشقا مىللەتلەرنى، ئاھالىسى كۆپرەك بولغان مىللەتلەر بىلەن ئاھالىسى ئازراق بولغان مىللەتلەرنى قانۇندا بەلگىلەنگەن باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوممۇنىزىم ۋە مىللى سىياسەت ھەققىدە تەربىيە بېرىشكە

ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىدا خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، دېگەن ئىدىيىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئۆز ئارا ئىشىنىپ، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا ياردەم بېرىپ، ئۆز ئارا مەدەت بېرىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بىرلىكتە قوغداش ھەققىدە تەربىيە بېرىشىمىز لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كۈرىشى داۋامىدا چوڭ مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئاساسلىقى، چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش، يەرلىك مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇش لازىم. لېكىن بۇ خاتا ئىدىيىۋى خاھىشلار خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت خاراكتېرىنى ئالغان، شۇڭا، ئۇنى دېموكراتىيە ئۇسۇلى، مۇزاكىرە قىلىش ئۇسۇلى، تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ھەل قىلىش كېرەك. كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى تايانچ كۈچلەر. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى كۈچەيسە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى چوقۇم كۈچىيىدۇ. ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرى ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، تارىختىن قېپ قالغان مىللىي بىر تەرەپلىمىلىكنى تۈگىتىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ مىللەتچىلىك خاھىشىغا قارشى تۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى تۈپ ئاساسىدىن ئۆستۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ بارلىق سۆز - ھەرىكىتىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە پايدىلىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە ئۈلگە بولۇشى كېرەك. بۇنى ھەر بىر كادىرنىڭ ئەخلاقىنى، قابىلىيىتىنى، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ پارتىيىۋىلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەمگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى چېگرا رايوننى قوغداش، چېگرا رايوننى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتە قۇدرەتلىك كۈچ. ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ يەرلىك ئورۇنلار بىلەن، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى، بىڭتۇەنمۇ يەرلىك ئورۇنلارغا ئوخشاش، مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ھەقىقىي تۈردە ئىزچىل يولغا قويۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى كۈچەيتىشى ھەمدە بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا خەلق ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشى كېرەك. يەرلىك ئورۇنلاردىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما بىڭتۇەننىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇنى قوللاپ، بىڭتۇەن بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلىشى كېرەك.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى تىنچ، ئىقتىسادىي تېز تەرەققىي قىلمىۋاتىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ، چېگرا مۇداپىئەسى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىۋاتىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىۋاتىدۇ، سىياسەتلەر راۋانلىشىپ، خەلقنىڭ كۆڭلى ئەمىن تېپىپ، ۋەزىيەت چوڭ ياخشى بولماقتا. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە كېلىپ، زېھنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» نى ئىجرا قىلماقتا. بىز ئىشىنىمىزكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە يولغا قويۇلۇشى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ، شىنجاڭدىكى 13 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغايدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەركىزىي كومىتېتنىڭ قارارى ئەستايىدىل ئىزچىللىشىپ، ئەمەللىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمى تېزلەپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

# ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئالغا سۈرگۈچىلەردىن بولايلى

ساۋ يۈتەي

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ياخشى تۇتۇش ۋە سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىنىڭ مەركىزىي تېمىسى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان چوڭ ئىش. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىش لازىم، ئىسلاھات ئېلىپ بارمىغاندا، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، ئىسلاھاتنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈش لازىم، دەپ نۇرغۇن قېتىم كۆرسەتتى. ئىسلاھات پارتىيىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىنىشى لازىم. جاۋزىياڭ زۇڭلى 1983 - يىللىق باھار بايرىمىنى تەبرىكلەپ قىلغان قەدەم سۆزىدە، بىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردە «قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى پارتىيىمىز، ھۆكۈمىتىمىز ۋە ھەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ دادىل ئىسلاھات ئېلىپ بارغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، يېڭى بىر يىلدا ئىسلاھات يۆنىلىشىنى بويلاپ تېخىمۇ تىرىشىپ ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك» دېدى. 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا قىلىنغان «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»تىدا ئۇ يەنە، بۇندىن كېيىن ئىقتىسادىي خىزمەتتە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى ئوقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇش لازىم، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «شەھەرلەردىكى ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم، شەھەرلەردە ئومۇمىي يۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان «چوڭ قازاننىڭ ئېشى»نى يېيىش ئىللىتىنى ئەستايىدىل، باسقۇچلۇق ھالدا ئىسلاھ قىلىپ، كارخانىلار بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ ياخشى قوزغاش كېرەك.»

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقلىرىدا، يولداش جاۋزىياڭنىڭ دوكلاتىدا ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ ئەھمىيىتى، يۆنىلىشى، ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېنىق، كونكرېت بايان قىلىندى. ئىقتىسادىي ئىسلاھات مەسىلىسى ئەمدى تونۇش مەسىلىسى ئەمەس، قەتئىي

ئىزچىللاشتۇرۇلمىغان ۋە ئەمەللەشتۈرۈلمىگەن ئەمەلىي مەسىلە بولۇپ قالدى. لېكىن بەزى تارماقلار، بەزى يولداشلار ئىسلاھاتقا قارىتا ئىدىيىدە ھەر خىل ئەندىشىدە بولماقتا، ھەرىكەت جەھەتتە قورقۇپ، قاراپ باقماقچى بولۇپ كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ھال ئىۋەتتىكى كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىنى نەزەرىيە جەھەتتىن، ئەمەلىيەت جەھەتتىن ھەلىھەم داۋاملىق شەرھلەشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئاۋال پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ ئىسلاھات تەدبىرىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ توپ نەزەرىيىسىگە ئاساسلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي زىددىيەتلىرىنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان توغرا تەدبىر ئىكەنلىكىنى تونۇش كېرەك. تارىخىي ماتېرىيالىزم بىزگە، بارلىق ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى توپ سەۋەب — ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، دەپ ئۆگىتىدۇ. ئېنگېلس 1890 - يىلىلا دانالىق بىلەن: «مېنىڭچە، ‹سوتسىيالىزم› دېگەن نەرسە ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇنى باشقا ئىجتىمائىي تۈزۈملەرگە ئوخشاش دائىم ئۆزگىرىپ ۋە ئىسلاھ قىلىنىپ تۇرىدىغان جەمئىيەت دەپ قاراش لازىم» دەپ ھۆكۈم قىلغان ئىدى. («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 37-توم، 443-بەت) 1921 - يىلى لېنىن روسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئاساسەن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «بۇنىدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ھەر بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ۋە يۈكسەلگەندە، سوۋېت تۈزۈمىنىمۇ ياخشىلىشىمىز ۋە ئۆزگەرتىشىمىز لازىم.» («لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 33 - توم، 89 - بەت) 1922 - يىلى لېنىن ئا. د. سيۇرۇپاغا يازغان «خەلق كومىسسارىياتى ۋە ئەمگەك - دۆلەت مۇداپىئە كومىسسارىياتىنىڭ خىزمىتىنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا» يازغان خېتىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ھازىر پۈتكۈل خىزمەت تۈزۈمى مەسىلىسى ئۈستىدە تەپسىلىي سۆزلىشىشىمىزگە توغرا كېلىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىنى ئوبدان ئويلىنىشىمىز كېرەك .... ۋالىدۇۋاشچىلىقتىن، ئېلىشمانچىلىقتىن، ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ گاللىۋاڭ قىلىشىدىن، مۇزاكىرىدىن ۋە ھۆججەت يېزىشتىن قانداقلا بولمىسۇن قۇتۇلۇشىمىز، خىزمەت تۈزۈمىنى ئەتراپلىق ئويلىنىشىمىز، ئۈزۈل - كېسىل ئىسلاھ قىلىشىمىز لازىم.»

يولداش ماۋزېدۇڭ «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە: «سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى

زىددىيەت، ئۈستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىس ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت» دېگەن ئىدى. بۇ تارىخىي ماتېرىيالىزمغا قوشۇلغان چوڭ تەرەققىيات. 1979 - يىلى يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «20 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، مۇشۇنداق دەپ ئېيتىش باشقىچە ئېيتىشلاردىن تۈزۈك» دەپ ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈردى. دەرۋەقە، بۇ جەھەتتىكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ئىنقىلابىي داھىلار ئوتتۇرىغا قويۇشقىلا ئۈلگۈردى، مۇۋاپىق، توغرا ھەل قىلغىنى يوق. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ دۆلەت تۈزۈمىنى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا چىقارغان قارارلىرى ئەنە شۇ سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى، ئۈستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىس ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ تېز راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ئىسلاھات توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، ئىنقىلابىي داھىلار ئورۇنلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىشلارنى ئورۇنلىماقتا. بۇ ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى — ئىلمىي سوتسىيالىزمنى بېيىتقانلىق ۋە راۋاجلاندۇرغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىسلاھات ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ئۈچۈن زۆرۈر. ئېلىمىزنىڭ ئىلگىرىكى يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى تارىختا بەلگىلىك دەرىجىدە ئىجابىي رول ئوينىغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن كەلگەن. دۆلىتىمىز قۇرۇلۇپ دەسلەپكى مەزگىللەردە، كەڭ كۆلەملىك سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى بىز تېخى يېڭىدىن باشلىغان، ئۇ چاغدا يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن بىر تۇتاش رەھبەرلىكنى يولغا قويۇش ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنى توپلاپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بىر تۇتاش جايلاشتۇرۇپ، لايىقىدا سەپلەپ، ئىچكى رايونلار ۋە چېگرا رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە، دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، جاھانگىرلارنىڭ قوراللىق ئىغۋاگەرچىلىكى ۋە تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق ئىدى. يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن باشقۇرۇش شۇ چاغدا ئىقتىسادىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا ۋە پىلانلىق باشقۇرۇش سەۋىيىمىزگىمۇ مۇۋاپىق ئىدى. ئۇ چاغدا پىلانلىق باشقۇرۇش جەھەتتە تەجرىبىمىز كەم بولۇپ، ئاساسەن چەتئەلنىڭ ئەندىزىسى بويىچە ئىش قىلاتتۇق. يۇقۇرقىدەك سۇبيېكتىپ، ئوبيېكتىپ ئامىللار يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تاللىشىمىزنى بەلگىلىگەن ئىدى.

ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 30 نەچچە يىل بولۇپ قالدى. ئۆزىمىزنىڭ ۋە چەتئەللەرنىڭ ئىجابىي، سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئىككى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، پەن تېخنىكىنىڭ يۈكسىلىشىگە، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ كۈنسېرى ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، بۇرۇنقى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىش تەلىۋىگە بارغانسېرى ماس كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، ھەتتا نۇرغۇن نۇقسان پەيدا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بولۇپ قالدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيىنىڭ 1980 - يىلدىكى سىياسىي بيۇرو كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا قىلغان «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلايلى» سەرلەۋھىلىك سۆزىدە ئېيتقىنىدەك: «ھوقۇق بەك مەركەزلىشىپ كەتتى، پىلاننى باشقۇرۇشتا ھوقۇق مەركەزگە يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشقا تېگىشلىك بولمىغان، ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلمەيدىغان، پەقەت باشقۇرالمايدىغان بىرمۇنچە ئىشنى ئالدىغا تارتىۋالدى، نۇرغۇن جايلار ۋە ئورۇنلار ئائىلە باشلىغىلىرىچە ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويۇپ، ئۆزىنىڭلا گېپىنى گەپ قىلدى، بۇنداقتا ئەلۋەتتە ئامىدىن، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ، مۇرەككەپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ.» ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ھازىر جايلاردىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرىدا ساقلىنىۋاتقان چوڭ بىر مەسىلە — ئىگە بولىدىغان ئادەم يوق، ئاتاقتا كوللېكتىپ رەھبەرلىك دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ھېچ كىشى ئىگە بولمايدۇ.» «تۈرلۈك كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ رەھبىرىي ئورگانلىرىدا ئۇزاقتىن بېرى يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە قاتتىق مەمۇرى نىزاملار ۋە شەخس مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ئورنىتىلماي كەلدى، ھەر بىر ئورگان ھەتتا ھەر بىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇق دائىرىسى توغرىسىدا قاتتىق، ئېنىق بەلگىلىمە تۈزۈلمەي كەلدى، نەتىجىدە، كۆپ ھاللاردا، ئەمەل قىلغۇدەك قائىدە - نىزام بولمىدى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر، كۆپ ھاللاردا، ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۆز ئالدىغا بىر ياقلىق قىلالمىدى. پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئايرىلمىدى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىنى پارتىيە ئالدىغا تارتىۋالدى، پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش شوئارى ئاستىدا، كۆپ ھاللاردا، نامۇۋاپىق ھالدا قارا - قويۇقلا ھەممە ھوقۇق پارتكومغا مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇلدى. پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى كۆپ ھاللاردا شەخسنىڭ رەھبەرلىكىگە ئايلىنىپ قالدى.»

يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە مۇنۇلارنى ئالاھىدە كۆرسەتتى: بىز بۇرۇن تەقسىمات تۈزۈمىدە، «كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىشنى تەكىتلىمىدۇق. ماددى مەنپەئەتكە ئەھمىيەت بەرمىدۇق. بۇنداق قىلىش ئاز ساندىكى ئىلغارلارغا بولىدۇ. كەڭ ئاممىغا بولمايدۇ، بەردەملىكتە بولىدۇ، ئۇزاققا بولمايدۇ. ئىنقىلاۋىي روھ بەك قەدىرلىك، ئىنقىلاۋىي روھ بولمىسا، ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتمۇ بولمايدۇ. لېكىن ئىنقىلاپ ماددى مەنپەئەت ئاساسىدا قوزغىلىدۇ، پىداكارلىققىلا تەكىتلىنىپ، ماددى مەنپەئەت تەكىتلەنمىسە، ئىدىيالىزىم بولىدۇ.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 233-بەت)

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېلىمىزنىڭ بۇرۇنقى تۈزۈلمىسىدە ھوقۇقنىڭ ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنىڭ ئاساسىي نۇقسانلىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، نۇقسانلاردىن كېلىپ چىققان ئېغىر ئاقىۋەتنى كۆرسەتتى، يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ ھەر تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا پايدىسىز. سوتسىيالىستىك ئىگىلىك پىلانلىق ئىگىلىك، ئۇنىڭدا بىر تۇتاش پىلان بولىدۇ، بىرلىكنىڭ زۆرۈرلىكى زۆرۈر، لېكىن بەك قاتتىق، بەك كۆپ قىسىۋېتىلسە، كارخانىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش ھوقوقى بېرىلمىسە، دۆلەت، جايلار، كارخانىلار ۋە ئەمگەكچىلەردىن ئىبارەت 4 تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇ، باشقۇرۇشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشكە، ئىگىلىكتە مۇۋاپىق نىسبەت مۇناسىۋىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە پايدىسىز. بۇرۇن خەلق ئىگىلىكىمىزدە نىسبەت بىر نەچچە قېتىم قاتتىق بۇزۇلغان، بۇنىڭغا يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى «سول» چىللىق ئاساسىي سەۋەب بولغان بولسا، لېكىن ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى ئېغىر نۇقسانمۇ بىر سەۋەب بولغان ئىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە، ھوقۇقنى ئارتۇقچە مەركەزلەشتۈرۈۋەتكەن باشقۇرۇش ھازىر بىزدىكى ئالاھىدە بيۇروكراتلىقنىڭ باش يىلتىزى، دەپ كۆرسەتتى. بيۇروكراتلىق تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن زادى چىقىشالمايدۇ. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارىدىكەنمىز، بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىشىمىز، ھازىرقى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىشىمىز لازىم.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدىكى نۇقسانلار ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن بۇ نۇقسانلارغا قارىتا پىلانلىق، باسقۇچلۇق، قەتئىي، تەلتۆكۈس ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندا، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئاندىن چەكسىز ئۈمىدۋار بولىدۇ، بىز بۇرۇن ۋاقتىدا ئىسلاھات ئېلىپ بارالمىدۇق، ئەمدى يەنە ئىسلاھات ئېلىپ بارمايدىغان بولساق، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىمىز بەربات بولىدۇ، دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئەنە شۇنداق يۈكسەكلىككە كۆتەردى، سوتسىيالىزىم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش، تۆتنى زامانىۋى-

لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ بىرىنچى كاپالىتى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى دەپ تەكىتلىدى. تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىملىقى، زۆرۈرلىكى ۋە تەخىرسىزلىكى مانا شۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دانا تەدبىرى، پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان ئىستىراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا ئالاقىدار زور مەسىلە، ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى.

ھەقىقەتنىڭ بىردىن - بىر ئۆلچىمى ئەمەلىيەت. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات قانۇنىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى دۆلىتىمىزنىڭ ۋە چەتئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدى. دۆلىتىمىزدە يېزىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقساقلا بۇ مەسىلە چۈشىنىشلىك بولىدۇ. ئازاتلىقتىن بۇرۇن كونا جۇڭگو يېزىلىرىدا فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئۈستقۇرۇلمىلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قاتتىق بوغۇپ تۇرغانلىقتىن، جاھالەت، ئاچارچىلىق، نامراتلىق، قالاقلىق ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، «باينىڭ ئۆيىدە گۆش - ياغ سېسىپ كېتۇر، كەمبەغەللەر ئاچ قوساق مۇزلاپ ئۆلۇر» — بۇ كونا جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى. ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيىمىز ئىلگىرى - كېيىن دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈردى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ھەقىقىي قەد كۆتىرىپ، يەرنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندى، يېزىلار گۈللىنىپ يېڭى تۈس ئالدى. مەملىكىتىمىزدە يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئاز - تولا تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە «سول» چىللىق خاتالىقىنى ئۆتكۈزگەنلىكىمىز ئۈچۈن، تەرەققىيات كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. بولۇپمۇ «بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي»، «نامرات ئۆتۈش»، «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش» دېگەنلەر ئۇزۇن يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلدى. بۇ جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىمىزنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، خېلى كۆپ قارىغۇلۇق بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەركەز يېزا ئىگىلىك سىياسىتىدە كەڭ قويۇۋەتتى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، دېھقانلارنىڭ تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ، دېھقانلار ئاممىسى ئىجاد قىلغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قىزغىن قوللىدى، دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ يېزا ئىگىلىكىدىكى بۇرۇنقى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ،

مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ كۆتىرە بېرىشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىكىدە ئۇزۇن ئۆتمەيلا مىسلىسىز يېڭى ۋەزىيەت مەيدانغا كېلىپ، مەملىكەتنىڭ بىر مۇنچە جايلىرىدا دېھقانلار قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئاش - ئوزۇق، كىيىم - كېچەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپلا قالماي، «ھاللىق تۇرمۇش سەۋىيىسى» گە قاراپ يۈرۈش قىلماقتا. يېزىلاردىكى بىرمۇنچە كونا، چوڭ، چىگىش مەسىلىلەرمۇ ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كەتتى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئۆزگەرتىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، دېھقانلارنىڭ ئەمگەك بىلەن باي بولۇشى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىلدى.

يېزىنىڭ ئەھۋالىغۇ شۇنداق، شەھەرنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق. يىراقتىكىنى قويۇپ تۇرۇپ، 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بۇ يىلقى 2 - يىغىنىدىن بۇيانقىسىنى ئېيتساق، سانائەت كارخانىلىرى ئىگىلىك ئىسلاھاتىدا يېڭى قەدەم تاشلىدى. بولۇپمۇ ئاساسىي قۇرۇلۇش كەسپى ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، مەبلەغنى كۆتىرە بېرىش، خېرىدار چاقىرىپ كۆتىرە بېرىشنى يولغا قويۇپ، ئۇنۇمىنى كۆرۈشكە باشلىدى.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش تارماقلىرىدا ئومۇمىي تۇردە قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى پىلانلىق تەقسىم قىلىش چارىسى قوللىنىلىپ كەلگەن ئىدى. قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى تەقسىم قىلىشتىكى بۇنداق «تۆمۈر تاۋاق» قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن «ساقالدىمان قۇرۇلۇش»لار پەيدا بولدى، قۇرۇلۇش ۋاقتى ئۇزىراپ كېتىپ، مەبلەغ كۆپ كېتىپ، سۈپەت ناچار بولۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئېغىر تەسىر يەتتى.

يېقىندىن بۇيان بىناكارلىق تارماقلىرى دادىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، كۆرسەتكۈچنى كۆتىرە بەردى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئورۇنلارنىڭ قىياپىتى بىردىنلا يېڭىلىنىپ، كېچە - كۈندۈز ئىشلەيدىغان، 24 سائەت ئۈزمەي ئىشلەيدىغان تەسىرلىنەرلىك مەنزىرە بارلىققا كەلدى، بەزى ئىشچىلار، ئەمدى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرىدىغان سىياقتا كىردۇق، دېدى. ئاپتونوم رايونلۇق باش نېفىت خىمىيە زاۋۇتىنىڭ 9 قەۋەت، 14 مىڭ 167 كۋادرات مېتىرلىق ياتاق بىناسى ئېلان چىقىرىپ كۆتىرە بېرىلگەن ئىدى. قۇرۇلۇش مۇددىتى بۇرۇنقىدىن 15 پىرسەنت قىسقاردى، تەننەرقى 5 — 7 پىرسەنت ئەرزانلىدى. جياڭسۇ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتى ياخشى، مۇددىتى قىسقا، تەننەرقى تۆۋەن بولۇش بىلەن شىنجاڭدا داڭ چىقىرىپ، جەمئىيەتتە ئىناۋەت قازىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىناكارلىق كەسپىدە كۈچلۈك رىقابەتچى بولۇپ قالدى. ئۇلار كۆتىرە ئالغان 12 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان 8 قەۋەتلىك بوغدا مېھمانخانىسىنى

10 ئايدىن كۆپرەكلا ۋاقىتتا، دۆلەت بەلگىلىگەن قۇرۇلۇش مۇددىتىدىن 191 كۈن بۇرۇن پۈتتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىشنى قىلدى. جياگېڭ بىناكارلىق شىركىتى نېمە ئۈچۈن شۇنداق ياخشى نەتىجە ياراتالىدى؟ ئەڭ ئاساسىي سەۋەب، ئۇلار «تۆمۈر تاۋاق، چوڭ قازان» نى ئاللا بۇرۇنلا تاشلىۋەتكەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بەزى ئورۇنلاردا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىسلاھاتنىڭ شەپىسى ئاڭلانمايدۇ، ئىسلاھاتنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ، ئۇلار «تۆمۈر تاۋاق»، «چوڭ قازان» غا چىڭ ئېسىلىۋالىدى، شۇڭا ئىشچىلارنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغالماي، ئىشلەپچىقىرىش يۈكسەلمەي، ۋەزىيەت ئوڭۇشلانماي، كارخانا ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالدى. بۇنىڭ نىجات يولى نېمە؟ ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندا، ئاندىن نىجات يولى تېپىلىدۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىسا، نىجات يولى تاپقىلى بولمايدۇ. يېزىدا شۇنداق، شەھەردىمۇ شۇنداق، جىمى ساھە، جىمى سەپ، جىمى جاي، جىمى تارماق، جىمى ئورۇندا شۇنداق.

ئىسلاھات پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن خەلقنىڭ كۆز ئالدىدىكى چوڭ ئىش، ھەممە سەپ، ھەممە كەسىپتە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بويىچە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، 12 - قۇرۇلتاي ئوتتۇرىغا قويغان كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

ئىسلاھات كىشىلەر قەلبىنىڭ تەقەززاسى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دەۋر ئېقىمى. لېكىن ھازىر ئۇنى ھەقىقىي ئەمەللەشتۈرۈش، ھەقىقىي ئۇنۇمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تېخى جىق كۈچەشكە، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئاۋال ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىككە ۋە كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قارىتىلغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى تازا كۈچەيتىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىۋى توسالغۇنى تۈگىتىش لازىم. تونۇش ئۆسكەندە، ئىدىيە ئازات بولغاندا، ئاندىن ئىسلاھاتقا ئاڭلىق، داديللىق كىرىشىپ، ئىسلاھاتتا يېڭى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، كەڭ كادىرلار قايتا ئۆگىنىش، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش، ئىدىيە جەھەتتىكى «سول» خاتالىقلارنى تازىلاش ئارقىلىق ئىدىيىۋى تونۇشنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە، ھەرىكەت جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولالىدى، نۆۋەتتىكى ئىسلاھاتتا مېڭىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئىدىيىدە ئازات بولۇپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، يول تېپىپ ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھاتنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

لېكىن قورقۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ھەر خىل ئەندىشىلەردە بولۇپ، قاراپ باقماقچى بولۇپ، نۆۋەتتىكى ئىسلاھاتقا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ قېلىۋاتقانلارمۇ بار.

بەزى يولداشلار ئىقتىسادىي ئىسلاھات قىلىمەن دەپ 4 ئاساسىي پرىنسىپتىن، سوتسىيالىزم يولىدىن چەتلەپ كېتەرمەنمىكىن دەپ قورقىدۇ. مېنىڭچە، مۇنداق ئەندىشە قىلىشنىڭ

ھاجىتى يوق، ئىسلاھات تەدبىرىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان، خەلق قۇرۇلتىيى قارار قىلغان. ھەر قايسى ساھە، ھەر قايسى سەپلەرنىڭ ئىسلاھات لايىھىسىنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئەمما تولۇق مۇزاكىرە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇرغۇن ئىسلاھات تەدبىرلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ تەستىقى بىلەن ئەمەلگە قويۇلغان. تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ سوتسىيالىزىم يولىدىن چەتلەپ كېتىشىدىن قورقۇشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. چۈنكى، ھازىرقى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى سوتسىيالىزىمنىڭ تۈپ تۈزۈمىگە قارىتىلغان ئىسلاھات ئەمەس، سوتسىيالىزىمنىڭ تۈپ تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، بەزى كونكرېت تۈزۈملەرنى تېگىشلىك دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت. ئىسلاھاتتا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە، پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس قىلىشتا، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، يەككە مۈلۈكچىلىك شەكلى، ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى، تەقسىمات شەكلى ۋە پىلانلىق باشقۇرۇش شەكلىگە كونكرېت ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىدۇ. تۈپ ئاساستىن ئېيتقاندا، بۇنداق ئىسلاھات ماھىيەتتە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىسى ھەرگىز سوتسىيالىزىم يولىدىن چەتلەشكە ئېلىپ بارمايدۇ، كارخانىلارنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، سوتسىيالىزىم بىناسىنى ئىرغىتمەيدۇ. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى پارتىيە تارىخىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار» دا كۆرسىتىلگىنىدەك: «ئانچە مۇكەممەل بولمىغان سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىز بىر قەدەر مۇكەممەل بولغىچە چوقۇم خېلى ئۇزۇن بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتىدۇ. ماناشۇ بىزدىن سوتسىيالىزىمنىڭ تۈپ تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ۋە خەلق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كونكرېت تۈزۈملەرنى تىرىشىپ ئىسلاھ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ».

يەنە بەزى يولداشلار ئىسلاھاتتىن چاتاق چىقىپ قالارمىكىن دەپ، خەۋپ - خەتەردىن قورقىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا مەلۇم دەرىجىدە خەۋپ - خەتەر بولىدۇ، لېكىن «خەۋپ - خەتەر» دىن قورقۇپ، ئىلگىرىلەشتىن توختاپ قالساق بولمايدۇ، قىيىنچىلىققا، خەۋپ - خەتەرگە توغرا قاراپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، قىيىنچىلىقنى تۈگىتىپ، شارائىت يارىتىپ، خەۋپ - خەتەرنى يېڭىشنىڭ ئامالىنى قىلىشىمىز لازىم. جاسارەتكە كېلىپ، قورقۇشنى جۈرئەت قىلىشقا ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. ئىسلاھات قىلغۇچىلارنىڭ خىسلىتى دادىل يول ئېچىش، خەۋپ - خەتەردىن ئۆزىنى قاچۇرماي، قىيىنچىلىققا قارشى يۈرۈش قىلىش. كەڭ كۆلەملىك ئىسلاھات مۇشكۈل،

مۇرەككەپ ئىدى. ئۇ ئىزگىدا پىششىق ئويلاپ ئىش قىلىشتا، ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە، بىر قەدەم مېڭىپ، ئىككى قەدەم كۆزىتىشكە، ئۈچ قەدەم ئويلاشقا، تەجرىبىلەرنى ئۆزلۈكسىز يەكۈنلەپ، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، مەركەز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا باسقۇچلۇق، تەرتىپلىك ئىش كۆرۈشنى، تېپىك سىناقتىن ئۆتكۈزۈشنى بەلگىلىدى. مانا بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتتا بىر مېڭىپ، بىر يانـدىغان ئاۋارىچىلىقنىڭ ۋە قالايمىقانچىلىقنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ھازىر ئىدىيىۋى توسالغۇنى تۈگىتىشتە، ئەڭ مۇھىمى، «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى ۋە كونىلىقتا يېپىشىۋالىدىغان ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئىدىيىسىنى تۈگىتىش لازىم. بەزى يولداشلىرىمىز كونىلىقتا، «چوڭ قازاننىڭ ئېشى» غا ئادەتلىنىپ قالغان، كونا نەرسىلەردىن كېچەلمەيدۇ، بىر ئورۇندىن قوزغالغۇسى كەلمەيدۇ. ئۇنداق قىلىش ئاسان بولىدۇ، خېيىم-خەتىرى يوق، بىرەر ئىشتا دۇچكەلگەندە، يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بولسا، شۇ بويىچە بىجىرىدۇ، بەلگىلىمە بولمىسا بىجىرمەيدۇ، ئىسلاھات جەريانىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەكشۈرمەيدۇ، تەتقىق قىلمايدۇ، ياقتۇرمايدۇ، ئۆزى ئىسلاھات قىلمايدۇ، باشقىلار قىلسا كوتىلدايدۇ، تۆرە چىقىرىدۇ. بۇنداق ئىدىيىلەر تۈگىتىلمىسە، ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئېغىر تەسىر يېتىدۇ. بۇنداق ئىدىيىلەر ئادەتتە ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيىسى دېيىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بىر مۇنچىسى «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بەزىلىرى «سول» چىل لۇشيەننىڭ مەھسۇلى. شۇڭا ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىدىن ئازات بولۇش لازىم، شۇنداق بولغاندا، ئاندىن كونىلىقنى ساقلاش ئىدىيىسىنىڭ كونا رامكىلىرىنى بۇزغىلى بولىدۇ.

ئىسلاھاتنى ياخشى ئېلىپ بېرىش رەھبەرلىككە باغلىق. شۇڭا ھەر قايسى تارماق، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، يولداش جاۋ زىياڭنىڭ 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان «ھۆكۈمەت خىزمەت دوكلاتى» نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك خاتا ئىدىيىلەرنى تۈگىتىپ، پوزىتسىيىنى توغرىلاپ، دادىل بولۇپ، ئەمەلىيەتكە چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، ئۆز ئورنىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى مەسىلىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئىگىلەپ، ئاممىنىڭ ئىسلاھات توغرىسىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئۆز ئورنىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى ۋە ئىزدىنىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئىسلاھاتنىڭ ئىلگىرى سۈرگۈچىلىرى ۋە باشلامچىلىرىدىن بولۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى ئىسلاھاتنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

# سوتسىيالىستىك ئىستېمالغا توغرا مۇئامىلە قىلىش كېرەك

شېڭ مىڭ    ۋېن يىگەن

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» دا: «ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى بويىچە، ئىشلەپچىقىرىش پۈتكۈل ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم ئامىل، ئۇ ئىستېمالنى بەلگىلەيدۇ. ئىستېمالنىڭ ئېشىشى ئۆز نۆۋىتىدە يېڭى ئىجتىمائىي تەلەپلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغان، كەڭ بازارلارنى ئاچىدىغان، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قۇدرەتلىك تۈرتكە بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىستېمال ئۆز نۆۋىتىدە ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگىلەيدۇ. بىز ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇش ۋە جۇغلانما بىلەن ئىستېمالنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى كىرىمىنى، خەلقنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنى پەيدىن - پەي كۆپەيتىپ ئۆستۈرۈپ بېرىشىمىز لازىم. ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئىمكانىيىتىگە قارىماي، ئىستېمال تەلەپنى بەك يۇقىرى قويۇش توغرا ئەمەس؛ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى يول قويىدىغان دائىرىدە ئىستېمالنى مۇۋاپىق كۆپەيتمەي، ئۇنى ھەددىن چەكلەشمۇ توغرا ئەمەس» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ — سوتسىيالىستىك ئىستېمالغا توغرا مۇئامىلە قىلىش ھەققىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئىلمىي ھۆكۈم.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش، ئىستېمالدىن ئىبارەت 4 ھالقا بىر - بىرىگە باغلانغان بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدە. ئىشلەپچىقىرىش بولسا باشلىنىش نۇقتىسى، ئۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ؛ تەقسىمات بىلەن ئالماشتۇرۇش بولسا ئارىلىقتىكى ھالقا، ئىستېمال بولسا ئاخىرقى نۇقتا يەنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى بولۇپ، ئۇ يەنە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى سۈپىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنىڭ بىرلىكى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ماركس ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشلەپچىقىرىش ئىستىمالى ۋە شەخسىي ئىستىمال دەپ ئىككى تەرەپكە ئايرىيدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا باغلانغان بولۇپ، بىر بىرىدىن ئاجرالمايدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، ئىستىمال ۋاستىلىرى مەيلى ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى ئارقىلىق ئەمگەكچىلەرگە بىۋاستە تەقسىم قىلىپ بېرىلسۇن، ياكى ئىجتىمائى ئەمگەك سۇغۇرتىسى ۋە كوللېكتىپ پاراۋانلىق يولى بىلەن ئەمگەكچىلەرگە ۋاستىلىق يوسۇندا يەتكۈزۈپ بېرىلسۇن، شەخسىي ئىستىمال ئاخىرقى ھىساپتا پۈتۈن جەمئىيەتتىكى شەخسلەرنىڭ جىسمانى ۋە ئەقلىي قۇۋۋىتىنى ئەترابلىق راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

سوتسىيالىزم شارائىتىدا، تۇرمۇش ئېھتىياجى سۈپىتىدىكى شەخسىي ئىستىمال سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىۋاستە مەقسىدى ياكى ئاخىرقى مەقسىدى، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەنزىلى ھىساپلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، شەخسىي ئىستىمال قاندۇرۇلمايدىكەن، ئىشلەپچىقىرىش ھەر قانچە ياخشى ئېلىپ بېرىلغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە ئېلىمىزدە چوڭقۇر ساۋاقلار بولۇپ ئۆتكەن. شۇڭا، شەخسىي ئىستىمالنى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ تۈپ ئىپادىسى ياكى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ بىۋاستە تۈرتكىسى دەپ ئېيتساقمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەن بولمايمىز. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، شەخسىي ئىستىمال سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مۇھىم شەرت، ئۇ ھەرگىز بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى سوتسىيالىزمنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرنىڭ شەخسىي ئىستىمالىغا كۆڭۈل بۆلۈش — سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ تۈپ تەلىپى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ خاراكتېرىنىڭ تۈپ بەلگىسى. شۇڭا، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش — بارلىق ئىقتىسادىي خىزمەتلىرىمىزنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەنزىلى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى ئاساسدۇر. مانا بۇ، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ شەخسىي ئىستىمال بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ئويلىشىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بەلگىلىگەن.

ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرى ياراتقان سوتسىيالىستىك مىللىي دارامەت سوتسىيالىستىك شەخسىي ئىستىمالنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مەنبەسى بولغاچقا، سوتسىيالىستىك ئىشلەپ-

چىقىرىشنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى، مىللىي دارامەتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، سوتسىيالىستىك شەخسىي ئىستېمال سەۋىيىسىمۇ مۇقەررەر يوسۇندا، سۇ كۆپەيسە كېمە ئۆرلىگەندەك، داۋاملىق ئۆسۈش ۋەزىيىتى ۋۇجۇتقا كەلدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ كېلىۋاتقانلىقى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. 1982 - يىلنى 1952 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا، ئېلىمىز نوپۇسىدا 440 مىليون كىشى ئەڭ كۆپەيگەن ئەھۋالدا، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىستېمال سەۋىيىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1·44 ھەسسە ۋە 1·18 ھەسسە ئۆسكەن. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 359 جىڭدىن 451 جىڭغا، ئوزۇقلۇق ياغ 4·2 جىڭدىن 7·1 جىڭغا، گۆش 11·8 جىڭدىن 23·5 جىڭغا، يىپ رەخت 17·1 چىدىن 30 چىغا، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى 28·8 يۈەندىن 51·1 يۈەنگە كۆپەيگەن. شىنجاڭ گەرچە «كونا رايون، ئازسانلىق مىللەت رايونى، چېگرا رايون، نامرات رايون» بولسىمۇ، لېكىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى يەنە ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ كەلمەكتە، 1980 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە بولغان 3 يىل ئىچىدىلا، يېزىلاردىكى گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن نەق پۇل كىرىمى 124·67 يۈەندىن 196·25 يۈەنگە، ئوزۇقلۇق ئاشلىق 425·98 جىڭدىن 431·06 جىڭغا، ئوزۇقلۇق ياغ 3·66 جىڭدىن 3·96 جىڭغا، گۆش 19·96 جىڭدىن 22·06 جىڭغا يەتكەن، پاختا رەخت ئىستېمالىمۇ كۆپىيىپ، كىشى بېشىغا 17·84 چىدىن توغرا كەلگەن.

ھالبۇكى، سوتسىيالىستىك شەخسىي ئىستېمالنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىمۇ مۇئەييەن قانۇنىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ ھەممىدىن ئاۋۋال سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سوتسىيالىستىك ئىستېمالدىن ئىبارەت زىددىيەت ھەركىتى داۋامىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ھەل قىلغۇچ مەقسىتى قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەت پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىش پىرىنسىپى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئۇلارنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرىدۇ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىنى نىسبەت بويىچە راۋاجلاندۇرىدۇ، ئىستېمال بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىشنى ئىستېمال ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى ئاساسىدا، كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك شەخسىي ئىستېمالنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش سوتسىيالىستىك ئىستېمالنى بەلگىلەيدۇ. لېكىن يەنە

بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك شەخسىي ئىستېمال سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشقا پائال يېتەكچىلىك بىلەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەت جۇغلانما بىلەن ئىستېمالنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىنى، شەخسىي ئىستېمال فوندى بىلەن ئىجتىمائىي ئىستېمال فوندىنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىنى، پىلانلىق تۈردە ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىستېمال قۇرۇلمىسىنى ئىلمىي يوسۇندا بەلگىلەش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك شەخسىي ئىستېمال جەريانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەم سوتسىيالىستىك تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشالايدىغان ۋە ئەتراپلىق يېتىلگەن كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ، ھەم سوتسىيالىستىك تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەل قىلغۇچ تۈرتكىسى بولغان ئىجتىمائىي ئېھتىياجنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرىمىزكى، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۆز نۆۋىتىدە سوتسىيالىستىك ئىستېمالنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ۋاھالەنكى، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك شارائىتىدا، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سوتسىيالىستىك ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئانتاگونىزىمسىز زىددىيەت بولۇپ، سوتسىيالىستىك شەخسىي ئىستېمال دەل ئەنە شۇ ئانتاگونىزىمسىز زىددىيەت ھەرىكىتى داۋامىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، خىزمەتتىكى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن، مەسىلەن، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىدىغان ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنىڭ ئاسارىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، تاۋار ئىگىلىكىنى ۋە قىممەت قانۇنىنى ئىنكار قىلىپ، بازارنىڭ تەڭشەش رولىنى ئىنكار قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنىڭ نىسبىتىنى بۇزۇپ، سوتسىيالىستىك شەخسىي ئىستېمالنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەردى. گەرچە بۇ ھال سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆزىدىكى ئىللەت بولمىغاچقا، ئۇنى پىلان تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، جۇغلانما بىلەن ئىستېمالنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىنى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىنى ئاڭلىق ھالدا تەڭشەش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولسىمۇ، لېكىن بۇ سوتسىيالىستىك شەخسىي ئىستېمالنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يەنە مۇئەييەن قائىدە ۋە مىزاننىڭ بولۇشى زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئەمگەكچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن

ئورتاق ئەمگەك قىلىشنى بەلگىلىگەن. ئۇلار ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش پىرىنسىپىغا ئاساسەن، ھەر قايسى ئۆزىنىڭ سەرپ قىلغان ئەمگەك مىقدارىغا لايىق ئىستېمال بۇيۇملىرىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىستېمال ئېھتىياجىنى قامدايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىستېمالىدىمۇ تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى ھېسابتا، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەقسەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. دېمەك، ئىشلەپچىقىرىشنى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىدى بويىچە تەڭشەپ، ئاخىرقى ھېسابتا سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سوتسىيالىستىك ئىستېمالنىڭ ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان قائىدىسى ۋە مىزانى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك ئىستېمالنىڭ فورمىسى ھېسابلىنىدۇ.

روشەنكى، ئېلىمىزدەك بۇنداق نوپۇسى كۆپ، ئىستېمال مىقدارى زور، ماددىي ئاساسى ئاجىز سوتسىيالىستىك مەملىكەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئىستېمالىنى سوتسىيالىستىك ئىستېمالنىڭ قائىدىسى بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەك.

ئالدى بىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ۋە سانائەت قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىپ، جەمئىيەتنى كۈنسايىن مول ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق خەلقنىڭ شەخسىي ئىستېمال ئېھتىيا- جىنى قاندۇرۇش لازىم. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 30 نەچچە يىل ماباينىدا، مەملى- كىتىمىزنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ھەمدە مىللىي دارامەتنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىگىلىك قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق بولغانلىقتىن، يەنى «پولاتنى تۇتقا قىلىش» تەكىتلىنىپ، ئېغىر سانائەت بىر تەرەپلىمە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېنىك سانائەت، ئېغىر سانائەت بۇ ئۈچىنىڭ مۇناسىۋىتى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ قويۇلغانلىقتىن، سانائەت قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق بولغانلىقتىن، يەنى «ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش» بىر تەرەپلىمە تەكىتلىنىپ، كۆپ خىل ئىگىلىككە سەل قارالغانلىقتىن، يېنىك سانائەتتە توقۇمىچىلىق سانائىتىگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئوزۇق-تۈلۈك سانائىتىگە سەل قارالغانلىقتىن، خەلق ئىگىلىكىدە كۆپ قېتىم نىسبەت بۇزۇلۇش يۈز بېرىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن يەتكۈزۈپ بېرىلگەن ئاخىرقى مەھسۇلات مىقدارى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي، خەلقنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى تېگىشلىك دەرىجىدە ئۆسەلمىدى. 1950 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە، سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي

مەھسۇلات قىممىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 9.4% تەن، مىللىي دارامەت ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 7.3% تىن ئۆسكەن، لېكىن كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىستېمال فوندى 1952 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا ئاران 2.5% ئۆسكەن، دېمەك ئىستېمال فوندىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە مىللىي دارامەتنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىدىن كۆپ ئارقىدا قالغان. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەشنىڭ «4 سۆزلۈك» فاڭجېنىنى دەل ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويدى، پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە مەملىكىتىمىزنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى تۈزۈپ چىقتى، يېزا ئىگىلىكى، ئېنېرگىيە ۋە قاتناش، مائارىپ ۋە پەن تەتقىقاتىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ئۈچ مۇھىم نۇقتىنى بەلگىلىدى، شۇ ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ۋە سانائەت قۇرۇلمىسى پەيدىن - پەي تەڭشەلدى، ئاخىرقى مەھسۇلات بىلەن تەمىن ئەتكۈچى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى بىر قەدەر تېز راۋاجلىنىپ، خەلقنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ماددىي ئاساس يارىتىلدى. مەسىلەن، 1983 - يىلدىكى سانائەت - يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە يېزا ئىگىلىكنىڭ نىسبىتى 1978 - يىلدىكى 27.8% تىن 33.9% كە ئۆسكەن، يېنىك سانائەتنىڭ نىسبىتى 31.1% تىن 32.1% كە ئۆسكەن، ئېغىر سانائەتنىڭ نىسبىتى 36.5% تىن 34% كە چۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىمۇ ئۆسمەكتە، 1979 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسىنىڭ كىشى بېشىغا بەرپ قىلىدىغان كىرىمى (تۇرمۇش خىراجىتىدىكى باھانىڭ ئۆسۈش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن) ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 7.4% تىن ئۆسكەن، دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى يىلىغا 18.3% تىن ئۆسكەن.

ئىككىنچىدىن، ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئىستېمالىنى سوتسىيالىستىك ئىستېمال قائىدىسى بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىستېمال قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئىستېمال جەريانىدا شەكىللەنگەن ئوخشاش بولمىغان تىپلاردىكى ئىستېمال ۋاستىلىرىنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتى يەنى ئىستېمال قۇرۇلمىسى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىرقى باسقۇچتا، ئېلىمىزنىڭ نوپۇسى كۆپ، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن، خەلقنىڭ دارامىتى ئازراق بولغانلىقتىن،

ئاھالىنىڭ ئەمەلىي ئىستېمال چىقىمىنىڭ قۇرۇلمىسىنى يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئۆي جاي، تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق تەرتىپ بويىچە بەرپا قىلىش بىر قەدەر مۇۋاپىق. سانائەت قۇرۇلمىسىنى مانا مۇشۇ قۇرۇلما بويىچە تەڭشىگەندە، ئاندىن ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. 1952 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە، باھادىكى ئۆزگىرىش ئامىلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يېمەك - ئىچمەك نىسبىتى 56.5% تىن 51.2% كە چۈشكەن، كىيىم - كېچەك نىسبىتى 19.3% تىن 23.1% كە، تۇرمۇش بۇيۇملىرى نىسبىتى 20.9% تىن 22% كە كۆتۈرۈلگەن. ئىستېمال قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى ئۆسمەكتە، تاماق ۋە كىيىم مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى. 1983 - يىلى مەملىكىتىمىز بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق (دادۇر ۋە خوڭشۇ بۇنىڭ سىرتىدا) 340 كىلوگىرامغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 80% ئۆسكەن، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن پاختا 4.5 كىلوگىرامغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 4.5 ھەسسە ئۆسكەن. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تاماق ۋە كىيىم مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى، شىنجاڭدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ 1982 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىقى 431.6 جىڭ بولۇپ، 1980 - يىلدىكىدىن 5.62 جىڭ ئۆسكەن، شىنجاڭدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىيىملىك رەختنىڭ ئىستېمال مىقدارى 25.09 چىمغا يەتكەن.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى يەنە تۈرلۈك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ يەككە خىللىقتىن كۆپ خىللىققا، تۆۋەن سۈپەتتىن ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى سۈپەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. 1952 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە، ئېلىمىزنىڭ ئوزۇقلۇق ئىستېمالىدا، ئاساسىي يېمەكلىك 2 ھەسسە ئۆسكەن، قوشۇمچە يېمەكلىك ۋە باشقا يېمەكلىكلەر 6.4 ھەسسە ئۆسكەن؛ كىيىملىك تاۋارلار ئىچىدە پاختا رەختنىڭ نىسبىتى 61.4% تىن 27.5% كە چۈشكەن، يۇقىرى سۈپەتلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىدىن خىمىيىۋى تالالىق رەختنىڭ نىسبىتى گويا كى نۆلدىن 24.1% كە ئۆسكەن؛ تۇرمۇشقا لازىمەتلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى ئىچىدە چىداملىق ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ نىسبىتى 2.2% تىن 24.2% كە كۆتۈرۈلگەن، ئادەتتىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ نىسبىتى 81.8% تىن 52.7% كە چۈشكەن.

ئۈچىنچىدىن، ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئىستېمالىنى سوتسىيالىستىك ئىستېمال قائىدىسى بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىستېمال ئۇسۇلىنى بەرپا قىلىش كېرەك. شەخسىي ئىستېمال بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىستېمالى سوتسىيالىستىك ئىستېمالنىڭ ئىككى خىل ئاساسىي ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلغاندىلا، ئاندىن خەلقنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 30 يىل داۋامىدا، ئىستېمالنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەنگەنلىكى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىستېمالى نامۇۋاپىق ھالدا راۋاجلاندۇرۇلۇپ، شەخسىي ئىستېمال قىسىپ قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، خەلقنىڭ بىۋاسىتە ئىستېمال سەۋىيىسى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا، مىللىي دارامەتنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تېزرەك ئۆسەلمىدى، نەتىجىدە خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمگەك ئاكتىپلىقىغا دەخلى يەتتى.

يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، سوتسىيالىستىك ئىستېمال مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىپ، خەلقنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئىستېمال توغرىسىدىكى كونا قاراشنى تۈگىتىپ، سوتسىيالىستىك ئىستېمال قارىشىنى تۇرغۇزۇش كېرەك:

(1) ئەمگەكچىلەر سوتسىيالىستىك ئىستېمالنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى دېگەن قاراشنى تىكلەش لازىم. ئەمگەكچىلەر جەمئىيەتنىڭ خوجايىنى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خوجايىنى، ئۆز ئەمگىكى ۋە ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ ئىگىسى بولغان ئىكەن، تەبىئىيكى، ئۇلاردا ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى — تۈرلۈك ئىستېمال ۋاسىتىلىرى ۋە ئەمگەك - مۇلازىمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئەمگەكچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئىستېمال جەريانىدىكى خوجايىنلىق ئورنىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئەمگەكچىلەر ئالىي دەرىجىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ دەيدىغان ۋاقتى ئۆتكەن كونا قاراشلارنى تۈگىتىش كېرەك.

(2) ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش لازىم دېگەن قاراشنى تىكلەش كېرەك. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» دا: ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش شەرتى ئاستىدا، خەلقنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنى پەيدىن - پەي كۆپرەك ئۆستۈرۈپ بېرىش لازىم، «ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئىمكانىيىتىگە قارىماي، ئىستېمال تەلىپىنى يۇقىرى قويۇش توغرا ئەمەس؛ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى يول قويغان دائىرىدە ئىستېماللىنى مۇۋاپىق كۆپەيتمەي، ئۇنى

ھەدەپ چەكلەشمۇ توغرا ئەمەس» دەپ ياخشى ئېيتىلغان. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى سۈنئىي ھالدا چەكلەش ياكى جۇغلانمىنى نامۇۋاپىق ھالدا تەكىتلەپ، ئىستېمالغا سەل قاراش، ئاددىي-ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ھەدەپ تەشەببۇس قىلىش — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پايدىسىز.

(3) ئەمگەك دارامىتىنىڭ پەرقلىق بولۇشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىستېمال سەۋىيىسىدىكى پەرقنىڭ بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق دېگەن قاراشنى تىكلەش كېرەك. شۇنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىش لازىمكى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئۆز ئەزالىرىنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنى پەيدىن-پەي ئۆستۈرۈپ، ئورتاق بېيىش نىشانىغا يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ، لېكىن ئورتاق بېيىش ھەرگىز تەپ-تەكشى بېيىش دېگەن سۆز ئەمەس. بىر قىسىم كىشىلەر ئاۋۋال بېيىغاندىلا، ئاندىن بارغانسېرى كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئورتاق بېيىش يولىغا قاراپ مېڭىشقا يېتەكلىگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەقسىمات ۋە ئىستېمال مەسىلىسىدىكى تەڭ تەقسىماتچىلىق ئىدىيىسىنى تۈگىتىش لازىم، چۈنكى «بۇنداق تەڭ تەقسىماتچىلىق ئىدىيىسى ماركسىزمنىڭ سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى ئىلمىي نۇقتىئىنەزىرى بىلەن زادى سىغىشالمايدۇ.»

(4) جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىستېماللىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ئاساسىدا پەيدىن-پەي كېڭەيتكىلى بولىدۇ دېگەن قاراشنى تىكلەش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە مىللىي دارامەتنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىستېماللىنى مۇناسىپ ھالدا پەيدىن-پەي كېڭەيتىش — ئىستېماللىنىڭ ئىجتىمائىيلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەخسىي ئىستېمال بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىستېماللىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش لازىم دېگەن قاراشنى تىكلەشتە، شەخسىي ئىستېماللىنىلا كۆزدە تۇتۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىستېماللىنى نەزەرگە ئالمايدىغان تار كۆز قاراشنى تۈگىتىش، شۇنىڭدەك، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە مىللىي دارامەتنىڭ ئېشىش ئەھۋالىغا قارىماي، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىستېماللىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەيدىغان «سول» چىل ئىدىيىگىمۇ قارشى تۇرۇش كېرەك.

(5) سوتسىيالىستىك ئىستېمال مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم دېگەن قاراشنى تىكلەش كېرەك. ئەمگەكچىلەرنىڭ ماددىي ئىستېماللىنى كاپالەتلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىدىيە-مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى

ئىستېمالغا بولغان ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئۇسۇلى ۋە ئەدەپ - ئەخلاق كۆز قاراشلىرىنىمۇ مۇناسىپ ھالدا راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشالايدىغان ۋە تەراپلىق يېتىلگەن ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىستېمال، گۈزەللىك ۋە بەخت - سائادەت توغرىسىدىكى كونا، فېئوداللىق ۋە كاپىتالىستىك قاراشلارنى تۈگىتىپ، سوتسىيالىستىك ئىستېمال قارىشى، گۈزەللىك قارىشى ۋە بەخت-سائادەت قارىشىنى تىكلەش لازىم.

(6) يەنە شۇنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، ھازىرقى باسقۇچتا، ئىستېمالنى ھەدەپ چەكلەش توغرا ئەمەس. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى يول قويغان دائىرىدە ئىستېمالنى مۇۋاپىق تۈردە كۆپەيتكەندىلا، ئاندىن 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشالايدىغان ئەتراپلىق راۋاجلانغان ئەمگەكچىلەرنى تېخىمۇ ئوبدان يېتىشتۈرۈپ چىققىلى، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرگىلى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايەن قىلغىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئىستېمال دېگەنلىك ھەرگىز ئىسراپ قىلىش دېگەنلىك ئەمەس، بىزنىڭ ئىستېمالىمىزدا ئىسراپچىلىق قىلىشقا، چەكسىز سەرپ قىلىشقا بولمايدۇ، بۇزۇپ - چېچىشقا تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش شەرتى ئاستىدا، چىقىم قىلىش ئىقتىدارى بولغان ئىستېمال رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ. بۇ جەھەتتە ھەم ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىستېمالنى بوغۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك، ھەم ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىدىن ھالقىغان ئىستېمال كۆپتۈرمىچىلىكى ۋە كۆز ئالدىدىكىنىلا نەزەردە تۇتۇپ، يىراقنى كۆزدە تۇتماسلىقتەك ئىككى خىل خاھىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئىستېمالنى مەقسەتلىك ۋە مۇۋاپىق ھالدا يېتەكلىمىسەك، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئىستېمالنى پىلانلىق ۋە قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇپ، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنى پەيدىن - پەي بېيىتىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېمەك-كىيمەكلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، كونىلىرىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى ئالماشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز، بولۇپمۇ بازار ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىش ئىشىنى دىققەت بىلەن ئوبدان ئىشلەپ، ئىستېمالدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار ۋە داڭلىق مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى كەڭ ئىستېماللىچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئەڭ

( داۋامى 38 - بەتتە )

# پارتىيەمىزنىڭ مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى — ماركسىزىم-لېنىنىزىمنىڭ مىللى مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيەسىنى ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈشنىڭ نەمۇنىسى

تووتارۋان

## 1

ماركسىزىم-لېنىنىزىم زامانىمىزدىكى مۇھىم ئىجتىمائى ھادىسە ۋە ئىجتىمائى ئازاتلىقنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى بولغان مىللى مەسىلىگە ۋە ئۇنى ھەل قىلىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ مەسىلىنى كۆپ كۈچ چىقىرىپ تەتقىق قىلدى. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» دە بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى، شارائىتىنى ۋە ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى يورۇتۇپ بەردى. لېنىن جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى مىللى مەسىلىنى ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، مىللى مەسىلىنى نەزەرىيە، سىياسەت ۋە تاكتىكا جەھەتلەردىن سىستېمىلىق ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى يورۇتتى. لېنىننىڭ مىللى مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرى ۋە سىياسەتلىرى لېنىنىزىمنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى بولۇپ قالدى.

ماركسىزىم-لېنىنىزىمنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە مىللى مەسىلىنى دۆلەت شەكلى ئارقىلىق ھەل قىلىشتىكى توغرا يولى — تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋە سوتسىيال شوۋىنىستلارنىڭ «مەدەنى ئاپتونومىيە»سىگە قارشى قويۇلغان دېموكراتىك شەكىل، «مىللى مەدەنى ئاپتونومىيە» ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىغا باقماي، بىر دۆلەت ئىچىدىكى بىر مىللەتنى بىر پۈتۈن گەۋدە ھېساپلاپ، ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇخىل ئاپتونومىيە ئاتالمىش مەدەنىيەت بىلەنلا چەكلەنگەن ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى خاراكتېرىدا بولىدۇ-دە، ئۇنىڭ سىياسى ھاكىمىيىتى بولمايدۇ. بۇنداق ئاپتونومىيە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى، ئۆز ئۆزىگە

خوجا بولۇشىنى، تەرەققىياتىنى، گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس.

تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ قانداق شەكىلدە بولۇشىنى ھەر دۆلەتنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بەلگىلەيدۇ. بۇ توغرىدا ۋ. ئى. لېنىن مۇنداق دەيدۇ: «ماركسىزم نەزەرىيىسى ھەر بىر ئىجتىمائىي مەسىلىنى تەكشۈرگەندە، ئەلۋەتتە، مۇئەييەن تارىخىي دەۋرنىڭ ئۆز دائىرىسىدە تەكشۈرۈشنى، كېيىن ئەگەر گەپ بىر مەملىكەت ئۈستىدە بولسا (مەسىلەن، بىر مەملىكەت ئۈچۈن مىللىي مەسىلە پىروگراممىسى توغرىسىدا بولسا)، گەرچە تارىخىي دەۋر بىر بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەملىكەتنىڭ باشقا مەملىكەتلەردىن پەرقىنى كۆرسىتىدىغان كونكرېت خۇسۇسىيەتلەرنى ئېتىبارغا ئېلىشنى قەتئىي شەرت قىلىپ قويىدۇ»①. دېمەك مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، جۇملىدىن ئاپتونومىيە شەكلى جەھەتتە ھەممە دۆلەتكە باپ كېلىدىغان ئەندىزىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ھەممىگە باپ كېلىدىغان ئەندىزىنى تەلەپ قىلىش نەزەرىيە جەھەتتە دوگماتىزىملىق، سىياسىي جەھەتتە پۈرسەتپەرەسلىك، ئەمەلىيەت جەھەتتە ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغانلىق بولىدۇ. ئەگەر بۇ تەلەپنى چوڭ دۆلەتتىكى پرولېتارىيات پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، چوڭ دۆلەت شوۋىنىزىملىقى بولىدۇ.

كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرگە بەرگەن ئاپتونومىيىسى، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئوخشاش ئەمەس. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشاش بەزى دۆلەتلەر ئىتتىپاقداش ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قوللاندى. بۇنى روسىيىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بەلگىلىدى. روسىيىنىڭ شۇ چاغدىكى كونكرېت ئەھۋالى توغرىسىدا ۋ. ئى. لېنىن مۇنداق دېگەن ئىدى: «روسىيە — چوڭ رۇسلاردىن ئىبارەت بىر مىللىي مەركىزى بولغان دۆلەتتۇر. چوڭ رۇسلار ناھايىتىمۇ چوڭ ۋە بىر پۈتۈن تېررىتورىيىنى

---

يۇقۇرى چەككە قەدەر ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، تاۋارلارنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە بازارغا چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە تېخنىكا جەھەتتىكى مۇلازىمەت ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، ئۈچىنچى سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ ئەتراپلىق يۇقۇرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە باياشات، بەختىيار سوتسىيالىستىك داغدام يولدا پۈختا قەدەم بىلەن ئورتاق ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

ئېزىز يۈسۈپ تەرجىمىسى

تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سانى 70 مىليونغا بارىدۇ. بۇ مىللىي دۆلەتنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، بىرىنچىدىن، باشقا مىللەتلەر (ئۇلار ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكىنى، يەنى 57 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ) چەت ئۆلكىلەردە تۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ باشقا مىللەتلەر باشقا خوشنا دۆلەتلەردىكىدىن (ھەتتا ياللۇز ياۋروپادىكى دۆلەتلەردىنلا ئەمەس، بەلكى باشقىلاردىنمۇ) خېلى قاتتىق ئېزىلگەن، ئۈچىنچىدىن، نۇرغۇن ھاللاردا چەت ئۆلكىلەردە ياشىغۇچى مەزلۇم خەلقلەرنىڭ چېگرىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە مىللەتداشلىرى بولۇپ، ئۇلار مىللىي جەھەتتىن خېلى مۇستەقىلدۇر (مەسىلەن روسىيە دۆلىتىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي چېگرىسىدىكى فىنلاندلار، شۋېتلار، پولەكلەر، ئۇكرائىنلار ۋە رۇمىنلارنى ئەسكە ئالساقمۇ كۇپايە)؛ تۆتىنچىدىن، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي دەرىجىسى دۆلەتنىڭ مەركىزىگە قارىغاندا باشقا مىللەتلەر ياشايدىغان جايلاردا يۇقۇرىراقتۇر؛ ئاخىرىدا يەنە شۇنىسى باركى، روسىيىگە خوشنا بولغان ئاسىيا دۆلەتلىرىدە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ۋە مىللىي ھەركەتلەر دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ۋە مىللىي ھەركەتلەر شۇ خەلقلەرنىڭ روسىيىدە ياشىغۇچى قېرىنداشلىرى ئارىسىغىمۇ يېيىلماقتا.» ② لېنىن دەسلەپتە مەركەزلەشكەن بىر پۈتۈن دۆلەت شەكلى ۋە تۈزۈمىنى ياقلاپ، ئىتتىپاق قىلىش دۆلەت تۈزۈمىگە قارشى چىققان ئىدى. لېكىن روسىيىنىڭ 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىجتىمائىي كىرىزىستىن پەيدا بولغان مىللىي مۇناسىۋىتى ۋە دۆلەت ئەھۋالى روسىيىدە مىللىي مەسىلىنى ئىتتىپاق قىلىش دۆلەت تۈزۈمىنى قوللىنىش يولى بىلەن ھەل قىلماي بولمايدىغان قىلىپ قويدى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدى - كەينىدە روسىيە چېگرىسىدىكى بىر مۇنچە مىللەتلەر روسىيىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە روسىيە نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنى، مىللىي دۆلەتلەرنى مۇستەملىكە قىلىۋالغان زالىم جاھانگىر مۇستەملىكىچى، چوڭ رۇسچى، چوڭ دۆلەت شوۋىنىزمچى دۆلەت ئىدى. روسىيە كوممۇنىستلىرى بۇ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن چار روسىيىنىڭ مىللىي زۇلۇمغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشىنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى. لېكىن چارىزمنىڭ يوقۇلۇشى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئورنىتىلىشى روسىيىدىكى مىللەتلەرنى قايتىدىن بىرلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۆلۈنۈپ كەتكەن ھەممە بۇرۇن بۆلۈنۈشنى تەلەپ قىلىپ ھەركەتلىنىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ پرولېتارىياتى بىلەن ئەمگەكچىلەر ئامىسى روسىيە پرولېتارىياتى بىلەن بىرلىشىشنى ئارقا - ئارقىدىن تەلەپ قىلدى. بۇنداق بىرلىشىش ئۈچۈن قانداق شەكىلنى قوللىنىش

لازىم دىگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلادى. بۇنداق يېڭى شارائىتتا روسسىيە كومپارتىيىسى ۋە لېنىن ئىختىيارىي بىرلىشىشنى، بۇنداق ئىختىيارىي بىرلىشىشنىڭ دېموكراتىك دۆلەت شەكلى بولغان ئىتتىپاق تۈزۈمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تولۇق ئىختىيارلىق ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلۇشنى تەشەببۇس قىلىش جەھەتتە لېنىننىڭ بىر ھەركىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئىتتىپاق تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا دەسلەپ سوۋېت كومپارتىيىلى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەخسۇس كومىسسىيىسى تەييارلىغان لايىھەدە مىللەتلەر سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاپتونومىيە ئاساسىدا كىرىش يولى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. لېنىن بۇ لايىھەنى چوڭ رۇسچىلىق شوۋىنىزىمى دەپ قاتتىق تەنقىت قىلىپ، بارلىق سوۋېت جۇمھۇرىيەت- لىرىنىڭ جۈملىدىن رسفسر نىڭمۇ تەڭ ھوقۇقلۇق ئاساستا يېڭى دۆلەت سۇستاۋىغا — سوۋېت جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىغا ئىختىيارىي يوسۇندا بىرلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى③. شۇنىڭ بىلەن رۇس مىللىتى ياشايدىغان مەركىزىي رايون — رسفسر ۋە باشقا مىللىي سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرى شەرتنامە ئارقىلىق بىرلىشىپ — سوۋېت جۇمھۇرىيەت- لىرى ئىتتىپاقىنى قۇردى.

1922 - يىلى دەسلەپ رسفسر، ئۇكرائىنا سسر، بېلوروسسىيە سسر ۋە زاكاۋكازىيە بىرلەشتى. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە باشقا جايلاردا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر داۋاملىق بەرپا بولدى. ئاخىرى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بالتىق دېڭىزى بويىدىكى لاتۋىيە، لىتۋىيە، ئېستونىيە جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىرلەشتۈرۈش ئىشى تاماملاندى. بۇنىڭغا 30 يىل ۋاقىت كەتتى.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، لېنىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى قۇرغاندا، ھوقۇق كۆپىنچە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردە بولىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرسىلا كۇپايە دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان ئىدى. كېيىن بەزى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ داۋاملىق ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت بولۇشى ۋە پرولېتارىيات مەنپەئەتىنىڭ بىرلىكى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كاپىتالىزىم قورشاۋىدا تۇرۇشى سەۋەبىدىن چوڭ ھوقۇق بارغانسېرى سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە مەركەزلىشىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى نامىدا ئىتتىپاق تۈزۈمىدىكى دۆلەت دېيىلگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە بىر پۈتۈن مەركەزلەشكەن دۆلەتتىن ماھىيەتلىك پەرقى يوق بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇ ئاساسەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ بىر شەكلىدىن ئىبارەت خالاس.

يۇگوسلاۋىيىدە 4 ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت ۋە 3 ئاپتونوم ئۆلكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىتتىپاقداش دۆلەت تۈزۈمىنى قۇردى. بۇنىڭدىن باشقا كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردىمۇ مىللىي ئاپتونومىيىنىڭ ئۆزىگە خاس ھەر خىل شەكىللىرى بار. بۇلارنىمۇ شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بەلگىلىگەن.

## 2

جۇڭگو ئۇزاق تارىختىن بۇيان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ كەلدى. ئۇزۇن تارىخىي جەريان ۋە تارىخىي تەرەققىيات ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى، مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىنى، مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتلەرنى ۋە مىللەتلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئەھۋاللار ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ئويلىشىش ۋە ھەل قىلىشتىكى چىقىش نۇقتىسى بولىدۇ. ئېلىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئەھۋالى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېلىمىزنىڭ تارىخىدا سىياسىي ھاياتىدا، سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە ۋەتەننى قوغداشتا ئالاھىدە ئورنى ۋە رولى بارلىقىنى بەلگىلىگەن. ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر بىرىگە ئالاقىدار ھەمدە بىر بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىككى مۇھىم ئىش قىلىش لازىم بولىدۇ: 1) مىللەتلەرنى چەتئەللىك، گومىنداڭنىڭ ۋە مىللەتلەر ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپلارنىڭ ئېزىشى ۋە ئېكسپلاتاتسىيىسىدىن ئازات قىلىپ، سىياسىي جەھەتتىن باراۋەر ئورۇنغا ئىگە قىلىش؛ 2) مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىزگە مىراس بولۇپ قالغان ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىكنى تۈگىتىش، ھەممە مىللەتلەرنى ئىلغار، مەدەنىيەتلىك مىللەتكە ئايلاندۇرۇشيەنى ئىككى باراۋەرلىك — سىياسىي باراۋەرلىك بىلەن ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم. بۇ ئىككى مۇھىم ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارنى كەڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلىش كېرەك. ۋ. ئى. لېنىن ئېيتقاندەك: دېموكراتىيە دېگىنىمىز — دۆلەت شەكلىدىن ئىبارەت ④. شۇڭا سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقى دېگىنىمىز ئەمەلىيەتتە ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئورنى بىلەن رولىدىن ئىبارەت. بۇ مۇنداق ئىككى يول بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ: 1) ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاساسىي مىللەت—خەنزۇلار بىلەن بىللە مەركىزىي دۆلەت ھاكىمىيىتىگە ياكى مەلۇم يەرلىك ھاكىمىيەتكە قاتنىشىشى لازىم. 2) مەلۇم جايدا نىسبەتەن توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر، ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان مەلۇم مىللىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن

بەھرىمەن بولۇشى لازىم. ئېلىمىزدە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ پورولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدىكى بۇ ئىككى خىل ھوقۇقى ئاساسىي قانۇن ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىدا ئېنىق بەلگىلەندى.

نىمە ئۈچۈن ئېلىمىز مىللەتلىرىنىڭ پورولېتارىيات شارائىتىدا ئالاھىدە ئورنى ۋە رولى بولۇشى لازىم. ئەڭ مۇھىم ئامىللار مۇنۇلار:

1) ئېلىمىزدە كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەندى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى ھەممە مىللەت بىللە ياراتتى. ۋەتەننى كەڭ زېمىنغا ئىگە قىلىش، ئۇنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى يارىتىش، ۋەتەننى چەتئەلنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغداش، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشقا ئوخشاش ئىجتىمائى ئىنقىلاپ ۋە ئىجتىمائى تەرەققىياتنىڭ ھەممىسىدە ھەر مىللەتنىڭ ھەسسىسى بار. ئېلىمىزنىڭ ھاكىمىيىتىنىمۇ تارىختا بىر مىللەت يۈرگۈزگەن ئەمەس، بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە مىللەتنى سورىغان. چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى قۇرغان يۈەن سۇلالىسىنى ۋە نۇرخاچى رەھبەرلىك قىلغان مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى قۇرغان چىڭ سۇلالىسىنى ھەممە بىلىدۇ.

2) يېقىنقى زامان تارىخىدا مىلىتارىستلارنىڭ ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇچىغا چىققان مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنىڭ كاساپىتىدىن مىللەتلەر سىياسىي جەھەتتىن باراۋەر بولمىغان. ئىقتىسادىي، مەدەنىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلالمايدىغان، ھەتتا ھايات كەچۈرۈش مۈشكۈل بولغان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، چىداپ تۇرغۇسىز دەرىجىگە يەتكەندە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئىلغار ۋەكىللىرى ئاممىنى باشلاپ، مىللىي تەڭلىك، مىللىي ئازاتلىق ۋە ئىجتىمائى تەرەققىياتنى كۆزلەپ، دېموكراتىك ھەرىكەت ۋە ئىنقىلاپ ئېلىپ باردى. ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى، «4- ماي» ھەرىكىتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاۋى ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇنداق دېموكراتىك ئىنقىلاپ ۋە ھەرىكەت 20- ئەسىرنىڭ بېشىدىن ئوتتۇرىسىغىچە خېلى ئۇلغايدى. شىنجاڭدا مىلىتارىستلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان 20 — 30 - يىللاردىكى دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي ھەرىكەت دەسلەپكى غەلىبىگە ئېرىشتى (لېكىن شېڭ شىسەينىڭ ئالدامچىلىق بىلەن ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ ئېلىشى سەۋەبىدىن بۇ ئىنقىلاۋىي ھەرىكەت ئاخىرى ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلدى). 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 40 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلىرى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋە غەربىي

شىمالىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. ئىچكى موڭغۇلدا ئۇزۇن يىللار گومىنداڭ ۋە ياپون فاشىستلىرىغا قارشى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە بۇ ئىنقىلاۋىي ھەرىكەت دېموكراتىك ئاپتونومىيە شەكلىنى قوللاندى، شۇڭا بۇ دېموكراتىك ھەرىكەت ئاپتونومىيە ھەرىكىتى دەپ ئاتالدى. بۇ ئىككى رايوندىن باشقا جايلاردىكى بىر مۇنچە مىللەتلەرمۇ ھەر خىل شەكىلدىكى دېموكراتىك ھەرىكەت ۋە ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىلغار، مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان مىللىي ئازاتلىق ۋە خەلق ئازاتلىق ھەرىكىتىگە بىۋاستە قاتنىشىپ، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

3) ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ كۆپچىلىگى چەت چېگرا، تاغلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شارائىتنىڭ ۋە ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچى ئوخشاش ئەمەس. بۇ جەھەتتىكى پەرق شۇنچە چوڭكى، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدۇ. بەزى مىللەتلەر ئىپتىدائىي كوممۇنا دەۋرىدە، بەزىلىرى قۇللۇق دەۋرىدە، بەزىلىرى يېرىم فېئودال، يېرىم ئورۇقداشلىق ھالەتتە تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ خەنزۇلاردىن، بولۇپمۇ تەرەققى قىلغان رايونلاردىن بىر، ھەتتا بىر نەچچە تارىخىي دەۋر ئارقىدا قالغان. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار، بولۇپمۇ تەرەققى تاپقان رايونلار ئوتتۇرىسىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسات، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش جەھەتتە ئىنتايىن زور پەرق كېلىپ چىقتى. بۇ — ئېلىمىزدىكى زور ئەمەلىي تەڭسىزلىك. بۇنداق زور پەرق ۋە تەڭسىزلىك ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى مۇھىم خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلدى.

4) ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى خەنزۇلاردىن ئاز بولسىمۇ، ئۇلار توپلىشىپ ياشايدىغان جايلار پۈتۈن دۆلىتىمىز تېررىتورىيىسىنىڭ 60 پىرسەنتتىن ئارتۇقراقىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار كەڭ ياياۋان ئوتلاقتا ۋە بوز يەرگە، مول يەر ئاستى بايلىقىغا ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئېلىمىز چېگرىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگىدە ياشايدۇ. شۇڭا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش ۋە دۆلەت چېگرىسىنى مۇستەھكەم ساقلاپ، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداشتا بۇ ئامىلنىڭ رولى ئىنتايىن زور. بۇ تۆت خىل ئامىل ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە چوقۇم ئاپتونومىيە هوقۇقى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن بۇنداق ئاپتونومىيىنىڭ شەكلى

قانداق بولىدۇ دىگەن يەنە بىر مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. ئەمدى بىزنىڭ ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ نىسبىتى، جايلىشىش ئەھۋالى، تارىخى شارائىتى بەلگىلەيدۇ. ئۇلار مۇنۇلار:

1) ئۇزاق تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا ئېلىمىزدە مىللەتلەر كۆپرەك ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن، ساپ بىر مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايونلار ئاز، گىرەلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ.

2) ئۇزۇن تارىخ، بولۇپمۇ يېقىنقى زامان تارىخى مىللەتلەرنى تەقدىرداش قىلىپ قويدى. بولۇپمۇ جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزى، مۇستەملىكىچىلىكنىڭ سىياسىتى تۈپەيلىدىن ۋە ئېلىمىز يېرىم مۇستەملىكە ھالەتكە چۈشۈپ قالدى ۋە پۈتۈنلەي مۇستەملىكىگە ئايلىنىش خەۋپىگە دۇچكەلدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئېلىمىزدىكى چوڭ مىللەت خەنزۇ مىللىتىمۇ ئېزىلگۈچى مىللەت ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. ئازسانلىق مىللەتلەر گومىنداڭنىڭ ئىچكى مىللى زۇلمىدىنمۇ ئېغىر بولغان چەتئەلنىڭ بېسىۋېلىش خەۋپىگە بىۋاستە دۇچكەلدى. بۇنداق شارائىتتا ئازسانلىق مىللەتلەر خەنزۇ ئەمگەكچىلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، چەتئەلنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ھەممە مىللەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى، مىللەتلەر ئازاتلىقىنىڭ مۇھىم شەرتى بولۇپ قالدى.

3) ھازىرقى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئۇزاق زامانلىق ئىزدىنىشنىڭ تەبىئى نەتىجىسى.

گەپنى نېرىدىن باشلىساق، پېشقەدەم دېموكراتىك ئىنقىلابچى سۇن جۇڭسەنمۇ ئېلىمىزدىكى مىللى مەسىلىنىڭ ئورنىنى ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇ، تارىخى چەكلىمە سەۋەبىدىن مىللەتلەرنى پەقەت خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان، زاڭزۇ مىللەتلىرى دەپلا بىلگەن. بىراق ئۇ مىللەتلەرنىڭ دېموكراتىك، تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇشىنى ياقلاپ، يۇقۇرقى مىللەتلەرنى جۇڭخۇا مىنگونىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق ئەزاسى دەپ ھېساپلىغان.

جۇڭگو گۇڭچەنداڭى دۇنياغا كەلگەندىن باشلاپلا جۇڭگو ئىنقىلابىدا مىللى مەسىلىنىڭ ئورنى ۋە مۇھىملىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مىللى سىياسەت توغرىسىدا كۆپ باش قاتۇرۇپ ئىزلەنگەن ۋە ھەر خىل تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئاخىر ئازاتلىقتىن ئاۋال ئىچكى موڭغۇلدا ئېلىپ بېرىلغان ئاپتونومىيە ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسەن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى تەسىس قىلغاندا ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىدا مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنى قارارلاشتۇردى. 1947 - يىلى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم

رايونى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 40 يىلغا يېقىن تارىخ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان توغرا، ھاياتىي كۈچكە ئىگە تۈپ سىياسەت، دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈمى، دېموكراتىيىنىڭ ئوبدان شەكلى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا مۇۋاپىق ئوبدان شەكلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

بۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىققا ئىگە: 1) مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار دۆلەت چېگرىسىدا بولۇشنى شەرت قىلمايدۇ، مەيلى چېگرا رايون، مەركىزىي رايون، ئىچكى رايون بولسۇن، بىرەر ئاز سانلىق مىللەت نىسبەتەن توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولسىلا، قۇرغىلى بولىدۇ؛ 2) ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئالغۇچى مىللەتنىڭ شۇ رايوندا كۆپ سانلىق بولۇشىنى شەرت قىلمايدۇ، شۇنداق بولغاچقا ئەتراپىتىكى تەرەققىي قىلغان جايلار ۋە شەھەرلەرنى قوشۇشقا مۇمكىن بولىدۇ ۋە ئۇ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولىدۇ. 3) ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتلەرنى تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق، توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا قولايلىق تۇغدۇرىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا بىر نەچچە مىللەت بىرلىشىپ ئاپتونومىيە قۇرۇشقىمۇ ياكى ئاپتونوم رايون ۋە ئوبلاست قارمىقىدا ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە ۋە مىللىي يېزا قۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى تارقاق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش بىلەن يولغا قويماسلىقنىڭ پەرقى چوڭ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ھەقىقىي يولغا قويغاندىلا ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلقىگە دۆلەتنىڭ خوجىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغىغىلى، ئۇلارنى دۆلىتىمىزنىڭ ھەر خىل سىياسىي پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مىللەتلەر ئارا ئىتتىپاقلىقنى، ھەمكارلىقنى كۈچەيتكىلى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى مىللىي رايونلارنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ توغرا ئىجرا قىلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرگىلى، مەركەزنىڭ ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

## 3

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈشى، ئېلان قىلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ ۋەقە. بۇ، پارتىيىمىزنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىدا تۈزگەن، توغرىلىقى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن بىر پۈتۈن سىياسەتلىرىنىڭ قانۇنىي يول بىلەن بېكىتىلىشى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جايلاردا ئاساسىي قانۇندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان، قانۇنىي كۈچى ئىنتايىن زور بولغان مۇھىم قانۇن، ئۇنىڭدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي دەۋرنىڭ تەلىۋى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. شۇڭا بۇ قانۇن ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئاساسىي قانۇننى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، ئاساسىي سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ كاپالىتى.

ھازىرقى دەۋردىكى مىللىي مەسىلە — پۈتۈن ئېلىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت باش ۋەزىپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىرەك چەت - چېگرا جايلارغا ئورۇنلاشقان، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى مەركەز قىلغان ئومۇمىي ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتە خەنزۇلار ياشايدىغان رايونلاردىن، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلغان رايونلاردىن كۆپ ئارقىدا قالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ زور پەرق ۋە تەكشىسىزلىكنى ھەل قىلمىغاندا، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ۋە يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە دۆلەتنى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ھەقىقىي قۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ سۆز بېشىدىلا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى ... سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئۇنى ئىتتىپاقلاشقان، ئاۋات مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى لازىم.» ⑤ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئاساسلىقى يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۆزئالدىغا باشقۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقىدۇر.

مەسىلەن، «مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقى توغرىسىدا» دېگەن باپتا كۆرسىتىلگەن ھەر خىل ھوقۇقلار 27 ماددا بولۇپ⑥، بۇنىڭ 19 ماددىسى يەنى 70% ى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە ياتىدۇ. «يۇقۇرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ياردىمى» دېگەن ئاخىرقى باپتىكى 13 ماددىنىڭ ⑦ 11 ى يەنى 84.6% ى ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر بەلگىلىمىلەردىن ئىبارەت.

ئاپتونومىيە قانۇنىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى تەڭسىزلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسىي يولى كۆرسىتىلگەن. بۇ يول ئاپتونومىيەلىك جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچىگە يۆلىنىشنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشنى ئاساس، دۆلەتنىڭ ۋە ئىلغار رايونلارنىڭ ياردىمىنى قوشۇمچە قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئاپتونومىيە قانۇنىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «... مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە جايلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز يېرىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇشى، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك. دۆلەت خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا ئاساسەن مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ.» ⑧ دېمەك ئاپتونومىيەلىك جايلاردا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا ئۆز كۈچىگە تايانماي، دۆلەتنىڭ ياردىمىگىلا تايىنىپ جان بېقىش، ئۆز جايىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقى بىلەن ئىقتىدارىغا سەل قاراش خاتا، شۇنىڭ بىلەن بىللە دۆلەتنىڭ ۋە ئىلغار رايونلارنىڭ ياردىمىنىڭ مۇھىملىقىنى، زۆرۈرلىكىنى تونۇماسلىقمۇ خاتا. ئەگەر بۇ ئىدىيە خەنزۇ كادىرلاردا بولسا چوڭ مىللەتچىلىك خاھىشى، مىللىي كادىرلاردا بولسا مىللەتچىلىك خاھىشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. شۇنى بىلىش لازىمكى، ئاپتونومىيەلىك جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى خېلى زور دەرىجىدە ئارقىدا بولۇشى، چەت چېگرا جايلاردا تۇرۇشى، قاتناش قولايسىزلىقى ۋە تېخنىكىلىق كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى، قىسقىسى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن بولۇشىدەك قولايسىز شارائىتتا تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا قىيىنچىلىق ئېغىر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايونلار ۋە بۇ رايونلاردىكى مىللەتلەر بىلەن ئىلغار رايون ۋە ئىلغار

مىللەتلەر ئارىسىدىكى پەرق ۋە تەكشىسىزلىكنى بارغانسېرى ئازايتىپ، ئاخىرىدا يوق قىلىش ئۈچۈن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى دۆلەت بويىچە ئوتتۇرا سەۋىيىدىن خېلى يۇقىرى قىلىش كېرەك، لېكىن بۇنداق يۇقىرى سۈرئەت ئالاھىدە چارە - تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئالاھىدە تەدبىر دەل دۆلەتنىڭ ۋە ئىلغار رايونلارنىڭ ياردىمى، قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ۋە يۆلىشىدىن ئىبارەت. باشقا يول يوق. ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆزىگىلا يۆلەنگەندە يۇقىرى سۈرئەت ئەمەس، ئوتتۇرىچە سۈرئەتكە كاپالەت قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ مۇشكۇل بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتونومىيە قانۇنىدا بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىپ، «يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ياردىمى» دېگەن مەخسۇس باپ كىرگۈزۈلدى ۋە ئۇنىڭدا ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىش، غەمخورلۇق قىلىش توغرىسىدا نۇرغۇن مۇھىم، كونكرېت بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى. ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ۋە بۇ جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بۇ بەلگىلىمىنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. ئەلۋەتتە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارمۇ ئاپتونومىيە قانۇنىدا كۆرسىتىلگەندەك «دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك» ⑨. ئېلىمىزنىڭ مىللىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە مەيلى ئىنقىلاب مەزگىلىدە، مەيلى قۇرۇلۇش مەزگىلىدە بولسۇن، ھەممىسىدە ئېلىمىزدىكى ئاساسىي مىللەت بولغان خەنزۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان ياردىمى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇ مىللىتىگە ياردەم بېرىپ كەلدى. ئاز سانلىق مىللەت-لەرنىڭ ياردەم ئالغانلىقىنىلا كۆرۈپ، ياردەم بەرگەنلىكىنى كۆرمەسلىك خاتا. ئەگەر بۇ ئىدىيە خەنزۇ كادىرلاردا كۆرۈلسە چوڭ مىللەتچىلىك خاھىشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، بۇندىن كېيىنمۇ ئۆز ئارا ياردەم بېرىش مۇناسىۋىتى راۋاجلىنىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز جايىدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، قالاقلىقنى ئۆزگەرتىشىمۇ پۈتۈن دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىغا ۋاستىلىق ھالدا ھەسسە قوشقانلىقى بولىدۇ. بۇندىن تاشقىرى، ئاپتونومىيىلىك جايلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىغا ئۆز شارائىتىغا قاراپ بىۋاسىتە ياردەم بېرىپ ھەسسە قوشالايدۇ. بۇنداق ياردەم بېرىشنى خالىماسلىق ئەگەر مىللىي كادىرلاردا كۆرۈلسە، ئۇ يەرلىك مىللەتچىلىك خاھىشى بولىدۇ. مانا بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا ھەر مىللەت كادىرلىرىدا بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلاردا توغرا تونۇش بولۇشى بەك زۆرۈر.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىككە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇلارنى زامانىۋى، ئىلغار مىللەت قاتارىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئىچكىرىدىكى ئىلغار رايونلار بىلەن بولغان پەرقنى قىسقارتىش، ئاندىن تەدرىجىي يوقىتىش لازىم. بۇنى ئېيتىپلا قويغان بىلەن بولمايدۇ. نۇرغۇن تەدبىرلەرنى كۆرۈش، ئومۇمىي بىر پىلان بولۇش، پىلان يېتەكچىلىكى ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىش لازىم. مەركەزدىن تارتىپ ئاپتونومىيىلىك جايلارغىچە ئىقتىسات، مەدەنىيەت ۋە باشقا ئىجتىمائىي پەرقلەرنى قىسقارتىش، ئاخىردا تۈگىتىشنى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈش لازىم. بۇ توغرىدا پارتىيە ۋە خەلق قۇرۇلتايلىرىدا قارارلىق ھېساپ بېرىلىشى، بۇ مۇھىم بىر تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇلۇشى كېرەك.

يەنە بىر مەسىلە — غەربىي شىمال ۋە شىنجاڭنى كەلگۈسىدە دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بازىسى قىلىپ ئېچىش ۋە قۇرۇش ئىشىغا كەڭ كۆلەمدە كىرىشكەندە، بۇ ئىشنى ئاپتونومىيە قانۇنىنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىپ، بۇنداق قۇرۇش ۋە ئېچىشنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئاساسىغا قويۇش لازىم.

......

ئىزاھلار.

① لېنىن: «دۆلەت ۋە ھوقۇق توغرىسىدا» («شەرق ھەقىقىتى»، ئۇيغۇرچە 1-توم، 1960-يىل نەشرى، 395-بەت)

② شۇ كىتابنىڭ 407 - 408 - بەتلىرىگە قاراڭ.

③ لېنىن: «كادىرلارنى تاللاش ۋە تەربىيىلەش ھەققىدە» 844-، 855-، 932-بەتلەر.

④ «دۆلەت ۋە ھوقۇق توغرىسىدا» 915 - بەت.

⑤ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ «سۆز بېشى» قىسمىنىڭ 5 - ئابزاسىغا قاراڭ.

⑥ شۇ قانۇننىڭ 19 — 37 - ماددىلىرى.

⑦ شۇ قانۇننىڭ 54 — 64 - ماددىلىرى.

⑧ شۇ قانۇننىڭ «سۆز بېشى» قىسمىنىڭ 4 - ئابزاسىغا قاراڭ.

⑨ شۇ قانۇننىڭ «سۆز بېشى» قىسمىنىڭ 4 - ئابزاسىغا قاراڭ.

# غەربىي تۈركلەر ۋە غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخىغا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا (داۋامى)

— يولداش ۋاڭ خۇەنگە مەسلىھەت

دۇەن ليەنچىن

## 2. تاردۇ — غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، چوڭ قاغانى، ئاپاقاغان غەربىي تۈرك خانلىقىدا تەۋەلىك ئورنىغىلا ئىگە بولغان

سۈي، تاڭ سۇلالىسى تارىخىي كىتاپلىرىدا خاتىرىلەنگەن غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخىغا ئائىت بايانلارنى ئومۇمىي يۈزلۈك تەتقىق قىلىدىغان بولساق، تاردۇ قاغاننىڭ غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىكەنلىكى، غەربىي تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىزچىل تۈردە بۇ خانلىقنىڭ چوڭ قاغانى بولغانلىقى، ئاپا قاغاننىڭ غەربىي تۈرك خانلىقىنى قۇرۇش ئىشىغا ئىشتىراك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خانلىقتا تۇتقان ئورنىدىن ئالغاندا تاردۇغا بېقىنغان قاغان ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

(1) تاردۇ — غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى. مىلادى 583 - يىلى تۈرك خانلىقى شەرق ۋە غەرپ ئىككى قىسىمغا، يەنى شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقىغا بۆلۈنگەن. غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى كىم؟ يولداش ۋاڭ خۇەن ئاپاقاغان دەپ قارىغان، بىز تاردۇ قاغان دەپ قارايمىز. يولداش ۋاڭ خۇەن ئۆز كۆز قارىشىنى «سۈينامە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنداق ئىكەن، بىز «سۈينامە» دىن باشلاپ، سۈي، تاڭ تارىخنامىلىرىدا بۇ مەسىلە زادى قانداق خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.

«سۈينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «ئىشپارا ئاپا قاغاننىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىغا ھەسەت قىلاتتى، ئىشپارا ئۇنىڭ [5] سۈي سۇلالىسىغا ئالدى بىلەن بەيئەت قىلغانلىقىنى باھانە قىلىپ، قەۋمىگە ھۇجۇم قىلىپ، قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، ئانىسىنى ئۆلتۈردى.

ئاپا قاغان ماكانسىز قالغاچقا، غەرپتىكى تاردۇ قاغان يېنىغا قېچىپ باردى، تاردۇ ...... بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى، ئاپا قاغاننى قوشۇنغا باشچى قىلىپ شەرققە يۈرۈش قىلدۇردى، تارىلىپ كەتكەن ئاپا قەۋمىدىن بىر تۈمەنگە يېقىن ئاتلىقنى يەنە ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇردى، تاردۇ بىلەن ئىشپارا ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىشىپ تۇردى. تامغا ئىسىملىك يەنە بىر قاغان بولۇپ، ئادەتتە ئاپا قاغان بىلەن ئىناق ئۆتەتتى، ئىشپارا ئۇنىڭ قەۋمىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ ئۇنۋانىدىن مەھرۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن تاردۇ قاغان يېنىغا قېچىپ كەلدى. ئىشپارانىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى چادتېگىنى-نىڭ ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان قەبىلىسى بار ئىدى، ئۇ ئىشپارا بىلەن چىقىشالمىغان-لىقى ئۈچۈن، ئاكىسىدىن يۈز ئۆرۈپ قەۋمىنى باشلاپ ئاپا قاغانغا تەۋە بولدى. داۋام-لىق ئۇرۇش بولۇپ تۇردى، ئۇلار سۈي سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم تىلىگەن بولسىمۇ، ئوردا قوشۇلمىدى.» يۇقۇرىدىكى مەلۇماتتىن، ئىشپارانىڭ ئاپا قاغانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىقىغا تاردۇنىڭ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى؛ تاردۇنىڭ ئاپا-قاغانغا ئون تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر بېرىپ، ئۇنى «قوشۇن باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ»، ئىشپارا بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «داۋاملىق ئۇرۇش بولۇپ تۇردى» دېگەن مەلۇمات تاردۇ قاغان باش بولغان، ئاپا قاغان، تامغان قاغان ۋە چادتېگىنلەر قاتناشقان بىر تەرەپ بىلەن ئىشپارا قاغان باشچىلىقىدىكى يەنە بىر تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ھەر يىلى ئۇرۇش بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەلۇمات بىلەن «سۈينامە. جاڭ سۈگىشىڭ تەرجىمىھالى» دىكى: «ئاپا-قاغان ماكانسىز قالغانلىقتىن، غەرپتىكى تاردۇ قاغان يېنىغا پاناقاپ كەلدى. ئۇ تاردۇدىن ياردەم سورىدى ۋە ئون تۈمەندىن ئارتۇق ئەسكەرگە ئىگە بولۇپ، شەرقتىكى شىتۇ قاغانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئەسلى زېمىنىنى قايتۇرۇۋالدى، تارىلىپ كەتكەن نەچچە تۈمەن ئەسكىرىنى ئەتراپىغا توپلاپ شىتۇ بىلەن ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىشتى، ئاپا قاغان جەڭلەردە غەلىبە قازىنىپ، قۇدرەت تاپتى» دېگەن مەلۇمات ئوخشىشىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئاپا قاغان تاردۇدىن «ئەسكەر سورىغان»؛ ئۇنىڭ قوماندان-لىقىدىكى قوشۇن ئاساسەن تاردۇنىڭ قوشۇنى؛ ئۇ ئەسلى زېمىنىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆز يېنىغا توپلىغان نەچچە تۈمەن ئەسكىرى تارىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنى سەرخىل ئەسكەر ھېسابلاشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئىشپارا بىلەن بولغان ئۇرۇشتا «غەلىبە قىلالىشى» ۋە «قۇدرەت تېپىشى» مۇ پۈتۈنلەي تاردۇدىن ئىبارەت بۇ ئارقا تىرەككە تايانغانلىقىدىن بولغان. شۇڭا مىلادى 584 - يىلى ئاپا قاغان جەڭلەردە «ئۇدا غەلىبە قازانغان» لىقتىن، ئىشپارانىڭ موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدىكى ھۆكۈم-

رانىسىغى تەھدىتىكە ئۇچرىغاندا، سۈينامە، تۈركلەر تەزكىرىسى» دە ئاپا قاغانغا دائىر مەلۇمات خاتىرىلەنمەستىن، ئىشپارانىڭ «تاردۇ پەيدا قىلغان قىيىنچىلىقنى سۈي سۇلالىسىغا تېز مەلۇم قىلىشقا ئەلچى ئەۋەتكەن» لىكى ئېيتىلغان. يۇقۇرىقى ئەھۋاللار مىلادى 583 - يىلىدىكى بۆلۈنۈش ئاساسىغى تاردۇ بىلەن ئىشپارا ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈش ئىككەنلىكىنى، بۆلۈنۈش جەريانىدىكى ئۇرۇشمۇ ئاساسىغى تاردۇ بىلەن ئىشپارا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئىككەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاپا قاغان ۋەقەسى بۆلۈنۈشنىڭ ئوت پىلتىسى بولغان، خالاس: ئاپا قاغاننىڭ بۆلۈنۈشتىن كېيىنكى ئۇرۇشلاردىكى رولىغا سەل قاراشقا بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوينىغان رولى تاردۇنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئەمدى «ئومۇمى قائىدە - يوسۇنلار» دىكى مەلۇماتلارغا قاراپ باقايلى. «ئومۇمى قائىدە - يوسۇنلار» 197 - جىلد «تۈركلەر» بابىدا: «تاردۇنىڭ ئىسمى دىيەنچۈ، ئۇ ئىشپارانىڭ تاغىسى، ئەسلىدە غەرپ تەرەپ قاغانى (دۇيۇنىڭ ئىزاھى: تاردۇ — غەربىي تۈركلەرنىڭ بىلگە قاغانى) ئىدى، كېيىن ئىشپارانىڭ قىلمىشىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئاپانى قوشۇن باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ ئىشپاراغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۈركلەر شەرق ۋە غەرپ ئىككى قىسىمغا (دۇيۇنىڭ ئىزاھى: ئىككى ئەلگە) بۆلۈندى، ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشتى» دېيىلگەن. «ئاپانى قوشۇن باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن» كىشى تاردۇ، «ئاپانى ئىشپاراغا تاجاۋۇز قىلدۇرغان» مۇ تاردۇ؛ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۆلۈنۈپ كەتكەن «ئىككى ئەل» تاردۇنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقى بىلەن ئىشپارانىڭ شەرقىي تۈرك خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دۇيۇنىڭ قارىشىمۇ شۇنداق، بىزنىڭ قارىشىمىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

ئەمدى «يېڭى تاڭنامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلارغا قاراپ باقايلى. «يېڭى تاڭنامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دە، «غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەجدادى نۇر تۈركىنىڭ نەۋرىسى تۇرۇم، ئۇنىۋانى كۈلۈگو يابغۇ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى تۇمەن ئىلىك قاغان، ئىككىنچى ئوغلى ئىستەمى، ئىستەمىنىڭ ئوغلى تاردۇ قاغان، بىلگە قاغان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ زېمىنى شەرقىي تۈركلەر زېمىنى بىلەن دەسلەپتە ئۈيسۈن يېرىنى پاسىل قىلىپ ئايرىلاتتى.»، «ئاپا غەرپتىكى تاردۇ يېنىغا كەلگەندە، تاردۇ غەرپ تەرەپ قاغان ئىدى، ئۇ ئاپانىڭ 10 تۈمەن ئەسكىرىنى ئۆز قوشۇنىغا قوشۇپ، شەرقىي تۈركلەر بىلەن جەڭ قىلدى» دېيىلگەن. غەربىي تۈرك خانلىقى قۇرۇلغان مىلادى 583 - يىلىدىكى ئىچكى توقۇنۇشتىن ئىبارەت بۇ بىر نۇقتىنى ئانچە ئېنىق بولمىغاندىن باشقا، ئىستەمى، تاردۇ سىستېمىسىنىڭ غەربىي تۈرك خانـ

لىقىغا ئاساس سالغانلىقى، تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەندە تاردۇ غەربىي تۈرك خانلىقى-نىڭ باش سەركەردىسى ئىكەنلىكى ۋە «ئاپانىڭ 10 تۈمەن ئەسكىرىنى ئۆزىگە قوشۇپ، شەرقىي تۈركلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى»، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي تۈرك خانلىقى ئاخىرقى ھېساپتا تۈرك خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىققانلىقى ھەققىدە يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «سۈينامە»، «ئومۇمىي قائىدە - يوسۇنلار» قاتارلىق كىتاپلاردىكى مەلۇماتلار پۈتۈنلەي بىر بىرىگە ئوخشىشىدۇ.

يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللاردىن، تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەن چاغدا تاردۇ قاغاننىڭ غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ كاتتىۋېشى، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يولداش ۋاڭ خۇەن تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەن چاغدا تاردۇغا بويسۇنغان ۋە بېقىندى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئاپا قاغاننى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى دېيىشتە يۇقۇرقى ماتېرىياللارغا دىققەت قىلغان - قىلمىغانلىقى ۋە ئۇلارنى قانداق چۈشەنگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

دەرۋەقە، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسچىسى توغرىسىدا، سۈي، تاڭ سۇلالىسى تارىخنامىلىرىدا مۇجمەل ھەتتا ئاڭقىرىۋالغىلى بولمايدىغان بەزى كۆز قاراشلار ھەقىقەتەن بار، بۇ كۆز قاراشلار ئاساسىغى («ئومۇمىي قائىدە - يوسۇنلار» 194-، 199 - جىلد ۋە «كونا تاڭنامە. تۈركلەر بابىنىڭ 2 - قىسمى» دا مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، «سۈينامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دىن قىسقارتىپ ياكى ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان.

«سۈينامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «غەربىي تۈرك خانلىرىنىڭ شەجەرىسى مۇقان قاغاننىڭ ئوغلى دارۇبىيەندىن باشلىنىدۇ. دارۇبىيەن ئىشپارا بىلەن چىقىشالمىغانلىقى ئۈچۈن، تۈركلەر ئىككىگە بۆلۈنگەن. دارۇبىيەن تەدرىجى قۇدرەت تاپتى، شەرقتە ئۆتۈكەننى پاسىل قىلدى، غەرپتىكى دائىرىسى ئالتۇن تاغدىن ئېشىپ، كۇسەن، تۇرا، ئېيۇرغۇلىقچە يەتتى ۋە غەربىي رايوندىكى خۇ (غۇز) لارنى بەيئەت قىلدۇردى» دېيىلگەن. ئارقىدىن ئاپا قاغاننىڭ ئەۋلاتلىرى نىلى (نۇر)، نۇركۇر قارا قاغانغا دائىر مەلۇمات بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ تارىخى تاردۇ بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز قىلىپ قويۇلغان. بۇ ئەھۋال كىشىنى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئاپا قاغان، ئاپا قاغان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانلىرى دېگەن چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. تاردۇ غەربىي تۈرك خانلىقىنى قۇرۇش داۋامىدا قانداق رول ئوينىغان؟ ئۇ، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانىمۇ - ئەمەس؟ ئاۋادا بۇ خانلىقنىڭ قاغانى بولمىسا، قانداق سالاھىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان دېگەن

مەسىلىلەرگە «سۈينامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دە جاۋاپ بېرىلمىگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «سۈينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»، «سۈينامە» ۋە باشقا «تەزكىرە» لەردە تاردۇنىڭ تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەندە ۋە بۆلۈنگەندىن كېيىن غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئاتاقلىق بىر قاغانى سۈپىتىدە ئوينىغان زور تارىخىي رولى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرۇلغانلىقى (بۇ مەسىلە ئۈستىدە تۆۋەندە يەنە توختىلىمىز) ئۆز ئارا ماس كەلمەيدۇ. بۇ — «سۈينامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دىكى مۇجمەللىكتۇر. چاۋاننىس بۇ نۇقتىنى ھەس قىلىپ، «جۇڭگو تارىخنامىلىرىدىكى بەزى مەلۇماتلار تولىمۇ ئېنىقسىز» دېگەن («غەربىي تۈرك تارىخىي ماتېرىياللىرى» 1 - بەت). چېن جۇڭمىيەن ئەپەندى ھەتتا «سۈينامە» دىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ مەنبەسى ئاپا قاغانغا باغلىنىشلىق دېگەن كۆز قاراشنى «خاتا» دېگەن («غەربىي تۈرك تارىخىي ماتېرىياللىرىغا تولۇقلىما ۋە ئىسپات» 108 - بەت)، بىز «سۈينامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دىكى غەربىي تۈرك تارىخىغا ئائىت بايانلارنىڭ بىر تەرەپلىمە جايلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭمۇ مۇھىم سەۋەبى بار دەپ ھېساپلايمىز. تاردۇ سۈي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە غەربىي تۈرك خانلىقىنى قۇرغان بولسىمۇ، بىز تۆۋەندە توختالماقچى بولغان سەۋەپ تۈپەيلىدىن، مىلادى 585 - يىلدىن باشلاپ تارىخنامىلەردە ئۇنىڭ نام - ئەمەلى ئۇن يىلغا يېقىن تىلغا ئېلىنمىدى، مىلادى 598 - يىلدىن ئىلگىرى ئۇ سۈي سۇلالىسى بىلەن ناھايىتى ئاز مۇناسىۋەت قىلغان. مىلادى 603 - يىلى تاردۇ ئۆلگەندىن كېيىن، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانلىق ئورنىغا ئاپا قاغاننىڭ ئەۋلادى نۇركۇر قارا قاغان ۋارىسلىق قىلغان. نۇركۇر قارا قاغان بىلەن سۈي سۇلالىسى خېلى قويۇق مۇناسىۋەت قىلغان، سۈي سۇلالىسى ئۇنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىپ كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن. مىلادى 611 - يىلى ئۇنىڭ نەچچە مىڭ ئاتلىققا باشچىلىق قىلىپ سۈي سۇلالىسىغا ئەل بولغانلىقى تىمەن قاغان سۈي سۇلالىسىغا ئەل بولغاندىن كېيىنكى زور ۋەقە بولۇپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقى ۋە داڭقى چىققانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. نۇركۇر قاغاننىڭ ئورنىغا غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانى تاردۇنىڭ سىستېمىسىدىكى يابغۇ قاغان ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، سۈي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تېخى مۇستەھكەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قالايمىقانچىلىق تۇغۇلغان. شۇڭلاشقا سۈي سۇلالىسىنىڭ تارىخچىلىرى نەزىرىدە، نۇركۇر قاغان غەربىي تۈركلەرنىڭ قانۇنلۇق چوڭ قاغانى بولۇپ قالغان. جۇڭگونىڭ تارىخ يېزىش ئۇسۇلى بويىچە، نۇركور قاغاننىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئاپا ۋە نىلى قاغانلارمۇ تەبىئىي ھالدا غەربىي تۈرك

خانلىقىنىڭ خان جەمەتلىرى ھېساپلانغان. «سۆيىنامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دە غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ تارىخى ئۈستىدە توختالغاندا، تاردۇ ھەققىدە توختالمىغان ياكى ئاز توختالغان. يولداش ۋاڭ خۈەن «سۆيىنامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دىكى بىر تەرەپلىمە ئىزاھاتقا ئاساسلىنىپلا، «سۆيىنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»، «جاڭ سۈڭشىنىڭ تەرجىمھالى»، «ئومۇمى قائىدە - يوسۇنلار» (197 - جىلد)، «تۈركلەر تەزكىرىسى» قاتارلىق كىتاپلاردىكى يەنە بىر خىل كۆز قاراشقا ئېتىۋارسىز قاراپ، «سۆيىنامە»، «ئومۇمى قائىدە - يوسۇنلار» دا «ئاپا قاغان غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى» دېگەن كۆز قاراش تەشەببۇس قىلىنغان دېگەننى تومتاقلا ئوتتۇرىغا قويغان، بۇنى ھېچبولمىغاندا بىرتەرەپلىمە دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ. قىسقىسى، ئەگەر بىز تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەندە تاردۇ قاغاننىڭ ئوينىغان يېتەكچى، ھەل قىلغۇچ رولى ئۈستىدە تولۇق ۋە ئەترابلىق تەھلىل يۈرگۈزسەك، تاردۇ — غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئاپا قاغان ۋە ئۇنىڭ نەچچە تۈمەن «تارلىپ كەتكەن ئەسكىرى» مۇ غەربىي تۈرك خانلىقىنى قۇرۇش ئىشىغا ئىشتىراك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمى جەرياندا ئوينىغان رولىدىن ئالغاندا، ئۇلارنى تاردۇ قاغاننىڭ شەرقىي تۈرك خانلىقىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى پېشىكلىرى دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ، خالاس.

(2) تاردۇ — غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانى، ئاپا — غەربىي تۈرك خانلىقىدا تاردۇغا بېقىنغان قاغان. بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تۈرك خانلىقىدىكى قاغانلارنىڭ نامىنى ئاتاش تۈزۈمى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. تۈركلەر تابار قاغاندىن كېيىن، خانلىقتىكى باش ھۆكۈمراننى قاغان دەپ ئاتىغاندىن باشقا، سۆيۈرغاللىق زېمىنى چوڭ ياكى كىچىك قاغانلارنىڭ ئاغا - ئىنىلىرىدىمۇ قاغان دەپ ئاتىغان، ھەتتا «بەزى قاغانلار يابغۇلارنىڭ قول ئاستىدا بولغان، بەزى ئالى جەمەتتىكىلەرمۇ بىر بىرىنى قاغان دەپ ئاتاشقان» («ئومۇمى قائىدە - يوسۇنلار» 199 - جىلد، «تۈركلەر»، 1 - قىسىم). شۇڭا قاغان دېگەن ئاتاق «قاغان» دەپ ئاتالغان كىشىلەرنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرى، تۈرك خانلىقىدىكى ئەڭ چوڭ قاغانلار دائىم دېگىدەك قاغان نامىنىڭ ئالدىدىكى ھۆرمەت نامى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالى ئورنىنى نامايەن قىلغان. مەسىلەن، خانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى تۈمەن ئىلىك قاغان (ئىتتىپاقنىڭ سەردارى ياكى شاھى) دەپ، قارا (قورا) ئىشىك قاغان دەپ، ئىدۇك (يەنى) مۇقان (بىلگە) قاغان دەپ، شتۇئىل بىلگە ئىشپارا قاغان دەپ ئاتالغان. بىز ھازىرچە بۇ ناملارنىڭ توغرا مەنىسىنى ئېنىق بىلمىسەكمۇ، لېكىن بۇ ئاتاقلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئورنىغا مۇناسىپ ئىكەنـ

لىگەننى جەزىم قىلالايمىز. بەزى قاغانلار «چوڭ قاغان» دەپ ئاتالغان. مەسىلەن، شىتۇ ئىشپارا قاغان بولغاندىن كېيىن «چوڭ قاغان» دەپ ئاتالغان(«ئومۇمىي قامۇس - يوسۇپلار» 197 1-2-جىلد («تۈركلەر» 1 قىسىم»). تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرك خانلىقلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى يەنىلا ئالدىنقى ھۆرمەت نامى قوشۇلغان قاغان ئۇنۋانى بىلەن ئاتاش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۇلار ئۆزلىرىنى چوڭ قاغان دەپ ئاتىغان ياكى باشقىلار تەرىپىدىن شۇنداق دەپ ئاتالغان. مەسىلەن، شەرقىي تۈركلەرنىڭ يۇغۇلۇق قاغانى تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن، تۇرىيان (تۇرا) قاغان دەپ ئاتالغان، ئۆزىنى ئۆزى «چوڭ قاغان» دەپ ئاتىغان («سۇينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»). غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ قاغانىمۇ «چوڭ قاغان» دەپ ئاتالغان («سۇينامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى»).

تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرى ياكى بۆلۈنۈشتىن كېيىن بولسۇن، چوڭ قاغانىنىڭ قول ئاستىدىكى سۇيۇرغاللىق زېمىنى ۋە قاغان ئۇنۋانى بار قاغانلارنىڭ ئاغا - ئىنىلىرىنىڭمۇ، قاغان دەپ ئاتىلىشتىن ئاۋال ئۆز مەرتىۋىسىگە لايىق نام - ئەمەلى بولغان. شۇنداقتىمۇ كىشىلەر (كۆپىنچە خەنزۇلار) ئۇلارنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىنىڭ تۈرك خانلىقىدىكى جايلاشقان ئورنىغا ئاساسەن، دائىم دىگىدەك ئۇلارنى X تەرەپ قاغانى دەپ ئاتىغان. مەسىلەن، تابار قاغان «شىتۈنى نىۋار قاغان دەپ ئاتاپ شەرق تەرەپنى باشقۇرۇشقا قويغان، ئىنىسى رۆرەن قاغاننى بۆرى قاغان دەپ ئاتاپ غەرب تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرغان» («سۇينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»). ئىشپارا قاغان دەۋرىدە «شىتۇ (ئىشپارا قاغان)، تاردۇ، ئاپا، تۆلىش قاتارلىق ئاغا - ئىنىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەسكىرى بولغان، ھەممىسى قاغان دەپ ئاتىلىپ، تۆت تەرەپنى ئىدارە قىلغان» («سۇينامە. جاڭ سۇنشىڭ تەرجىمىھالى»). تاردۇنىڭ غەرب تەرەپكە ئورۇنلىشىپ «غەرب تەرەپ قاغانى» دەپ ئاتالغانلىقىنى؛ تۆلىشنىڭ شەرق تەرەپكە ئورۇنلىشىپ «شەرق تەرەپ قاغانى» دەپ ئاتالغانلىقىنى؛ ئاپانىڭ «شىمال تەرەپ قاغانى» دىگەن نامى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بارگاھى «شىمالىي بارگاھ» دەپ ئاتالغانلىقىنى، سۇيۇرغاللىق زېمىنىمۇ تۈرك خانلىقىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بەزىدە «شىمالىي تەرەپ قاغانى» ⑥ دەپ ئاتالغانلىقىنى؛ شىتۇ خانلىقىنىڭ «چوڭ قاغانى» بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بارگاھى موڭغۇل يايلىقىنىڭ جەنۇبىغىچە توغرا كېلىدىغان ئورخۇن ۋادىسىغا جايلاشقانلىقى ھەققىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن «جەنۇب تەرەپ قاغانى» دەپ ئاتىلىشى كېرەكلىكىنى قىياس قىلالايمىز، مۇشۇنداق دىسەك «ھەممىسى قاغان دەپ ئاتىلىپ، تۆت تەرەپنى ئىدارە قىلغان» دىگەن مەلۇماتنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. يۇقۇرقى چۈشەندۈرۈش

خاتا بولمىسا، تاباردەۋرىدىكى ئىشۋار قاغان بىلەن بۆرى قاغاننى شەرق تەرەپ قاغانى ۋە غەرب تەرەپ قاغانى دەپ ئاتاش كېرەك دىگەن خۇلاسىغا كېلىمىز. تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەندىن كېيىن، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ تاردۇ قاغانى يەنىلا غەرب تەرەپ قاغانى دەپ، ئىلى قاغان «غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىلى قاغانى» دەپ ئاتالغان («سۈينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»). كېيىنكى نامنى غەرب تەرەپ قاغانى دەپ قىسقارتىپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. شەرقىي تۈرك خانلىقىغا كەلسەك، سۈي سۇلالىسى شىبىغ قاغاننىڭ ئىنىسى چىڭشادنى «جەنۇب تەرەپ قاغانى» قىلىشقا ئۇرۇنغان («سۈينامە. قىيجۇ تەرجىمىھالى»)، بۇ ئىشتىن نەتىجە چىقمىغان بولىشىمۇ. لېكىن بۇ شەرقىي تۈرك خانلىقىدا بەزىدە جەنۇب تەرەپ قاغانى بولغانلىق ئېھتىماللىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يۇقۇرقىلاردىن، تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەندە ياكى بۆلۈنگەندىن كېيىن بولسۇن، «غەرب تەرەپ قاغانى» ۋە باشقا X تەرەپ قاغانلىرى بولغانلىقى، X تەرەپ قاغانى دىگەن نام تەرەپنىلا كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ياكى خوجىلىق-بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، خانلىقنىڭ چوڭ قاغانى شىتۇ بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى تاردۇ، ئاپا، تۆلىش قاتارلىق قاغانلار ئوخشاشلا تۆت تەرەپ ئىچىدىكى بىر تەرەپنىڭ قاغانلىرى؛ يەنە مەسىلەن، تاردۇ قاغان ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئىلى قاغان ئوخشاشلا غەرب قاغانى دەپ ئاتالغان. يولداش ۋاڭ خۇەن ماقالىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان «ئاساسلىق ئۇقۇم ئىچىدىكى «ئوتتۇرا قىسىم چوڭ قاغانى» دىگەن ئۇقۇم، سۈي، تاڭ سۇلالىسى تارىخلىرىدا زادىلا يوق، يولداش ۋاڭ خۇەن «غەرب تەرەپ قاغانى قىسمى» دىگەن ئۇقۇم پەقەت تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرى مەۋجۇت ئىدى دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەندىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئېيتقان «شەرق تەرەپ قاغانى قىسمى»، «غەرب تەرەپ قاغانى قىسمى» بىلەن «سۈينامە» دە ئېيتىلغان «شەرق تەرەپ»، «تۆت تەرەپ» مۇ بىر بىرىگە ئانچە ئوخشىمايدۇ، ۋاڭ خۇەننىڭ تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەندىن كېيىنكى قاغانلارنىڭ رەت تەرتىۋى جەدۋىلىنى ئالاھىدە چۈشەندۈرمىسە، ئوتتۇرا قىسىم چوڭ قاغانى قىسمى بىلەن باشقا قاغانلار (تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى ئىستەمى قاغانى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى زادىلا كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. بۇ ھال تۈرك تارىخى، بولۇپمۇ غەربىي تۈرك تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ. ھالبۇكى X تەرەپ قاغانى ئەسلىدە ئوتتۇرا تۆز لەڭلىك-تېكىنلەر ئۇلارنىڭ سۈيۈرغاللىق زىمىنىنىڭ ئورنىغا ئاساسەن ئاتىغان نام بولۇپ، ۋەزىپىسىنىڭ يۇقۇرى-تۆۋەنلىكى ۋە ھوقۇقىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ، ھالبۇكى

يولداش ۋاڭخۇەن ئاپانى چوڭ قاغانلارغا ئوخشاش دېگەندەك ئورۇنغا قويغان(«كۆرسەتمە جەدۋەل» گە قاراڭ)، ھەمدە كىشىلەردە بۇ تۈركلەر ئۆزلىرى ئېرىشكەن ئۇلۇۋالغا تەقامەت قىلمىغان بولسا كېرەك دېگەن تەسىرات پەيدا قىلغان. بۇمۇ ئاسانلا خاتا چۈشەنچە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تۈرك خانلىقىدا قاغانلارنى ئاتاش تۈزۈمى يۇقىرىقىدەك بولسا، ئۇنداقتا تاردۇ قاغان بىلەن ئاپا قاغاننىڭ مۇناسىۋىتى زادى قانداق؟ ئاپا قاغاننىڭ غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى ئىكەنلىكىدە مەسىلە يوق؛ ئۇنىڭ ئەۋلادى نىلى قاغاننىڭ غەربىي تەرەپ تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى دەپ ئاتالغانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ غەرپ تەرەپنىڭ قاغانى دەپ ئاتالغانلىقىمۇ شۈبھىسىز، لېكىن ئۇ غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانى ئەمەس، تارىخ كىتابلىرىنىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئۇنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا چوڭ قاغان دەپ ئاتىمىغان. تاردۇ قاغانمۇ تارىخ كىتابلىرىدا بىر نەچچە قېتىم غەرپ تەرەپنىڭ قاغانى دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپا قاغاندىن پەرقى بار، چۈنكى ئۇ چوڭ قاغان سالاھىيىتى بار غەرپ تەرەپ قاغانى. بۇ نۇقتىنى فېي جۈنىڭ سۈيياڭدىغا ئېيتقان بىر ئابزاس سۆزىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. فېي جۈ: «يابغۇ (شىكۇي) يۇغۇلۇقنىڭ ئەۋلادى، تاردۇنىڭ نەۋرىسى، بۇنىڭغا قاغانلىق مىراس قالغان، ئۇ غەرپ تەرەپنىڭ ھۆكۈمدار قاغانى ئىدى، ھازىر ئەمەل-مەرتىۋىسىدىن مەھرۇم بولۇپ، قارا (قورا) غا بېقىندى قىلىنغانلىقى. ئەلچى ئەۋەتىپ يارىدەم سورىغانلىقىدىن ۋاقىپلاندىم. ئۇنىڭ ئەلچىسىگە كۆپ سوغا، يابغۇغا چوڭ قاغانلىق ئۇنۋانى بېرىلىشىنى سورايمەن» دېگەن («سۈينامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى»).

بۇنىڭدىن تاردۇ قاغاننىڭ غەرپ تەرەپ قاغانلىرىنىڭ «ھۆكۈمدارى» بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. غەرپ تەرەپنىڭ ھۆكۈمدار قاغانى بىلەن غەرپ تەرەپ قاغانىنىڭ پەرقى بار. چۈنكى «غەرپ تەرەپنىڭ قاغانى» دېگەن نام يۇقىرىدا ئىشلىتىلگەندەك غەرپ تەرەپنىڭ ياكى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى ئىكەنلىكىنىلا كۆرسىتىدۇ، ھۆرمەت نامىنى كۆرسەتمەيدۇ. غەرپ تەرەپكە ھۆكۈمدار قاغان بۇنىڭدىن پەرقلىنىدۇ، ئۇ غەربىي تۈرك خانلىقىدىكى قاغانلارنىڭ چوڭ قاغانى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن تاردۇنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. يۇقىرىدىكى مەلۇماتتا ئىشلىتىلگەن قارا (قورا) ئاپا قاغاننىڭ ئەۋلادى نۇر كۇر قارا قاغاننى كۆرسىتىدۇ. مىلادى 603-يىلى تاردۇ ئۆلگەندىن كېيىن، قارا قاغان يابغۇ قاغاننى ئورنىدىن قالدۇرۇپ، تاردۇنىڭ ئورنىغا چوڭ قاغان بولغان. «ھازىر نام-ئەمالى يوقىلىپ ئەمەل-مەرتىۋىسىدىن مەھرۇم بولۇپ» دېگەن مەلۇمات،

يابغۇ قاغاننىڭ چوڭ قاغانلىق ئورنىدىن مەھرۇم بولۇپ غەرب تەرەپكە ھۆكۈمدار بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. فېيجۈ سۈيياگىدىكى يابغۇنى چوڭ قاغان قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىشتە، يابغۇنىڭ چوڭ قاغانلىق ئورنىغا قانۇنلۇق ۋارىس بولۇش ئورنىنى تەسلىمگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن نۇر كور قاغان ئارىسىدا زىددىيەت تۇغدۇرۇش ئارقىلىق نۇر كور قارا قاغاننىڭ غەربىي تۈرك خانلىقىنى ئاجىزلىتىشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭا چاۋاننېس« يۇقۇرقى مەلۇمات ناھايىتى مۇھىم، ئۇ، ئىستەمىنىڭ ئوغلى تاردۇنىڭ غەربىي تۈركلەرنىڭ (غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ) سەردارى ئىكەنلىكىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىسپاتلايدۇ» دېگەن. بىزنىڭ كۆز قارىشىمىز ۋاڭ خۇەننىڭ قارىشىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. يولداش ۋاڭ خۇەنمۇ يۇقۇرىدىكى مەلۇماتتىكى «قاغانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان، غەرب تەرەپكە ھۆكۈمدار بولغان» كىشى — تاردۇنىڭ «تۈركلەرنىڭ غەرب تەرەپ قاغانى» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان، لېكىن «ھازىر ئەمەل - مەرتىۋىسىدىن مەھرۇم بولۇپ، قارا قاغانغا بەيئەت قىلغانلىقىدىن ۋاقىپلاندىم» دېگەن جۈملىدىكى «ھازىر» دېگەن سۆزنى تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەندىن كېيىنكى 2-يىل (مىلادى 584-يىل) نى، ئاتالمىش «تاردۇ سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان» دىن كېيىنكى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىغان. تاردۇنىڭ سۈي سۇلالىسىغا «بەيئەت قىلغانلىقى» ھەققىدە تۈۋەندە يەنە تەپسىلى توختىلىمىز، ئۇ پۈتۈنلەي يولداش ۋاڭ خۇەننىڭ پەرىزى بولۇپ، ئۇنداق ئەھۋال بولمىغان. فېيجۈ سۈيياگىدىكى مىلادى 610-يىلى مەكتۇپ سۇنغان، بۇ چاغدا نۇر كور قارا غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانى، يابغۇ ئۇنىڭغا بېقىنغان. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مەلۇماتتىكى «ھازىر» دېگەننى مىلادى 610-يىلى فېيجۈ مەكتۇپ سۇنغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك، ۋاقىتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كەلگەندىمۇ، نۇر كور قارا غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانى بولغان، يابغۇ «نام - مەرتىۋىسىدىن مەھرۇم بولغان» ۋاقىت مىلادى 604-يىلدىن ئىلگىرى بولماسلىقى لازىم. شۇڭا چېن جۇڭمىيەن بۇنىڭغا ئاساسەن ۋە «ئومۇمى قائىدە-يوسۇنلار»، 199-جىلدتىكى مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىپ، يابغۇنىڭ ئاتىسى يۇغۇلۇچىنىمۇ تاردۇنىڭ «غەرب تەرەپنىڭ قاغانى» لىق ئورنىغا ۋارىس بولغان دەپ ھېسابلىغان (غەربىي تۈرك تارىخ ماتېرىياللىرىغا تولۇقلىما ۋە ئىسپات»، 109-بەت). يولداش ۋاڭ خۇەننىڭ «ھازىر ئەمەل - مەرتىۋىسىدىن مەھرۇم بولۇپ» دېگەن مەلۇماتنىڭ ۋاقتىنى فېيجۈ مەكتۇپ سۇنۇشتىن 30 يىل ۋە يابغۇدىن ئىككى ئەۋلات ئىلگىرى دەپ ھۆكۈم قىلىشى تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس، مەنتىقىسىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. قىسقىسى، فېيجۈنىڭ مەكتۇبىدىن تاردۇ قاغاننىڭ

غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، بۇنىڭدا شۈبھە يوق. ئاپا قاغان تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرى ئىشپارا بىلەن تاردۇ ئوتتۇرىسىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرغان. «ئاپانىڭ قەۋمى ئىككى ئوتتۇرىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇردى» دېگەن مەلۇمات ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى پوزىتسىيىسى ھەققىدىكى جانلىق تەسۋىردۇر. تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەندىن كېيىن، ئۇ تاردۇ تەرەپكە ئېغىپ كەتكەن، ئۇنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقىدىكى ئورنى تۈرك بىيانىڭ شەرقىي تۈرك خانلىقىدىكى ئورنىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ، ئۇ، چوڭ قاغاننىڭ باشقۇرۇشىدىكى قاغان.

(3) تاردۇ سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلمىغان، تاردۇنىڭ سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان ـ قىلمىغانلىق مەسىلىسى ئۇ غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانىمۇ ئەمەس؟ دېگەن مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا تاردۇنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقى تارىخىدا ئوينىغان مۇھىم رولىنى بايان قىلىشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇ مەسىلە يولداش ۋاڭ خۇەننىڭ بىر قاتار خاتا كۆز قاراشلىرى ئىچىدىكى گەۋدىلىك بىر مەسىلە. شۇڭلاشقا تاردۇنىڭ سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان-قىلمىغانلىقىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلماي بولمايدۇ.

ئالدى بىلەن ئاتالمىش تاردۇنىڭ سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىشتىكى ئارقا كۆرۈنۈشى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، مىلادى 583 - يىلى تاردۇ ئاپاغا 10 تۈمەن ئەسكەر بېرىپ، ئۇنى ئىشپاراغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن شەرققە ئەۋەتكەن. ئىشپارانىڭ تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانى ئىكەنلىكىدە ۋە قۇدرەتلىك قوشۇنى بارلىقىدا گەپ يوق. تاردۇ ئەسلىدە قاغاننىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەڭ زېمىننى باشقۇرغان، ئىشپاراغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ «قۇدرەتلىك قوشۇنى بولسىمۇ ئۇنىڭ ئورنى تۆۋەن بولغان» («سۈينامە. جاڭ سۈن-شىڭ تەرجىمىھالى»). شۇڭلاشقا، بۇ قېتىمقى ئىچكى توقۇنۇش تۈرك دۆلىتىدىكى ئەڭ كۈچلۈك چوڭ قاغانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش، بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئۇرۇشنىڭ كۆلىمىنىڭ چوڭلىقى ۋە دەھشەتلىكلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. رەقىبىنى يېڭىش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ سۈي سۇلالىسىنىڭ ھېچبولمىغاندا بىتەرەپ تۇرۇشىنى ئۈمىت قىلىشقان، ئىمكانقەدەر سۈي سۇلالىسىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان. شۇڭا «سۈينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە تاردۇ بىلەن ئىشپارا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى «جەڭ داۋاملىشىپ تۇردى» دەپ بايان قىلغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا «ھەر قايسى تەرەپ ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم سورىدى» دېيىلگەن. تاردۇ مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان.

«سۈيىنامە. خان ھەققىدىكى خاتىرىلەر I» دە: «كەيخۇاڭنىڭ 4 - يىلى (مىلادى 584 - يىلى) 2 - ئايدا، تۈرك قاغانى ئاشىناجەن (تاردۇ) قەۋمىنى باشلاپ بەيئەت قىلدى» دېيىلگەن. «تۈرك قاغانى ئاشىناجەن» نى «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى» 11 - جىلدتا «تۈرك قاغانى ئاشىنا تاردۇ» دەپ يازغان. «تاردۇ» دېگەن نامدا خاتالىق يوق. لېكىن بۇ سۇي، تاڭ دەۋرىدىكى تارىخى كىتابلاردىكى يېگانە مەلۇمات ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى بۇ مۇشكۇل دالاسىنىڭ ئەينى چاغدىكى ۋەزىيىتىگىمۇ ماس كەلمەيدۇ. ئۇنى تۈرك تارىخىدىكى چوڭ بىر گۇمانلىق مەسىلە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

تاردۇ ئەينى چاغدا كەڭ زېمىننى ئىدارە قىلغان، نام - ئاتىغى چىققان، تەسىرى يىراقلارغىچە يەتكەن چوڭ قاغان; ئۇ ئەۋەتكەن ئاپاندىڭ 10 تۈمەندىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇنى مۇشكۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا «غەلىبە قىلغان»، ۋەزىيەت ئۇنىڭغا بەكمۇ پايدىلىق بولغان ئەھۋالدا، ئۇ قانداقمۇ «ئۆز قەۋمىنى باشلاپ» سۇي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلسۇن؟ ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن سۇي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان بولسا، سۇي سۇلالىسىدا يۇقۇرى - تۆۋەندە داغدۇغا پەيدا قىلغان چوڭ ۋەقە ھېسابلىناتتى، ئەھمىيىتى ئىككى خەن دەۋرىدە قوغشارنىڭ خەن سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغانلىقىدىن قېلىشمايتتى، سۇي سۇلالىسى كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىدىغان مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ تەبرىكلىگەن بولاتتى ⑦، سۇي سۇلالىسىنىڭ خان يارلىقىدا ياكى ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزلىرىغا سۇنغان مەكتۇبىدە بۇنى مەدھىيىلىشى مۇقەررەر ئىدى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، «سۈيىنامە» نىڭ 80 جىلدتىن ئارتۇق سەھىپىسىدە يۇقۇرقى بىر جۈملە مەلۇماتتىن باشقا خاتىرە يوق. بۇ گۇمانلىنىشقا تېگىشلىك چوڭ بىر مەسىلە. سىماگۇاڭ «سۈيىنامە» دىكى بۇ خىل كۆز قاراشقا ئىشەنمەي، ئۇنى «تۈركلەرنىڭ تاردۇ قاغانى سۇي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىش ھەققىدە تەلەپ قويدى» دەپ ئۆزگەرتكەن («ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى»، 176 - جىلد، جاڭچىڭگوڭ جۈرئى 2 - يىلى)، ھەمدە «غەيرى نۇقتىلار ھەققىدە مۇھاكىمە» دە: «سۈيىنامە. خان ھەققىدىكى خاتىرە» دە، «ئاشىنا تاردۇ ئۆز قەۋمىنى باشلاپ بەيئەت قىلدى» دېيىلگەن، شۇ چاغدا تاردۇنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالغاندا، ئۇنى «قەغەز يۈزىدىلا بەيئەت قىلغان دېيىش كېرەك» دېگەن. تاردۇنىڭ راس بەيئەت قىلغانلىقى ياكى «قەغەز يۈزىدىلا بەيئەت قىلغانلىقى» ھەققىدە بىر نەرسە دېمەي تۇرايلى، سىماگۇاڭ «سۈيىنامە» دە ئۆزگەرتكەن مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئۇ «ئۆز قەۋمىنى باشلاپ سۇي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى» دېگەننى «بەيئەت قىلىش ھەققىدە تەلەپ قويدى»، يەنى ئەلچى ئەۋەتىپ بەيئەت

قىلدى دەپ ئۆزگەرتكەن. يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرگەن «ھەر ئىككى تەرەپ ئەلچى ئەۋەتىپ سۈي سۇلالىسىدىن ياردەم سورىدى» دېگەن مەلۇمات بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، سىماگۇاڭنىڭ ئۆزگەرتىشىنى ناھايىتى ئورۇنلۇق بولغان.

يولداش ۋاڭخۇەن تاردۇ شەخسەن ئۆزى بېرىپ سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى دېگەن سۆزگە ئىشەنگەن ھەمدە تاردۇنىڭ بەيئەت قىلىشى ئاپا قاغاننىڭ بېسىمىدىن بولغان دەپ ھېساپلىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاپا قاغان قولدىن كەتكەن زېمىننى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تەدرىجى كۈچىيىپ، قۇدرەت تاپقان. غەرپكە قاراپ كېڭىيىپ تاردۇنىڭ قەۋمى ۋە زېمىننى ئۆزىگە قوشىۋالغان»، «تۈرك قاغانى ئاشىنا تاردۇ ئۆز قەۋمىنى باشلاپ بەيئەت قىلىش» تا، ئاپا قاغاننىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن ئەسلى ماكانى يۇلتۇز ۋادىسىدىن شەرققە كۆچۈپ، سۈي سۇلالىسى باشقۇرغان رايونلارغا بارغان بولۇشى مۇمكىن.» بىزنىڭچە، ۋاڭخۇەننىڭ بۇنداق كۆز قارىشىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشقا بولىدىغان تەرەپلىرى بار. بىرىنچى، يولداش ۋاڭخۇەن «تاردۇ قاغان بىلەن ئاپا قاغاننىڭ زىددىيىتى ۋە توقۇنۇشى ھەققىدە تارىخىي كىتاپلاردا تەپتىش قىلغىدەك مەلۇمات يوق» لىغىنى ئېتىراپ قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ يۇقۇرىدىكى كۆز قارىشى ئۆزىنىڭ قىياسىدىنلا ئىبارەت، خالاس. ئىككىنچى، تۆۋەندىكى ۋاقىت جەدۋىلىگە قاراپ باقايلى: ئاپا قاغان مىلادى 583 - يىلى 6 - ئايدا خېشىدىكى لياڭجۇ ئىگىزلىكىدە سۈي سۇلالىسىنىڭ دۇرۇۋدىلىق قوشۇنى بىلەن قارىشلاشقان. 6 - ئايدا جاڭ سۈنشېڭ ئۇنىڭغا «چېگرىدا ئەسكەرلەرنى قالدۇرۇپ، ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ ئوردىغا ئەلچى ئەۋەتىش» توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن («سۈينامە. جاڭ سۈنشېڭ تەرجىمھالى»، «سۈينامە. خان ھەققىدىكى خاتىرىلەر I»). ئىشپارا تەخمىنەن 6 - 7 - ئايلاردا «شىمالىي بارگاھ»قا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. ئاپا قاغان تەخمىنەن 8 - 9 - ئايلاردا «ماكانسىز قالغاچقا، غەرپكە — تاردۇنىڭ يېنىغا قاچقان». مىلادى 584 - يىلى 2 - ئايدا «ئاشىنا تاردۇ قەۋمىنى باشلاپ سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان». ئەگەر ئاپا قاغان ئۆزى يالغۇز تاردۇنىڭ يېنىغا قېچىپ بارغان، تاردۇدىن ئون تۈمەن ئەسكەر ئېلىپ شەرققە — ئىشپاراغا ھۇجۇم قىلىپ، «ئۆز زېمىنى»نى قايتۇرۇۋالغان، ئىشپارانى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن يەنە قايتىپ كېلىپ تاردۇنى مەغلۇپ قىلىپ، «ئۇنىڭ قەۋمى ۋە زېمىنىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاچقا»، تاردۇ ئامالسىزلىقتىن سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان بولسا، ئاپا قاغان يەتتە، سەككىز مىڭ چاقىرىم، تاردۇ ئىككى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرگەن بولىدۇ، ھالبۇكى ئارىسىدىن ئۈچ - تۆت ئايلا ۋاقىت كەتكەن، بۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ماشىنلاشقان ئۇس-

كۈنلەر بىلەن ئۇ ئۇلى ئىشقا ئاشۇرۇش قىيىن. ئۈچىنچى، ئاپا قاغان ئەسلىدىلا ئىشپارا ۋە تاردۇدىن ئاجىز بولغاچقا، «ئاپا ئارىسالدىلىقتا تۇرغان»، «كىم كۈچلۈك بولسا شۇنىڭغا يېقىنلاشقان، بىر قارارغا كېلەلمىگەن» («سۈينامە. چاڭ سۈڭشىمىڭ تەرجىمىسى»). ئىشپارا زىمىنى بۆلەك-تالاڭ قىلىنغانلىقتىن كېيىن، قوشۇنلىرىدىن تەلتۆكۈس مەھرۇم بولۇپ، تاردۇنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ، بىچارىلارچە «ئون تۈمەن ئەسكەر سورىغان»، شۇنداق تۇرۇغلۇق ئۇ پەقەت تاردۇدىن ئاران ئون تۈمەن ئەسكەر بىلەن ئۈچ، تۆت ئاي ئىچىدە شەرقتە ئىشپارانىڭ شەرقىي تۈرك خانلىقىنى، غەرپتە قۇدرەتلىك تاردۇ قاغاننى مەغلۇپ قىلالىشى مۇمكىنمۇ؟ ئاپا قاغاندا قانداقتۇ بىر غايىۋى كۈچ بولمىسا، يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلالىشى زادى مۇمكىن ئەمەس. ئۈچىنچى، ئاپا قاغان «ئۆز زىمىنى»نى يېڭىدىن قايتۇرۇۋېلىپ، تېخى ئۆزىنى ئوڭشىۋالمايلا ئۆزىنىڭ قوللىغۇچىسى بولغان قۇدرەتلىك تاردۇ قاغانغا ھۇجۇم قىلامسۇن. بۇ يەردە ئاپا قاغان باشچىلىق قىلغان، تاردۇ بەرگەن ئون تۈمەندىن ئارتۇق ئاتلىقنىڭ بۇيرۇققا بويسۇنۇش-بويسۇنماسلىق مەسىلىسى ئۈستىدە توختالماي تۇرايلى، ئاپا قاغاننىڭ تەنتەكلىك قىلىپ ئۆزىنى شەرق ۋە غەرپ تەرەپتە رەقىبى بار خەتەرلىك ۋەزىيەتتە قالدۇرۇشى شەكىل جەھەتتە بالىلار ئويۇنىغا ئوخشىمامدۇ؟ تاردۇنىڭ سۈيۈرغاللىق زىمىنى ئاساسەن كۆكئارت (پامىر) نىڭ غەربىدە، ئەگەر ئاپا قاغان تاردۇنى مەغلۇپ قىلدى دەپ ھېساپلىغاندا، تاردۇ كۆكئارتتىن ئۆتمەي تۇرۇپ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاچالمايدۇ، ئاپانىڭ ئىشغالىيىتىدىكى شەرقىي شىنجاڭ (يولداش ۋاڭ خۇيەن شەرقىي شىنجاڭنى ئاپا قاغاننىڭ زىمىنى دەپ قارايدۇ) رايونىدىكى تاغ-دەريالاردىن ئۆتمەي تۇرۇپ، سۇي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىشقا كېلەلەمدۇ؟ بۇنداق مەسىلىلەردىن يەنە بىر نەچچىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ. قىسقىسى، «سۇينامە. خان ھەققىدىكى خاتىرىلەر I» دە خاتىرىلەنگەن «تۈركلەرنىڭ ئاشىنا تاردۇ قاغانى ئۆز قەۋمىنى باشلاپ سۇلالىمىزگە بەيئەت قىلدى» دېگەن مەلۇماتقا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. يولداش ۋاڭ خۇيەننىڭ تاردۇ ئاپا قاغاننىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن سۇي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان دېگەن كۆز قارىشى سۇبيېكتىپ قىياستىنلا ئىبارەت، بۇنى «قامۇسنامە» دە ئېيتىلغاندەك «تۈركلەرنىڭ تاردۇ قاغانى سۇي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىش ھەققىدە تەلەپ قويدى»، يەنى سۇي سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ بەيئەت قىلىش تەلىۋىنى يەتكۈزدى، دېيىش كېرەك، ئۇ راست بەيئەت قىلغانلىق بولماستىن «قەغەز يۈزىدىلا بەيئەت قىلغانلىق». بۇ ۋەقە ئىشپارا بىلەن تاردۇ قاغان موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدا چوڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇش قىلىشىۋاتقاندا يۈز بەرگەن، ئارقا كۆرۈنۈشى

جەمەتتىن ئالغاندا، «سۈينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغان «ھەر ئىككى تەرەپ ئەلچى ئەۋەتىپ، يارىشىش ۋە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان» چاغدىكى ئەھۋالدۇر.

(4) تاردۇ قاغان غەربىي تۈرك خانلىقىدا چوڭ قاغانلىق رولىنى ئىزچىل جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. مەسىلەن، يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، تاردۇ بىلەن ئىشبارادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قاغان موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدا چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، ئۇلار سۈي سۇلالىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ «يارىشىش ۋە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان». سۈي سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپلا «كۈچلۈكلەردىن يىراقلىشىش، ئاجىزلار بىلەن بىرلىشىش» سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن. تۈرك دۆلىتىدىكى قارشىلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ قايسى كۈچلۈك، قايسى ئاجىز ئىكەنلىكى تېخى روشەنلەشمىگەنلىكى ئۈچۈن، سۈي سۇلالىسى دەسلەپقى قايسى تەرەپنى قوللاش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەي، «ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمىغان».

لېكىن، سۈي سۇلالىسى ئارىسالدىلىقتا ۋەزىيەتنى كۆزىتىۋاتقاندا، ئاپا قاغان تاردۇ قاغاننىڭ ئون تۈمەن ئاتلىق ئەسكىرىگە باشچىلىق قىلىپ، چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قوزغاپ «ئۆز زېمىنى» نى قايتۇرۇۋېلىپ، ئىشبارانىڭ شەرقىي تۈرك خانلىقىدىكى زېمىنىغا بېسىپ كىرگەن. «ئاپا قاغان جەڭلەردە غەلىبە قازىنىپ، بارغانسېرى قۇدرەت تاپقان» لىقتىن، سۈي سۇلالىسىنىڭ ئەمدى كۆزىتىپ تۇرۇۋېرىشكە ئىمكانىيەت قالمىغان. مىلادى 584 - يىلى 4 - ئايدا، سۈيۋېندى ئىشبارانىڭ تەلىپىگە بىنائەن، مۇھىم ئەمەلدار يۈچىڭشىينى شەرقىي تۈركلەرگە ئەۋەتكەن. يۈچىڭشى يولغا چىقىش ۋاقتىدا سۈيۋېندى ئۇنىڭغا: «مەن تۈركلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى خالايمەن، ئۇلار ئايغىرئات ئەكېلىپ بېرىشى، ئەمما سانى ئۈچ ياكى بەشتىن ئاشماسلىقى لازىم» دېگەن. بۇنىڭدىن شەرقىي تۈركلەرنىڭ ۋەزىيىتى يامانلىشىپ، سۈي سۇلالىسىغا «مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى» ئېھتىياجلىق دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يۈچىڭشى شەرقىي تۈرك خانلىقىغا بارغاندا، ئىشبارا ۋە ئىنىسى يابغۇلارنىڭ مۇئامىلىسىدە ئىلگىرىكىدەك ھاكاۋۇرلۇقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان، «خاننىڭ يارلىقىنى ئېھتىرام بىلەن قوبۇل قىلغان»، «سادىقەتلىك بىلەن ئولپان تاپشۇرۇپ بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن» («سۈينامە. يۈچىڭشى تەرجىمىھالى»). تارىخىي كىتابلاردا، ئىشبارا سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ياكى ئۇنىڭدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەن چاغدا (مىلادى 584 - يىلى، قانچىنچى ئاي ئىكەنلىكى خاتىرىلەنمىگەن) «ئىشبارا تاردۇنىڭ ئۆزىنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرغانلىقى ھەمدە شەرقتىكى كىدان (قىتان) لاردىن ۋەھىمە قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئوردىغا جىددىي مەلۇمات يوللاپ،

قەۋمىنى موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتكۈزۈپ، بەيداۋ ۋادىسىدا ماكانلاشمىش تەلمۈنى قويغانلىقى، ئوردىنىڭ بۇ تەلەپكە قوشۇلغان » لىقى خاتىرىلەنگەن ( « سۈينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى » ). بۇنىڭدىن تاردۇ تەۋەتكەن ئاپا قاغان باشچىلىقىدىكى غەربىي تۈرك خانلىقى قوشۇنىنىڭ ئىشپارانى موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدىن قىچىشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۇنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ؛ سۈيۋېندىنىڭ «تۈركلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى خالايمەن » دېگەن سۆزى شەرقىي تۈركلەرنىڭ قىيىن ۋەزىيەتتە قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. سۈيۋېندى ئىشپارانى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن، ئىشپارانىڭ بەيداۋ ۋادىسىدا ماكانلاشمىش تەلمۈنگە قوشۇلغاندىن كېيىن، جىنۋاڭ ياڭگۇاڭغا « قوشۇن بىلەن ياردەم بېرىش » ھەمدە « يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلەپ، شەپقەت ئارقىلىق ئىلھام بېرىش » ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئىشپارا سۈي سۇلالىسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندىن كېيىن دەرھال « غەرپتە ئاپاغا زەربە بېرىپ، ئۇنى تىرىك تۇتقان ». « سۈينامە. خان ھەققىدىكى خاتىرىلەر [1] » ۋە « تۈركلەر تەزكىرىسى » دىكى بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار ئاساسىدا قىياس قىلغاندا، بۇ ۋەقە 584 - يىلى قىش ياكى 585 - يىل ئەتىيازدا يۈز بەرگەن. بۇنىڭدىن، ئاپا بىلەن ئىشپارانىڭ مىلادى 583 - يىلى باشلانغان ئىچكى ئۇرۇشى بۇ مەزگىلگە كەلگەندىمۇ يەنىلا دەھشەتلىك ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، يولداش ۋاڭ خۇەننىڭ ئاپا قاغان تولىدىن كەتكەن زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىپ، تاردۇنىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنىغا بېسىپ كىرگەن، دېگەن سۆزىگە ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يولداش ۋاڭ خۇەن تاردۇنىڭ ئىشپارانى موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدىن قىچىپ دالىنىڭ جەنۇبىدىكى بەيداۋ ۋادىسىدا ماكانلىشىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاردۇ قاغان بۇنىڭدىن ئىلگىرى « ئۆز قەۋمىنى باشلاپ سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان » دەپ ھېساپلىغانلىقى ئۈچۈن. « ئىشپارا تاردۇ تەرىپىدىن قىينچىلىقتا قالدۇرۇلغان » دېگەن چۈشەندۈرۈشى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانمىغان ئەمەس، ئۇ مەسىلىنى « ئېھتىمال » دېگەندىن كېيىنكى بىر قاتار قىياسلار ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « ئىشپارانىڭ جەنۇپقا كۆچۈشى، ئېھتىمال تاردۇ قاغان سۈي سۇلالىسى زېمىنىدىن ئىشپارا قاغان باشقۇرۇشىدىكى رايونغا يەنى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئىشپارا بىلەن بولغان توقۇنۇشتا، ئىشپارا قاغاننى قەبىلىسىگە باشلاپ موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونغا، يەنى بەيداۋ ۋادىسى بويلىرىغا كۆچۈپ كېلىشكە مەجبۇر قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك ». يولداش ۋاڭ خۇەننىڭ بۇ مۇلاھىزىسىگە سۈي، تاڭ تارىخنامىلىرىدىن

ھېچقانداق ئاساس تاپقىلى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە توختالمايلا قويايلى، يولداش ۋاڭ خۇەن دۆلىتى ۋەيران بولغاچقا «قەۋمىنى باشلاپ» سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلدى دېگەن. تاردۇ قاغان ئاز سانلىق ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن قانداقمۇ موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىغا بېسىپ كىرىپ قۇدرەتلىك شەرقىي تۈرك خانلىقىنى مەغلۇپ قىلالىسۇن؟ يولداش ۋاڭ خۇەن تاردۇنىڭ «قەۋمى» نى نەچچە تۈمەن ياكى ئون نەچچە تۈمەن كىشىلىك قوشۇن دەپمۇ قىياس قىلسۇن، لېكىن سۈي سۇلالىسىنىڭ بويۇنچىلىك ئاستىدىكى كۆپ قوشۇننىڭ چېگرىدىن كىرىشىگە يول قويۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە تاردۇنىڭ ئورغۇن كىشىلىك قوشۇن بىلەن موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىغا بېسىپ كىرىپ سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان ئىشبارىغا ھۇجۇم قىلىشىغا يول قويارمۇ؟ ھالبۇكى، تاردۇ موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا بېسىپ كىرگەن (يولداش ۋاڭ خۇەننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا)، ئىشبارا جەنۇپقا قاچقان بەيداۋ يولى تاردۇ تەرىپىدىن قامال قىلىنغان تۇرسا، ئىشبارا قانداقمۇ جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ بەيداۋ-ۋادىسىغا كېلەلىسۇن؟ چۈشىنىشكە بولمايدىغان يېرى شۇكى، ئىشبارا «تاردۇ تەرىپىدىن قىيىنچىلىقتا قالدۇرۇلغان» لىقتىن جەنۇپقا يۈرۈش قىلغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ شۇ يىلى سۈي سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، تاردۇغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما «سۈينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە «غەرپتە ئاپانى مەغلۇپ قىلدى» دېيىلگەن. بۇ تاردۇ بىلەن ئاپا بىر لىگەر (غەربىي تۈرك خانلىقى) دا ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئاداۋەتنىڭ كېيىنكىسىگە قوماندانلىق قىلغۇچى ۋە ئەمەلىيەتتىكى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟ بۇلارنى يولداش ۋاڭ خۇەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

يولداش ۋاڭ خۇەن مۇنداق دەيدۇ: «غەربىي تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تاردۇ قاغاننىڭ پائالىيەت دائىرىسى شەرقتە يەنى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغىچە يەتكەن، ئۇنىڭ غەربىي خانلىق زېمىنىدىكى پائالىيىتى ھەققىدە شۇندىن ئېتىۋارەن قايتا مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان». بۇنىڭغا بىزنىڭ قارىشىمىز مۇنداق: بىرىنچى، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، مىلادى 584 - يىلى ئىشبارانىڭ جەنۇپقا يۆتكىلىپ بەيداۋ ۋادىسىغا كېلىشى تاردۇ ئەۋەتكەن ئاپا قاغان باشچىلىقىدىكى قوشۇننىڭ (ئاساسەن تاردۇنىڭ قوشۇنىدىن تەشكىللەنگەن) موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدىن ھۇجۇم قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ئۇلارنىڭ يۈرۈش قىلىش لىنىيىسىنى غەربىي تۈرك خانلىقى بىلەن شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىدىكى چېگرىسىدا دېيىش كېرەك، ئۆتۈكەن تېغىنىڭ جەنۇبىدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس؛ چۈنكى ئۆتۈكەن

تېگىنىڭ جەنۇبىدا بولسا، ئىشپارانىڭ جەنۇبىغا — بەيداۋ ۋادىسىغا يۆتكىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىككىنچى، ئىشپارا بەيداۋ ۋادىسىغا كەلگەندىن كېيىن، سۈي سۇلالىسىنىڭ يارىدىمى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا. ئىشپارا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى قارا بەگ قاغان (ئۇمۇ سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان) غەربتىكى ئاپا قاغانغا. يەنى تاردۇ باشچىلىقىدىكى غەربىي تۈرك خانلىقىغا ئىككى قېتىم جازا يۈرۈشى قىلغان. جۇغراپىيىلىك ئورۇن تەۋەپەيلىدىن، تاردۇ ئالدى بىلەن ئاپا قاغان ۋە ئۇنىڭ سۈيۈرغانلىق زېمىنىغا ھۇجۇم قىلغان (ئاپا قاغاننىڭ سۈيۈرغانلىق زېمىنى دائىرىسىدە تاردۇ قاغان دەۋرىدە ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان. يەنى ئۆتتۈكەن تېغى بىلەن ئالتۇنتاغ ئارىسىغا جايلاشقان. بۇ مەسىلە ئۈستىدە تۆۋەندە يەنە توختىلىمىز). مىلادى 587 - يىلى قايتا ئۇرۇش قوزغىغاندا مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەن ⑧ (2 - قېتىم ئەسىرگە چۈشۈشى). ئاپا قاغان بىلەن شەرقىي تۈرك خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش، ئەمەلىيەتتە تاردۇنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقى بىلەن شەرقىي تۈرك خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش، ئاپا قاغاننىڭ مەغلۇبىيىتى تاردۇنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئىدى. يولداش ۋاڭ خۇەن ئاپا قاغان بىلەن تاردۇنى بىر - بىرىدىن تامامەن ئايرىۋەتكەن، ئۇنىڭ «شۇندىن باشلاپ تاردۇنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقى زېمىنىدىكى پائالىيىتىنى چېلىقتۇرغىلى بولمايدۇ» دېگىنى خاتا. دەرۋەقە، ئاپانىڭ ئۆز ئالدىغا خان سىستېمىسى ۋە سۈيۈرغانلىق زېمىنى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانى تاردۇنىڭ قول ئاستىدىكى قاغان. يولداش ۋاڭ خۇەن مۇنداق دەيدۇ: «ئاپا قاغان كېيىن ئىشپارا قاغان بىلەن قارا (قورا) بەگ قاغاننىڭ كۆپ قېتىملىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، تاردۇ قاغان ئۇنى قايتا قوللىمىغان». بىزنىڭچە، ئەھۋال دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، تاردۇ غەرب تەرەپتىن قوللىغانلىقى ئۈچۈن، ئاپا قاغان شەرقىي تۈرك خانلىقى بىلەن سۈي سۇلالىسىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى زەربە بەرگەن بولسىمۇ يوقىلىپ كەتمىگەن، ئۇنىڭ ۋارىسى نىلىنىڭ قاغانلىق تەختىگە چىقىشىغا ئىمكانىيەت قالغان، ئۇنىڭ سۈيۈرغانلىق زېمىنىمۇ قۇدرەتلىك شەرقىي تۈرك خانلىقىغا قوشۇۋېلىنىش خەۋپىدىن ئامان قالغان. ئۈچىنچى، مىلادى 585 - يىلىدىن كېيىن، تاردۇنىڭ نام - ئەمەلى تارىخ كىتابلىرىدا چىقمايدۇ، ئارىدىن توققۇز يىل ئۆتۈپ، مىلادى 593 - يىلغا كەلگەندە، ئۇنىڭ نامى تارىخ كىتابلىرىدا قايتا تىلغا ئېلىنغان، تاردۇنىڭ خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى پائالىيەت دائىرىسى ئىزچىل تۈردە ئۆتتۈكەن تېغىنىڭ جەنۇبىدا بولغان دېيىشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. ئەمەلىيەتتە، بۇ مەزگىلدە سۈي سۇلالىسى بىلەن شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ بىرلەشمە كۈچى ناھايىتى قۇدرەتلىك

بولغانلىقى ئۈچۈن، تاردۇ شەرقىي تۈرك خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۇدا مەغلۇپ بولغان (ئاپا قاغاننى ئىككى قېتىم ئەسىرگە چۈشكەن)، شۇ ۋەجىدىن تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش، پۇرسەت بولسىلا سۈي سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايونىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالغان ھەمدە يىراق غەربىي قىسىم (غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ زېمىنى) دا پاناقاپ، ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئېپى كەلگەندە ئۆزگىرىش قىلىش پەيتىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولغان. شۇڭا تاردۇنىڭ ئىز - دېرىكى «يوقاپ كېتىشى»، ئۇنىڭ پائالىيەت دائىرىسى خەنزۇلار يېرىگە يېقىن ئۆتۈكەن تېغىنىڭ جەنۇبىدا بولماستىن، بەلكى يىراق غەربىي تۈرك خانلىقىدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەشىنچى، مىلادى 594 - يىلى، يەنى تاردۇ تارىخنامىلاردا قايتا چېلىققاندىن كېيىنكى 2 - يىلى، «تۈركلەرنىڭ تاردۇ قاغانى بىلەن تۇرىيان قاغانى (تۇرىيان — قارا بەگ قاغاننىڭ ئورنىغا شەرقىي تۈرك خانلىقىغا مىلادى 588 - يىلدىن 599 - يىلغىچە چوڭ قاغان بولغان) ئۇرۇش قىلىشقان، ئۇلار ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم سورىغان» لىقى خاتىرىلەنگەن («سۈينامە. جاڭ سۈنشىنىڭ تەرجىمىھالى»). بۇ بىر ئابزاس مەلۇماتتا «ئۇرۇش قىلىشقان» ئورۇن خاتىرىلەنمىگەن. لېكىن يولداش ۋاڭ خۇەن تاردۇ قاغان غەربىي تۈرك خانلىقىدىن بۇرۇنلا ئايرىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭ بىلەن غەربىي تۈركلەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت قالمىغان دەپ ھۆكۈم چىقارغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «بۇ بىر ئابزاس ماتېرىيالدىن تاردۇنىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ يەنە موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونغا يەتكەنلىكىنى، شۇڭا تۇرىيان قاغان بىلەن ھۇجۇم قىلىشقانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ» دەپ مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن. ئېيتىپ باقسۇنچۇ، يولداش ۋاڭ خۇەن نېمىگە ئاساسلىنىپ ئىككى قاغان ھۇجۇم قىلىشقان جايىنى ئىككى خانلىقنىڭ چېگرىسىدىكى موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىدا دېمەستىن، دالىنىڭ جەنۇبىدا دەيدۇ؟ ئەگەر يولداش ۋاڭ خۇەننىڭ پىكرى توغرا دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا تاردۇ يوقاپ كەتكەن توققۇز يىلدا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ زور قوشۇنى (قۇدرەتلىك شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ تۇرىيان قاغانى بىلەن ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىشالىغان زور قوشۇن) نەگە يوشۇرۇنغان؟ مۇنداقچە ئېيتقاندا، تاردۇ قاغان بۇ مەزگىلدە نەدە تۇرغان، ئۇ يەنە قايەردىن «موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونغا ئىلگىرىلەپ بارغان»؟ ئەملىيەتتە، بۇ بىر ئابزاس ماتېرىيال دەل تاردۇ قاغاننىڭ يەنىلا غەربىي تۈرك خانلىقىدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ ۋاقىتتا شەرقىي تۈرك خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغانكى، ئۇنىڭ زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ غەربىي تۈرك خانلىقى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەينى چاغدا تۇرىيان ئىشپارادىن بۆيان

سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىپ كەلگەن سىياسەتنى ئۆزگەرتىپ، سۈي سۇلالىسى زىمىنىغا بېسىپ كىرگەن. سۈي سۇلالىسىمۇ 10 يىلدىن بۇيانقى شەرقىي تۈرك خانلىقىنى قوللاش سىياسىتىنى ئۆزگەرتكەن. تاردۇ ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىچە پايدىلىق بۇ زور ئۆزگىرىشنى مۆلچەرلىگەنلىكى ئۈچۈن، تۇرىيان قاغانغا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنىغان. تارىختا تاردۇ بىلەن تۇرىيان «ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم سورىغان» لىقى، سۈي سۇلالىسى بۇ قېتىم ھېچقايسى تەرەپكە يان باسمىغانلىقى، بەلكى جاڭ سۈڭشىڭنىڭ «ئەلچىلىك خېتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا يارىشىش توغرىسىدىكى يارلىقنى ئوقتۇرغان» لىقى خاتىرىلەنگەن («سۈينامە. جاڭ سۈڭشىڭ تەرجىمىھالى»). بەشىنچى. «سۈينامە» گە ئاساسلانغاندا، تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەندىن كېيىن، تاردۇ قاغان موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايوندا پائالىيەت قىلغان. بىر قەدەر ئىشەنچلىك ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، ۋاقتى 589 - يىل بولۇشى لازىم⑨. مىلادى 593 - يىلدىن باشلاپ شەرقىي تۈرك خانلىقىدىكى تۇرىيان قاغان سۈي سۇلالىسىغا «ئولپان تاپشۇرمىغان» لىقى، ئۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، شەرقىي تۈرك خانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولغان. تۆلىش قاغان (زامقان) باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەر سۈي سۇلالىسى بىلەن دوستانە ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلغان، مىلادى 597 - يىلى ئۆز قەۋمىنى باشلاپ جەنۇبقا — سۈي سۇلالىسى قورغىنىغا كەلگەن. سۈي سۇلالىسى تۆلىش قاغاننىڭ ھەركىتىنى ئاشكارا قوللاش يۈزىسىدىن، ئەينى قۇنچۇي (مەلىكە) نى تۆلىشقا ياتلىق قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئىدل ئىدۇگ كەمىن قاغان دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن. بۇنىڭدىن ئاۋال تۇرىيان قاغانمۇ سۈي سۇلالىسىغا قۇدىلىشىش تەلىپىنى قويغان، سۈي سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى جاڭ سۈڭشىڭ تۇرىيانغا «ئەمدى ئىشەنگىلى بولمايدۇ»، «ھامان مەغلۇپ بولىدۇ» دەپ ئەقىل كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، تۇرىياننىڭ قۇدىلىشىش تەلىپى رەت قىلىنغان. تۇرىيان بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، «مەن — چوڭ قاغان. مېنى قانداقمۇ زامقانغا تەڭلەشتۈرگىلى بولسۇن!» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن سۈي سۇلالىسىنىڭ «چېگرىسىدا بىر نەچچە قېتىم پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان»، لېكىن ئۇنىڭ ھەربىي ھەركىتى سۈي سۇلالىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان. مىلادى 598 - يىلى تۇرىيان بىلەن تاردۇ ئىتتىپاق تۈزۈپ جەنۇبقا ھەربىي يۈرۈش قىلغان. تاردۇ قوماندانلىق قىلغان ئون تۈمەندىن ئارتۇق سەرخىل ئاتلىق ئەسكەر سۈي سۇلالىسىنىڭ چېگرا رايونى لىڭجۇغا ھۇجۇم قىلغان. ياڭسۇ قوماندانلىقىدىكى سۈي سۇلالىسى قوشۇنى ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلغان. تاردۇ جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن. ئىككىنچى يىلى (599 - يىلى)

تۈرىيان «تاردۇ بىلەن قايتا ئىتتىپاق تۈزگەن» («سۈينامە. جاڭ سۈگىشىڭ تەرجىمىسى»)، ئۇلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى تۈلىشكە تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قورغان شەھىرىنى ئىشغال قىلغان ۋە تۈلىشنىڭ ئاغا - ئىنىلىرىنى ئۆلتۈرگەن، تۈلىشنىڭ قەۋمى تارىلىپ كەتكەن. تۈلىش يالغۇز ئۆزىلا سۈي سۇلالىسى زېمىنىغا كېلەلىگەن. مىلادى 599 - يىلى تۈرىيان قاغان ئۆلگەندىن كېيىن، تاردۇ ئۆزىنى بىلگە قاغان دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى شەرقىي تۈرك خانلىقى زېمىنىغا كېڭىيىپ، بىر مەھەل شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىقلىرى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. بۇنداق ۋەزىيەت مىلادى 603 - يىلى موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدىكى تۈرالار قوزغىلاڭ كۆتىرىپ تاردۇنى قوغلىۋەتكەنگە قەدەر داۋام قىلغان. يۇقۇرىقىلاردىن تاردۇنىڭ شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىدا قايتا ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقتى يولداش ۋاڭ خۇەن ئېيتقاندەك مىلادى 584 - يىلى ئۇ سۈي سۇلالىسىغا «بەيئەت قىلغان» دىن كېيىن بولماستىن، بەلكى مىلادى 598 - يىلى ئىكەنلىكىنى؛ تۈرىيان سۈي سۇلالىسى بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا ئۇدا مەغلۇپ بولغان ئەھۋالدا، تاردۇ بىلەن «ئىتتىپاق» تۈزۈشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى؛ مۇنداقچە ئېيتقاندا، تاردۇ قاغان ۋە ئۇ قوماندانلىق قىلغان زور قوشۇننىڭ موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايوندا ئوتتۇرىغا چىقىشى، شەرقىي تۈرك خانلىقىدىكى تۈرىيان قاغاننىڭ تەكلىپ قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، تاردۇ يا تۈرىيان بىلەن موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدىكى ئىككى دۆلەت چېگرىسى تۇتاشقان جايغا ھۇجۇم قىلغان بولاتتى، يا سۈي سۇلالىسىنىڭ دۇنخۇاڭ چېگرا رايونىغا بېسىپ كىرگەن بولاتتى، شەرقىي تۈرك خانلىقى زېمىنىدىن ئۆتۈپ سۈي سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى رايونىغا بېسىپ كىرەلمەيتتى. شۇڭا تاردۇ تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈپ 15 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن تۈرىيان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ سۈي سۇلالىسىغا ھۇجۇم قىلغان ئەھۋالدا موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىدا ئوتتۇرىغا چىققانلىقى، ئۇنىڭ پائالىيەت دائىرىسى موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبى ياكى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ جەنۇبىدا ئەمەس، بەلكى موڭغۇل دالىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان غەربىي تۈرك خانلىقىدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(5) تاردۇنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى ۋە قانداق قىلىپ تويغۇنغا قېچىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا. شەرقىي تۈرك خانلىقى نەچچە ئون يىل قارشىلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردا بىر بىرىگە قاتتىق ئۆچمەنلىك شەكىللەنگەن. تۈرىيان قاغاننىڭ شەرقىي تۈرك خانلىقىدىكى ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى — تاردۇ ۋە ئۇنىڭ

زور قوشۇنىنى شەرقىي تۈرك خانلىقىغا تەكلىپ بىلەن ئەكىلىشى، بۆرىنى ئۆيگە باشلىغانلىق بولۇپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىدىكى يۇقۇرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىشى تەبىئىي ئىدى. مىلادى 599-يىلى تۈردىيانىڭ سىياسى رەقىبلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى مۇشۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. تۈردىيان ئۆلگەندىن كېيىن، تاردۇ شەرقىي تۈرك خانلىقى چېگرىسى ئىچىدىكى ئون تۈمەن سەرخىل ئاتلىق ئەسكەرنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ، مىلادى 600-يىلى ئۆزىنى بىلگە قاغان دەپ ئاتىغان. لېكىن ئەينى چاغدا ۋەزىيەت ئۇنىڭغا تولىمۇ پايدىسىز بولغان. بىرىنچىدىن، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى قارشى چىققان، ئىككىنچىدىن، ئۇ ئۆزىنى بىلگە قاغان دەپ ئاتىغاندىن كېيىن، سۈي سۇلالىسىغا قارشى چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان، ئۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىقلىرىدىكى خەلقنى، بولۇپمۇ تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدا ياشاۋاتقان ئاھالىسى كۆپ خەلق — تۈرالارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە شەپقەتسىز تالان-تاراج قىلغان، ئۇلارغا ئالۋاڭ-ياساق چاچقان، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەتكۈزگەن، بۇ ئەھۋال تۈركلەر ۋە تۈرالارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىغان، ئۈچىنچىدىن، سۈي سۇلالىسى ئەۋەتكەن زور قوشۇن بىر تەرەپتىن ھەر يىلى شىمالغا جازا يۈرۈشى قىلغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن كىمىن قاغاننىڭ تەسىرىدىن پايدىلانغان، موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدىكى تۈرك ۋە تۈرا خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە قوزغىتىش خىزمىتى ئىشلىگەن ھەمدە بۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. مىلادى 602-يىلى سۈي سۇلالىسى قوشۇنى موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىدا تاردۇنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان، تاردۇ موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىغا قېچىپ كەتكەن. 90 مىڭ تۈرك سۈي سۇلالىسىغا ئەل بولغان. ئىككىنچى يىلى (603-يىلى) موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالى ۋە جۇڭغارىيىدىكى تۈرالار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غەرپتە جۇڭغارىيىنىڭ شەرقىدىن موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىغىچە بولغان كەڭ جايلارنى ئىشغال قىلغان. تاردۇنىڭ زور قوشۇنى موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدا يېمىرىلگەن. تارىختا «تاردۇ تۇيغۇنغا قاچتى» دەپ خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالى نامەلۇم. يولداش ۋاڭ خۇەن مۇنداق دەيدۇ: «تاردۇ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن غەرپكە — غەربىي تۈرك خانلىقىغا ئەمەس، جەنۇپقا — تۇيغۇنغا قاچقان. بۇ ۋەقە غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھەرگىزمۇ تاردۇ قاغانغا تەۋە ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ». بۇنىڭ ئۈچۈن «سۈينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»نى ۋاراقلاپ كۆرسەكلا مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ: بۇ چاغدا جۇڭغار رايونىدىكى تۈرالار ئىللىقچان قوزغىلاڭ قىلغان، تاردۇنىڭ غەرپكە قايتىش يولىنى توسۇۋالغان

تۇرسا، ئۇ تۇيغۇنى قاچىماي، نەگىمۇ قاچسۇن؟

يۇقۇرقىلاردىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، تاردۇ تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەندىن تارتىپ ئىزچىل تۈردە غەربىي تۈرك خانلىقىدا چوڭ قاغان بولغان، ۋە 583-يىلدىن 600-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا غەربىي تۈرك خانلىقىدىكى تارىخىي پائالىيەتلەرگە غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانى سۈپىتىدە ئىشتىراك قىلغان، ئۇ مىلادى 600-يىلدىن 603-يىلغىچە شەرقىي تۈرك خانلىقى بىلەن غەربىي تۈرك خانلىقىنى بىر مەھەل بىرلىككە كەلتۈرگەن، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخىدا ئۇنىڭ ئوينىغان رولىغا كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. يولداش ۋاڭ خۇەن ئاساسەن تاردۇنىڭ تارىخىي پائالىيىتىگە مەنسۇپ ئىشلارنى ئاپا قاغاننىڭ پائالىيىتى قىلىپ قويغان. ئاپا قاغاننىڭ تارىخىي ئورنى ۋە رولىنى كۆپ يۇقۇرى قىلىۋەتكەن، بۇنداق قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس. بولۇپمۇ يولداش ۋاڭ خۇەن تاردۇنى پۈتۈنلەي غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ، ئۇنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈچىلىكى يوق شەخس قىلىپ قويغان: ئۇنداق قايسى جايدا تۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، بەزىدە تۇيۇقسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدۇ، قوشۇن باشلاپ ئىشپارا قاغاننى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى جەنۇپقا قېچىشقا مەجبۇر قىلىدۇ؛ تۇرىيان قاغان بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ، بەزىدە يەنە ئىز-دېرىكىمۇ بولمايدۇ، مىلادى 598-يىلى يەنە ئون تۈمەن كىشىلىك قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىنى بويسۇندۇرىدۇ. مانا بۇ جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدىن تېخى ئايدىڭلاشتۇرۇپ كەتكىلى بولمايدىغان تۈرك تارىخى ئىچىدىكى بىر تارىخ. يەنى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى تاردۇنىڭ تارىخىنى پارچە-پۇرات نەرسە قىلىپ قويغانلىق، يولداش ۋاڭ خۇەننىڭ ماقالىسىدا بەزىدە سۇبيېكتىپ ھەمىياتنى تارىخنىڭ ئورنىغا قويغان، بىزنىڭچە، بۇنداق قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس.

### 3. غەربىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئاپا قاغان ئىدارە قىلغان زېمىن ۋە بۇ زېمىننىڭ نۇركۇر قارا قاغان دەۋرىدىكى ئۆزگىرىشى

ماقالىمىزنىڭ 1-قىسمىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يولداش ۋاڭ خۇەن ئاپا قاغاننىڭ تاردۇ قاغان دەۋرىدىكى سۇيۇرغاللىق زېمىنى يەنى ئىدارە قىلغان زېمىنى بىلەن تاردۇ قاغان ئۆلگەندىن كېيىن غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانلىق ئورنىغا ۋارىس بولغان نۇركۇر قاغان دەۋرىدە ئىدارە قىلغان زېمىننى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. يولداش ۋاڭ خۇەن شۇنىڭ ئۈچۈن تاردۇ قاغاننى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى ئەمەس

دەپ ھېساپلىغانلىقى، ئۇ تاردۇ قاغاننى ھەقىقەتەن «قەۋمىنى باشلاپ» سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان دەپ قارىغاندىن باشقا، يەنە يۇقۇرىدا ئېيتىلغان پەرقنى تونۇپ يەتمەي، ئاپا قاغاننىڭ ئىدارە قىلغان زېمىنى غەرپكە كېڭىيىپ ئەسلىدە تاردۇغا تەۋە رايون — ئۈيسۇن يېرى ۋە تاشكەنتنىڭ شىمالىغىچە يەتكەن دەپ ھېساپلىغان. شۇڭا بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرماي تۇرۇپ، تاردۇ غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانىمۇ — ئەمەس؟ دېگەن مەسىلىنى ئاخىرقى ھېساپتا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئاپا قاغان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى نىلى قاغاننىڭ تاردۇ قاغان دەۋرىدىكى زېمىنى بىلەن تاردۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانى بولغان نۇركۇز قارا قاغاننىڭ دەۋرىدىكى زېمىنى كۆپ پەرقلىنىدۇ. ئۇ يەر - بۇيەردىن ئۈزۈۋېلىپ نەقىل كەلتۈرۈشتەك نۇقساندىن خالى بولۇش ئۈچۈن، بۇ مەسىلە ئەڭ بۇرۇن شۇنداقلا ئەڭ مۇكەممەل خاتىرىلەنگەن كىتاپ — «سۈينامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى ئەينى بويىچە نەقىل كەلتۈرىمىز: «غەربىي تۈركلەرنىڭ شەجەرىسى مۇقان (بىلگە) قاغاننىڭ ئوغلى داروبىيەن (ئاپا) دىن باشلىنىدۇ. داروبىيەن ئىشپارا بىلەن چىقىشالمىغانلىقى ئۈچۈن، تۈركلەر ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. داروبىيەن تەدرىجى قۇدرەت تاپتى. ئۇ شەرقتە ئۆتۈكەننى پاسىل قىلدى، ئۇنىڭ غەرپتىكى چېگرا دائىرىسى ئالتۇن تاغدىن ئېشىپ، كۈسەن، تۇرا، ئۇيغۇرغىچە يەتتى، غەربىي رايوندىكى خۇ (غۇز) لارنى بەيئەت قىلدۇردى. كېيىن قارا بەگ ئۇنى ئەسىر ئالدى. داروبىيەنىڭ ئىلىدىكىلەر يانىۋ تېگىننىڭ ئوغلىنى نىلى قاغانلىققا تىكلىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى تامان (دامان) تەختكە چىقىپ، نۇركۇر قارا قاغان دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ ئانىسى شائىشى ئەسلى جوڭگولۇق، ئۇ تاماننى تۇغقاندا، نىلى ئۆلگەن ئىدى، شۇڭا نىلىنىڭ ئىنىسى بوش تېگىن شائىشىغا ئۆيلەندى. كەيخۇاڭ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا، بوش بىلەن شائىشى سۈي ئوردىسىغا كېلىپ، پايتەختتە تۇرۇپ قالدى. قارا قاغاننىڭ ماكانى مۇقىم بولمىدى، كۆپ چاغلاردا ئۈيسۇن يېرىدە تۇردى. ئىككى كىچىك قاغان بەلگىلەپ، قەۋمىنى ئىككىگە بۆلۈپ ئىدارە قىلغۇزدى. بىرى، تاشكەنتنىڭ شىمالىدا تۇرۇپ جۇ دۆلەتلىرىنى باشقۇردى، يەنە بىرى كۈسەننىڭ شىمالىدىكى يېڭسار دېگەن جايدا تۇردى. يۇقۇرىدىكى مەلۇماتتىن ئاپانىڭ ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا قالغان زېمىنى ئۆتۈكەن تېغى بىلەن ئالتۇنتاغ ئارىلىقىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. دەرۋەقە، شەرقىي تۈرك خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئاپا قاغان ئىدارە قىلغان زېمىن بەزىدە شەرققە كېڭەيگەن، مەسىلەن، (مىلادى 584 - يىلى ئىشپارا موڭغۇل

دالىسىنىڭ شىمالىدىن جەنۇبقا — بەيداۋ ۋادىسىغا قاچقان چاغدا)، بەزىدە غەرپكە قاراپ تارايغان (مەسىلەن، مىلادى 585-587-يىللاردا ئىشپارا، قارا بەگلەر سۈي سۇلالىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا غەرپكە قايتا رما ھۇجۇم قوزغىغاندا) بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىدارە قىلغان رايون ئاساسەن يەنىلا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىككى تاغ ئارىسىدا بولغان. ئالتۇن تاغنىڭ غەربىدىكى كۇسەن، تۇرا، ئۈۋرغول قاتارلىق جايلار ئاپا قاغانغا بېقىنغان، يەنى ئاپا قاغاننىڭ تەسىرى مۇشۇ جايلارغىچە يەتكەن. يۇقۇرىدىكى مەلۇماتتا ئېيتىلغان «غەربىي رايوندىكى خۇ دۆلەتلىرى» نىڭ قايسى دۆلەتلەر ئىكەنلىكى كۆرسىتىلمىگەن. ئۇنىڭغا ئاساسەن ئاپا قاغان ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايون كۇسەننىڭ غەربىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيگەن دەپ پەرەز قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. يۇقۇرقى سۆزنى خەت يۈزىدە شۇنداق ئىزاھلاشقا بولمايدۇلا ئەمەس، ئاپا دۇچكەلگەن شۇ چاغدىكى قىيىن تارىخىي شارائىتتىن قارىغاندىمۇ ئۇنداق قىياس قىلىشقا بولمايدۇ (بۇ نۇقتا يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى). شۇڭا ئاپا قاغان ئىدارە قىلغان زېمىن ۋە ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى رايوندا، تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان دېيىشكە بولىدۇ. ئاپا قاغان ئۆلگەندىن كېيىن نىلى قاغان ۋارىس بولغان. نىلىمۇ تاردۇغا بېقىنغان ۋە ئۇنىڭ كونتروللىقىدا بولغان. مىلادى 594-يىلى ئۇنىڭ شەرقىي تۈرك خانلىقىدىكى تۈرىيان قاغان بىلەن بىرلەشمەكچى بولۇشى، بۇنداق كونتروللۇقتىن قۇتۇلماقچى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا نىلى تەختتىكى چاغدىكى زېمىن دائىرىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولمىغان.

مىلادى 603-يىلى تاردۇ ئۆلگەن، 2-يىلى (مىلادى 604-يىلى) نىلىمۇ ئۆلگەن. غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ تاردۇ باشچىلىق قىلىدىغان ئون تۇمەندىن ئارتۇق سەرخىل قوشۇنى شەرقىي تۈرك خانلىقى تەرىپىدىن تىرى-پىرەڭ قىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، تاردۇنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلىقىمۇ تەۋرەپ قالغان. بۇ چاغدا تۈركۈر قارا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تاردۇنىڭ ئورنىغا غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانى بولغان، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن تاردۇنىڭ ئۈيسۈن يېرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زېمىنى تۈركۈرقارانىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگەن. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مەلۇماتتىكى ئۇ ئۈيسۈن يېرى، كۇسەننىڭ شىمالى ۋە تاشكەنتنىڭ شىمالىغا ئىككى كىچىك قاغان بەلگىلەپ «ئۆز قەۋمىنى بۆلۈپ باشقۇرغۇزدى» دېگەن سۆز ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىيەتنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن يېڭىدىن تىكلەنگەن بۇ چوڭ قاغان نىلى دەۋرىدە قوزغىلاڭ كۆتەرگەن جۇڭغارىيەدىكى تۆرالارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تېخىمۇ شەپقەتسىز تالان-تاراج قىلغانلىقى ۋە قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكى، تارىختا ئۇلار

بىر مەھەل يۈز ئۆرۈپ قارا (قورا) غا قارشى چىقتى دەپ خاتىرىلەنگەن («سۈينامە. تۇرالار تەزكىرىسى»)، كېنىگىت (قارا شەھەر) نىڭ شىمالى ۋە ئاقتاغ بويلىرىدا جايلاشقان تۇرالارنىڭ چابىش قەبىلىسى. ئالتۇن تاغنىڭ غەربىي جەنۇبى (بۈگۈنكى ئالتاي تېغى) غا جايلاشقان سۇر-تاردۇشلار ئىتتىپاق تۈزۈپ تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتەرگەن. قوزغىلاڭچىلار تېزلىكتە پۈتكۈل جۇڭغار رايونى ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بىر مۇنچە جايلار (قوچو، ئۈدۇرغول) قاتارلىق جايلارنى كونترول قىلىپ چابىش قەبىلىسىنىڭ قەبىلە باشلىقى گالوگىنى، ئىل ئۆكىن بېلگە قاغان سۇر-تاردۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى ئىشپارانى كىچىك قاغان قىلىپ تىكلىگەن. تارىختا «قارا مەغلۇپ بولۇپ، بېلگە دەۋران سۈردى» دەپ خاتىرىلەنگەن («سۈينامە. تۇرالار تەزكىرىسى») تۈركۈر قارا قاغان نىمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بوۋىسى ئاپا قاغاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنىدىن ئايرىلىپ ئۈيسۈن يېرىگە باردى؟ بۇنى ئۇ چوڭ قاغان بولغاندىن كېيىن ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى كېڭەيگەنلىكتىن بارگاھىنى غەرپكە يۆتكىگەن دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولسىمۇ، لېكىن تۇرا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئۇنىڭ كونا ئۆۋسىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشكىمۇ بولىدۇ، باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تۇرا قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن ئەسلىدىكى شىمالىي بارگاھىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئۇنىڭ ئۈيسۈن يېرىدە «ماكانسىز قالغانلىقى» دەك قىيىن ئەھۋالغا نەزەر سالساق، بۇنداق بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ ناھايىتى چوڭلىقىنى بىلەلەيمىز. قىسقىسى، بۇ چاغدا قارا قاغان ئىدارە قىلغان زېمىن شەرقىي كۆسەننىڭ شىمالىغىچىلا يەتكەن، كۆسەننىڭ شەرقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدىن قوبدۇ رايونىغىچە بولغان جايلار ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، چابىش-سۇر-تاردۇش خانلىقىنىڭ زېمىنىغا ئايلانغان. قارا قاغاننىڭ تاردۇ قاغان زېمىنى (ئۆزىنىڭ زېمىنىنى تۇرالار ئىشغال قىلىۋالغان) دىكى ھۆكۈمرانلىقى مۇستەھكەم بولمىغان، مىلادى 611-يىلى تاردۇنىڭ نەۋرىسى يابغۇ تاردۇنىڭ كونا قەۋمىنى تەشكىللەپ، پامىرنىڭ غەربىدە قارا قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققان. قارا قاغان قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، «خوتۇنىنى تاشلاپ نەچچە مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن شەرققە كەتكەن»، يولدا بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان (تۇرالار بۇلىغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن) لېكىن «قوچونىڭ شەرقىگە قېچىشقا مەجبۇر بولغان، بارار ماكانى قالمىغان ئەھۋالدا، شۇ يىلى قەۋمىنى باشلاپ سۈي سۇلالىسىغا ئەل بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقىدىكى يەتتە يىلغىلا سوزۇلغان ھۆكۈمرانلىقى ئاياغلاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى يەنە تاردۇ قاغاننىڭ

ئەۋلاتلىرى قولىغا ئۆتكەن، 659 - يىلىغا يەتكەندە بۇ خانلىق تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

يۇقۇرىدىكى بايانلار، يولداش ۋاڭ خۇەنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئاپا قاغان دەۋرىدىكى زېمىنىنى بىلەن نۇركور قارا قاغان دەۋرىدىكى زېمىنىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى، بۇنىڭغا ئاساسەن ئاپا قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى تاردۇ قاغان زېمىنىغىچە يەتكەن دەپ پۈتۈنلەي خاتا ھۆكۈم چىقارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 4. خۇلاسە

«سۈينامە. غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى» دىكى ئاپا قاغان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئاساسچى قاغانلىرى دېگەن مەلۇماتنىڭ بەزى ئاساسى بولسىمۇ، لېكىن غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ پۈتكۈل تارىخى (583 — 659) غا نەزەر سالساق، تاردۇ قاغان مەيلى تۈرك خانلىقىنى قۇرۇش جەريانىدا بولسۇن، ياكى تۈرك خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە شەرقىي تۈرك خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا بولسۇن، ئاپا قاغان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى نىلى قاغانغا قارىغاندا بەك كۆپ رول ئوينىغان. ئۇ — غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ئاساسچىسى. غەربىي تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 76 يىللىق جەرياندا، ئاپانىڭ ئەۋلادى — نۇركور قارا قاغان ئاران يەتتە يىللا دۆلەت باشقۇرغان، بۇ غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئومۇمىي يىل دەۋرىنىڭ 11% نى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇ دۆلەت باشقۇرغان ۋاقىتنىڭ قىسقىلىقى ۋە تەختتىن تېز غۇلاپ چۈشۈشى، ئۇنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئاساسىنىڭ خېلى ئاجىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشىنى تاردۇ سىستېمىسىدىكى قانۇنىي قاغانلارنىڭ ئورنىنى تارتىۋالغانلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ، سۈي چىي يازغان «يېڭى تاڭنامە»، چاۋاننىس يازغان «غەربىي تۈرك تارىخى ماتېرىياللىرى» چېن جۇڭمىيەن يازغان «تۈرك تارىخىدىن توپلام»، ماچاڭشۇ يازغان «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» قاتارلىق كىتابلاردا ئاپا قاغاننى ئەمەس، تاردۇنى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى دەپ ھېسابلىغانلىقى پۈتۈنلەي توغرا. چاۋاننىسنىڭ «دارو بېيەن (ئاپا) غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئەمەس» («غەربىي تۈرك تارىخى ماتېرىياللىرى»، 1 - بەت) دېگىنىلا خاتا. ئاپا غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ بىر قاغانى، لېكىن تۈرك خانلىقىنىڭ چوڭ قاغانى ئەمەس.

ئاپا قاغان ئىدارە قىلغان زېمىن، مەيلى تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن، موڭغۇل يايلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قوبدۇدا ۋە جۇڭغارىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايوندا بولغان. ئۇنىڭ زېمىنى كۆلەم جەھەتتىن ئىشبارا ۋە تاردۇلارنىڭكىدىن كىچىك، تەسىرىمۇ بىر قەدەر ئاجىز بولغان. بۇ ئۇنىڭ تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرى ئىشبارا بىلەن تاردۇ ئوتتۇرىسىدا بىقارار بولۇش ، تۈرك خانلىقى بۆلۈنگەندىن كېيىن تاردۇغا بېقىنىش سىياسىي پوزىتسىيىسىنى بەلگىلىگەن. يولداش ۋاڭ خۇيمىننىڭ ئاپا قاغاننى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى دېيىشى ۋە ئۇنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئوينىغان تارىخىي رولىغا قىلغان مۆلچەرى تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئىزاھلار :

① يولداش ۋاڭ خۇيمىننىڭ «ئاپا قاغان — غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىنغان نەقىل، «تارىخ تەتقىقاتى» نىڭ 1982 - يىل 2- سانىغا بېسىلغان بۇ ماقالىدا ئىزاھ بېرىلمىگەن. بۇ ماقالىدا يولداش ۋاڭ خۇيمىننىڭ نەقىل كەلتۈرۈلۈپ ئىزاھلانمىغان سۆزلىرىمۇ شۇ ماقالىدىن ئېلىندى.

② ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ھازىرقى قايسى تاغ ئىكەنلىكى مەسىلىسىدە تارىخچىلار ئارىسىدا مۇنازىرە بار. بوش بۇ تاغنى بىر تاغ تىزمىسىنىڭ ئومۇمىي نامى دەپ قارىسا، دانىيېلىك ئالىم تومسېن بۈگۈنكى موڭغۇلىيىدىكى ھانگاي تېغى ياكى ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي قىسمى دەپ ھېسابلايدۇ، چېن جۇڭمىيەننىڭ «تاشقى موڭغۇلدىكى ئۆتۈكەن تېغى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ماقالىسى (1939 -يىلى نەشر قىلىنغان سەككىز توملۇق «تارىخ، تىل تەتقىقات يۇرتىنىڭ ماقالىلار توپلىمى» نىڭ 3 - قىسمىغا بېسىلغان ) غا قاراڭ . بۇ ماقالىدا تومسېننىڭ كۆز قارىشى ئاساس قىلىندى.

③ تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 2 - يىلى (مىلادى 628 - يىلى) ، سۇر تاردۇشلار شەرقتە كۆچكەندە 70 تۈمەن ئۆيلۈك ئاھالىسى بولغان. بىر ئۆيدە بەش ئادەم بار دەپ ھېساپلىغاندا 300 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بولىدۇ. سۈي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن جېنگۇەن يىللىرىغىچە بولغان 30 — 40 يىل ۋاقىت ئىچىدە، ئۇلارنىڭ نوپۇس سانىدا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولماسلىقى مۇمكىن.

⑤ «ئۇ» دېگەن سۆز مەتبەچىلىك جەريانىدىكى نۇقسان تۈپەيلىدىن ئارتۇقچە يېزىلىپ قالغان.

⑥ ئاپا قاغان دېگەن نام ئۇنىڭ تۈرك خانلىقى بۆلۈنۈپ، تاردۇ باشچىلىقىدىكى غەربىي تۈرك ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىغا قاتناشقاندىن كېيىنكى ئۇنۋانى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

⑦ «سۈينامە، غەربىي تۈركلەر تەزكىرىسى»دە نۈركور قارا قاغاننىڭ سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرىنىڭ خاتىرىلەنگەنلىكى، سۈي سۇلالىسىنىڭ ئۆزىگە بەيئەت قىلغان تۈرك قاغانلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، تاردۇ سۈي سۇلالىسىغا بەيئەت قىلمىدى دېگەنگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

⑧ «سۈينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، ئاپا قاغان شەرقىي تۈرك خانلىقى تەرىپىدىن ئىككى قېتىم يەنى بىرىنچى قېتىم 585 - يىلى ئىشپارا تەرىپىدىن، ئىككىنچى قېتىم 587 - يىلى قارا بەگ قاغان تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان. ئىشپارا ئۇنى ئەسىر ئالغاندىن كېيىن قويۇۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئىككىنچى قېتىم يەنە ئەسىر ئېلىنغان.

⑨ «سۈينامە. جاڭچۈچىڭ تەرجىمىھالى»دا كەيخۇاڭنىڭ 17 - يىلى (مىلادى 597-يىلى) دېگەنلىكى خاتا. چېنجۇڭمىيەن يازغان «تۈرك تارىخىدىن توپلام» نىڭ 1- قىسىم 75- بېتىگە قاراڭ.

ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى

# گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمىنىڭ كۆچۈشى ۋە غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

تاڭ كەيجيەن

مىلادى 1032 - يىلى (سۇڭ سۇلالىسى خانى رېن زۇڭنىڭ مىڭداۋ تۇنجى يىلى)، جاۋ يۈەنخاۋ قوماندانلىقىدىكى تاڭغۇت قوشۇنى گەنجۇنى يەنە بىر قېتىم بېسىۋالغان①. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن گەنجۇنى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى رەسمىي ئاخىرلاشقان. لېكىن، گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇشۇنىڭدىن ئېتىۋارەن تارىخ سەھنىسىدىن پۈتۈنلەي يوقالغانلىقىنى بىلدۈرمەيتتى، ئۇلارنىڭ يەنە كۆچۈش، قوشۇلۇش، ھەتتا يېڭىۋاشتىن تەرەققىي قىلىشتەك تارىخىي جەريانلىرى بار ئىدى، پەقەت تارىخ كىتابلىرىدىكى كەمچىلىكلەر تۈپەيلىدىن بۇ تارىخىي پاكىتلار يوشۇرۇنۇپ قالغان، ھازىر ئۇنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ كىچىككىنە تەرەپلىرىدىن ئومۇمىي تەرەپلىرىنى كۆزىتىشنى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا پايدىلىق خىزمەت، دەپ قارايمەن.

## 1، بىر ئەنئەنىۋى نۇقتىئىنەزەرگە تەنقىت

گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمىنىڭ ئىز - دېرىكى مەسىلىسى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدە، گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىكى گۇسلۇ ھاكىمىيىتىگە تەسلىم بولغان، كېيىن بۇ بىر تارماق ئۇيغۇر قەبىلىسى غەربىي شىمال تەرەپكە كۆچۈپ، تەدرىجىي مۇستەقىل بولۇپ، ئۆزىنى «سېرىق ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغان، دېيىدىغان كۆز قاراش ئۇزۇندىن بۇيان بىر قەدەر نوپۇزلۇق قاراش بولۇپ كەلمەكتە. بۇ ھەقتە لى فۇتۇڭ ئەپەندىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى مىسالغا ئالىمىز:

«ئورنى جەھەتتىن ئېيتقاندا، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى گۇسلۇغا تەسلىم بولغان، گۇسلۇ چىڭتاڭدا تۇراتتى، ئۇنىڭ

جەنۇپ ۋە شىمال تەرەپلىرى سۇڭشىياغا يېقىن بولۇپ، تەسلىم بولغانلارنى ئورۇنلاشتۇرغىدەك بوش يەرلىرى يوق ئىدى، ئۇنىڭ غەربىي جەنۇبى خەيشاڭ دەپ ئاتىلىپ، يەر تۈزلەڭلىكى تەكشى، كەڭلىكى بىرەر مىڭ چاقىرىم كېلەتتى، سۇ ۋە ئوت - چۆپلىرى مول بولۇپ، چارۋىچىلىققا لايىق ئىدى. ئۇيغۇرلار چوقۇم مۇشۇ رايوندا تۇرغان. ئۇنىڭ كېيىنكى قەبىلىلىرى بارا - بارا غەربىي شىمالغا كۆچۈپ، خوتەنگە تۇتاشقان. ... ئۇزاق ئۆتمەي، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە سېرىق ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەت ۋۇجۇتقا كەلگەن، بۇ سېرىق ئۇيغۇرلار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بولماي نېمە؟»②

مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى باشقا ئالىملار لى فۇتۇڭ ئەپەندىدەك تەپسىلىي تەخمىن قىلمىسىمۇ، لېكىن ھەممىسى بىردەك: گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمى ئاساسەن گۇسلۇغا تەسلىم بولغان، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەنبەسى غەربكە كۆچكەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ③ ، دەپ قاراپ كەلمەكتە. بۇ نۇقتىئىنەزەرنىڭ توغرا ياكى توغرا! ئەمەسلىكىنى تەپسىلىراق پەرق ئېتىپ، ئىسپاتلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

راست، چىڭتاڭدىكى تۈبۈتلەر ھاكىمىيىتىنىڭ تەۋەسىدە ھەقىقەتەن گۇسلۇغا بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار تەسلىم بولغان، سانىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇ ئۇيغۇرلار خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قايسى تارمىقىغا كىرىدۇ، ئۇنىڭ دوپپىسىنى بۇنىڭغا كىيگۈزۈپ، ئىلەشتۈرۈۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. يازما خاتىرە بەك كەمچىل بولغان ئەھۋالدا، بۇ خاتىرىلەرگە تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك. «سۇڭنامە. تۈبۈتلەر تەزكىرىسى» دە:

«جاۋيۈەنخاۋ غەربىي لياڭ مەھكىمىسىنى قولغا كەلتۈرگەندە، فەنلوجۇنىڭ ئىلگىرىكى قىسمى كۆپىنچە گۇسلۇغا ئەل بولغان، يەنە بىر نەچچە تۈمەن ئۇيغۇرنىمۇ قولغا چۈشۈرگەن» دېيىلگەن.

«دۈگدۈ خاتىرىلىرى» نىڭ 129 - جىلدىدا:

«جاۋيۈەنخاۋ غەربىي لياڭ مەھكىمىسىنى ئالغاندا، گۇسلۇ سىدۇدۇنىڭ ئون تۈمەندىن ئارتۇق قەۋمىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان، بىر نەچچە تۈمەن ئۇيغۇرنى ئەل قىلغان» دېيىلگەن.

«لۇڭ پىڭ توپلىمى» نىڭ 20 - جىلدىدىمۇ:

«جاۋيۈەنخاۋ غەربىي لياڭنى قولغا كەلتۈرگەندە، گۇسلۇ سىدۇدۇنىڭ ئون نەچچە تۈمەن قەۋمىنى قولغا چۈشۈرىۋالغان، بىر نەچچە تۈمەن ئۇيغۇرمۇ ئەل بولغان» دېيىلگەن.

يۇقۇرقى ئۈچ كىتاپنىڭ ھەممىسىدە بۇ ۋەقەنىڭ جىڭيۈ يىللىرى جاۋيۈەنخاۋ گۇسلۇغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن، لېكىن كونكرېت ۋاقتى ئېيتىلمىغان.

«يىلنامە» نىڭ 85 - جىلدىدا:

«(داجۇڭشىياڭفۇ 8 - يىلى) 8 - ئاي ساۋۋېي مۇنداق دېگەن: جالىبېيمىن (گۇسلۇ) ئەۋەتكەن لوۋاڭنور ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى چىنباجىنى ئەۋەتىپ، يېقىندا غەربىي لياڭغا كۆچكەن سىدۇدۇنىڭ يۈزمىڭ ئەسكىرى شىمالىي چېگرىدىكى قەبىلىنى قىرىپ، ئۇرغۇن ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، غەلىبە بىلەن كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلغان»

لى تاۋ بىزگە مۇنۇلارنى بىلدۈرىدۇ: سىدۇدۇ قەۋمىنىڭ گۇسلۇغا تەسلىم بولغان ۋاقتى داجۇڭ شىياڭفۇنىڭ 8 - يىلى 8 - ئايدىن بۇرۇن بولۇپ، «بىر نەچچە تۈمەن ئۇيغۇر» نىڭ سىدۇدۇ قىسمى بىلەن بىللە گۇسلۇغا تەسلىم بولغان ۋاقتىمۇ داجۇڭ شىياڭفۇنىڭ 8 - يىلى 8 - ئايدىن بۇرۇن بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئۈچ كىتاپتا بۇ ۋەقە جاۋيۈەنخاۋ گۇسلۇغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن بولغان دەپ بايان قىلىنغان. بۇ بىر نەچچە تۈمەن «ئۇيغۇر» داجۇڭ شىياڭفۇنىڭ 8 - يىلى 8 - ئايدىن بۇرۇن تەسلىم بولغان دېيىلسە، بۇ ۋاقىت گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تازا گۈللىنىۋاتقان ۋاقتى ئىدى. گەنجۇ تېخى ياغلىقار جەمەتىنىڭ چاڭگىلىدا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ چاغدا گۇسلۇغا تەسلىم بولغان ئۇيغۇرلار ھەرگىز گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئەمەس. ھەر قايسى كىتاپلاردا بۇ ئۇيغۇرلارنى سىدۇدۇ بىلەن بىللە گۇسلۇغا تەسلىم بولغان، سىدۇدۇ غەربىي لياڭدىكى لىيوگۇلارنىڭ قەبىلىجۇدىن كېيىنكى چوڭ باشلىقى ئىدى، دەپ يېزىلغان. بۇ ئەھۋال بۇ بىر نەچچە تۈمەن ئۇيغۇرنىڭ لياڭجۇدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

خېشى ئۇيغۇرلىرى ھەر قايسى ئوبلاستلارغا تارقالغان، شەرقتىكى چىڭجۇ ئوبلاستىدىن غەرپتىكى ساجۇ ئوبلاستىغىچە، شىمالدا خېلەن تېغىغىچە، خېلوچۈەن تەرەپتىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بار ئىدى. لياڭجۇ ئوبلاستىمۇ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردىن بىرى ئىدى. خۇڭ خاۋنىڭ «سۇڭمۇدىكى كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە. ئۇيغۇرلار» دېگەن ئەسىرىدە:

«ئۇيغۇرلار ... گەنجۇ، لياڭجۇ، گۇاجۇ، ساجۇ ئوبلاستلىرىنىڭ ھەممىسىدە بار ئىكەن» دېيىلگەن.

ۋۇگۇاڭچېڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ:

«ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە گەنجۇ، لياڭجۇ، گۇاجۇ، ساجۇ ئوبلاستلىرىغا تارقىلىپ جايلاشقان، ھەر قايسى جايدىكىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا باشلىقلىرى بولۇپ، ئۇلار شۇ جايدىكى ئۇيغۇرلارغا يېتەكچىلىك قىلغان» (1)

دەپ قارىغان. دېمەك، لياڭجۇ رايونى داۋاملىق خېشى ئۇيغۇرلىرى ئولتۇراقلاشقان جايلاردىن بىرى بولۇپ كەلگەن. ئەگەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەھۋال نەزەرگە ئېلىنسا، لياڭجۇ ئوبلاستى ئۇيغۇرلارنىڭ كونا ماكانى ئىكەنلىكى تېخىمۇ روشەن بىلىنىدۇ. «كونا تاڭنامە» نىڭ 109 - جىلدىدا:

«جېنگۇەننىڭ 6 - يىلى، چىبىخېلى ئۆزىنىڭ ئانىسى بىلەن بىللە مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق قەۋمىنى باشلاپ ساجۇ ئوبلاستىغا كېلىپ، ئىچكىرىگە بەيئەت قىلىدىغانلىغىنى بىلدۈرگەن، پادىشا تەيزۇڭ بۇلارنى گەنجۇ، لياڭجۇ ئىككى ئوبلاستقا ئورۇنلاشتۇرغان» دېيىلگەن.

«كونا تاڭنامە» نىڭ 103 - جىلدىدا:

«دەسلەپتە، لياڭجۇ ئوبلاستى دائىرىسىدە ئۇيغۇر، چۆبە، ئىزگىل، غۇندىن ئىبارەت تۆت قەبىلە بولۇپ، بۇلارنى قەبىلە باشلىقلىرى باشقۇراتتى» دېيىلگەن.

ئۇزۇندىن بۇيان لياڭجۇ ئوبلاستى دائىرىسىدە ياشاپ كەلگەن بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تۇبۇتلار ھاكىمىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. «سۇڭنامە . تۇبۇتلار تەزكىرىسى» دە:

«(جىڭدېنىڭ تۇنجى يىلى) 6 - ئايدا، پەنلوجى يەنە ئۆزىنىڭ ئاكىسى باڭفۇجى ئارقىلىق ئەۋەتكەن مەلۇماتىدا: چەيۈگىن ئۆز قەۋمىنى ۋە خېلى ئۇيغۇر قوشۇنىنى باشلاپ خېلەن تېغىغا يېتىپ كېلىپ، قالغان ئەۋلاتلارنى يوقاتماقتا، بۈيۈك قوشۇنىنىڭ ياردەم بېرىشىنى تىلەيمىز، دېگەن» دېيىلگەن.

فەنلوجى لياڭجۇ تۇبۇتلىرىنىڭ ليۇگۇ قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، لياڭجۇ ئۇيغۇرلىرىمۇ شۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەخمىنەن داجۇڭنىڭ شياڭفۇ 8 - يىلىدىن بۇرۇن، لياڭجۇنى تاڭغۇتلار بېسىۋالغاندا، لياڭجۇ ئۇيغۇرلىرى سىدۇدۇنىڭ قەۋمى بىلەن بىللە جەنۇپقا بېرىپ گۇسىلوغا تەسلىم بولغان، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ گۇسىلوغا تەسلىم بولغانلىقى مۇشۇ بىر قېتىملا خاتىرىلەنگەن، ئەمما بۇ بىر قېتىمقى خاتىرە لياڭجۇ ئۇيغۇرلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز.

بىز بۇ ئېنىق خاتىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، ۋەزىيەت جەھەتتىن تەھلىل قىلساقمۇ، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ شەرققە يۈرۈپ لياڭجۇدىكى

تۈبۈت قەبىلىسى بىلەن بىللە گۇسىلوغا تەسلىم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تاڭغۇتلار ئەينى ۋاقىتتا زور كۆلەمدە قوشۇن توپلاپ، بىرىنچىدىن خېشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىككىنچىدىن خېخۇاڭنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن دېمەك دەۋرىدىلا ئۇيغۇر ۋە تۈبۈت قەبىلىلىرىگە ھەربىي ھەرىكەت قوزغاپ، «غەربتە چىڭخەيدىكى تۈبۈتلەرنى قولغا چۈشۈرمەكچى، شىمالدا ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭ ئاتلىرىنى ئولجا ئالماقچى» ⑤ بولۇۋاتاتتى. تاڭغۇتلارنىڭ ئۇيغۇر ۋە تۈبۈتلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش قارا نىيىتى ئاللاقاچان ئاشكارىلانغان ئىدى. ھەربىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، خېخۇاڭ بىلەن گەنجۇ، لياڭجۇ ئوبلاستلىرى شەرقتىن غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان تاڭغۇت قوشۇنى ئۈچۈن ئوخشاشلا ھۇجۇم قىلىنىدىغان ئورۇندا تۇراتتى. گەنجۇنى ئالسىلا يەنە شەرقتە لياڭجۇغا بېرىپ، ئاندىن كېيىن جەنۇبتىكى خېخۇاڭغا يۈزلىنەتتى، بۇنداق ھەربىي تەۋەككۈلچىلىك گەنجۇدىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئەھۋال ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاساسىي جەھەتتىن شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىزكى، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمى گۇسىلوغا تەسلىم بولغان ئەمەس، گۇسىلوغا تەسلىم بولغان ئۇيغۇرلار ئەسلىدە پەنلوجى، سىدۇدۇغا قاراشلىق لياڭجۇ ئۇيغۇرلىرىدۇر.

ئۇنداق بولسا، سېرىق ئۇيغۇرلار لى فۇتۇڭ ئېيتقاندەك گۇسىلوغا تەسلىم بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي شىمالغا كۆچۈشى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەنمۇ؟ بىز يازما مەنبەلەردە گۇسىلونىڭ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي شىمالغا كۆچكەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرىنى زادىلا ئۇچراتمىدۇق. ھەتتا ئۇنىڭ ئازراق ئىزنىمۇ تاپالمىدۇق. بۇنىڭ ئەكسىچە، گۇسىلو تەرىپىدىن چىڭتاڭ رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمىگەنلىكى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. «يىلنامە» نىڭ 516 - جىلدىدا:

«(يۈەنفۇنىڭ 2 - يىلى 9 - ئاينىڭ كۈنى) ۋاڭ شەن قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم قىلىشىچە: چىڭتاڭنىڭ يېڭى قورچاق خوجايىنى لۇڭزەن قاتارلىقلار چىقىپ تەسلىم بولغان چوڭ باشلىق جيەۋۇسا، سىڭمۇ، چيەنزەنلەر ئۇرۇق باشلىقلىرىنى باشلاپ، شەھەردىكى تۈبۈت، خەنزۇ قەبىلىلىرى، ئۇيغۇرلار ۋە كىدان، تاڭغۇت، ئۇيغۇرلارنىڭ قورچاق مەلىكەلىرى بىلەن بىللە شەھەردىن چىقىپ تەسلىم بولغانلارنى قارشى ئالغان» دېيىلگەن،

بۇنىڭدا يۈەنفۇنىڭ 2 - يىلى (1099 - يىلى)، چىڭتاڭ شەھىرىدە يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرنىڭ بارلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن، بۇ ئۇيغۇرلار قانچىلىك ئىدى؟ «زىڭگۇڭ خاتىرىسى» نىڭ 9 - جىلدىدا:

«(يۈەنفۇنىڭ 3-يىلى 3-ئاي) شىخەن بىلەن ۋاڭشەننىڭ مەلۇم قىلىشىچە،
ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئادەم چىگتاڭدا تۇرۇشنى خالىماي،
قوشۇن بىلەن بىللە خۇاڭجۇ ئوبلاستىغا كەتكەن» ⑥ دېيىلگەن.

يۈەنفۇنىڭ 3-يىلى چىگتاڭدىن خۇاڭجۇغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار «بىر تۈمەندىن ئارتۇق» دېيىلگەندە، چىگتاڭ شەھىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى كۆپ ئىكەنلىكى ئېنىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، چۇڭنىڭنىڭ 3-يىلى (1104-يىلى) سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى چىگتاڭنى 2-قېتىم بېسىۋالغاندا، چىگتاڭ شەھرىدىن چىقىپ تەسلىم بولغانلار ئىچىدە «ئۇيغۇرلار» مۇ بولغان. لى جۇ: «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇون خانلىغى ھەققىدە مۇھىم بايانلار» نىڭ 16-جىلدىدا:

«ۋاڭسىخۇ شەنجۇ ئوبلاستى (چىگتاڭ) غا بارغاندا، قورچاق كۇسەن مەلىكىسى چىڭمى جېلاۋ ۋە ئۇنىڭ قەبىلە باشلىقى لىناۋىن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇدۇندىكى ئۇرۇقلارغا باشچىلىق قىلىپ دەرۋازىنى ئېچىپ چىقىپ تەسلىم بولغان» دېيىلگەن.

دېمەك، گۇسلۇغا تەسلىم بولغان ئۇيغۇر قەبىلىسى داۋاملىق چىگتاڭدا تۇرغان، غەربكە كۆچمىگەن، نامىنى «سېرىق ئۇيغۇر» دەپمۇ ئۆزگەرتمىگەن.

شۇنىڭدەك، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يۈەنفۇ يىللىرى چىگتاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان سەركەردىسى لى يۈەنمۇ ئۆزىنىڭ «چىگتاڭ خاتىرىسى» دىگەن ئەسىرىدە:

«تېخۇنىڭ غەربىي پۈتۈنلەي قۇملۇق بولۇپ، ئادىمزات يوقكەن، غەربكە قاراپ ئىككى ئاي يۈرۈپ ئۇيغۇرلار تەۋەسىگە كىردۇق، بۇ يەر ئۇدۇنغا چېگرىداش ئىكەن» ⑦ دەپ يازغان.

تېخۇ كۆكنۇر (چىڭخەي) كۆلى ئەتراپىدا ئىدى، كۆكنۇر كۆلىنىڭ غەربىي پۈتۈنلەي ئادىمزات يوق چۆل قۇملۇق ئىدى، بۇنىڭدىن يەنە غەربكە يۈرگەندە، ئۇدۇن بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ چېگرىسىغا باراتتى، بۇ يەردە ئېيتىلغان ئۇيغۇر غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرى ياكى كۇسەن ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭدىن كۆكنۇر كۆلىنىڭ غەربىدىمۇ «سېرىق ئۇيغۇر» دىگەن قەبىلىنىڭ يوقلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ھەقلىقمىزكى، گۇسلۇغا تەسلىم بولغان ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچمىگەن، «سېرىق ئۇيغۇر» بولۇپمۇ شەكىللەنمىگەن، دېمەك، بىز ھازىرغىچە «سېرىق ئۇيغۇر» نىڭ مەنبەسى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق ماتېرىيال تاپالمىدۇق.

ئۇنداق بولسا، سېرىق ئۇيغۇرلار نەدىن كەلگەن؟ بۇ مەسىلە توغرىسىدا بۇ يەردە چۈشەنچە بەرمەي بولمايدۇ. سېرىق ئۇيغۇرنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن،

«سېرىق ئۇيغۇر» غا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن تارىخىي ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك. «سۇڭ سۇلالىسى ھەققىدە مۇھىم بايانلار توپلىمى»، 197-قىسمىنىڭ «فۇلىم» دېگەن بابىدا:

«(يۇڭشىنىڭ 4-يىلى) 10-ئاينىڭ 6-كۈنى، فۇلىم دۆلىتى نەرسە-كېرەك تارتۇق قىلغان. چوڭ باشلىقى ئىسمىدۇ سىمەنكېيە ئەنگە بەرگەن بۇيرۇقىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي مەملىكىشاغا تۇتىشىدىغانلىقىنى،... ئۇ يەردىن كونا ئۇدۇنغا، ئۇ يەردىن يوتچاڭ شەھرىگە، ئاندىن ئۇدۇن چېگرىسىغا كېلىدىغانلىقىنى، ئۇ يەردىن ئۆتكەندە سېرىق ئۇيغۇرلارغا، يەنە شەرقتە تاتارلارغا، ئۇ يەردىن جۇڭگونىڭغا، ئۇيەردىن دۆڭجەنلەر ماكانىغا، ئۇ يەردىن ئۆتسە لىنچىن شەھرىگە بارىدىغانلىقىنى، شەرقتە چىگىتاگىغا، ئاندىن جۇڭگو چېگرىسىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتقان» دەپ يېزىلغان.

بۇ «سېرىق ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ بىرىنچى قېتىم مەيدانغا چىقىشى. «سۇڭ سۇلالىسى ھەققىدە مۇھىم بايانلار توپلىمى»، 197-جىلد «ئۇدۇن» دېگەن بابىدا:

«(يۇڭشىنىڭ 6-يىلى) 5-ئاينىڭ 1-كۈنى، ئۇدۇندىن نەرسە-كېرەك تارتۇق قىلىپ كەلگەنلەر ئوردا سارىيىدا قوبۇل قىلىندى. پادىشا ئۇلاردىن: سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلا بۇ يەردىن قانچىلىك كېلىدۇ، دەپ سورىغاندا ئۇلار: تۆت يىل ماڭسا كەلگىلى بولىدۇ، دېگەن... قايسى دۆلەتلەردىن ئۆتۈپ كېلىسىلەر دېگەندە، سېرىق ئۇيغۇر، تاتار، دۆڭجەن قاتارلىق دۆلەتلەر ئارقىلىق كېلىمىز، دېدى» دەپ يېزىلغان.

بۇ «سېرىق ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ 2-قېتىم مەيدانغا چىقىشى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆججەتلەردىن «يىلنامە» بىلەن «سۇڭنامە» دە ئوخشاش خاتىرىلەنگەنلىكىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، «سېرىق ئۇيغۇر» دېگەن سۆز ئىككى قېتىملا كۆرۈلگەن. ئەگەر دىققەت قىلساقلا، بۇ ئىككى قېتىمقى «سېرىق ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ ئۇدۇن بىلەن فۇلىم ئەلچىلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقىنى، ئەمما «سۇڭنامە. فۇلىم تەزكىرىسى» دە فۇلىم ئەلچىسىنىڭ يۇرگەن مۇساپىسىنى بايان قىلغاندا، «سېرىق ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ «ئۇيغۇر» دەپ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى بايقىۋالالايمىز. «سۇڭنامە. فۇلىم تەزكىرىسى» دە:

فۇلىم دۆلىتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي مەملىكىشاغا، شىمالى دېڭىزغا تۇتىشىدۇ،... شەرقتە غەربىي ھىندىستان ۋە ئۇدۇن، ئۇيغۇر، چىگىتاگىدىن ئۆتكەندە ئاندىن جۇڭگوغا يېتىپ كېلىدۇ، دېيىلگەن.

بۇ ناھايىتى مۇھىم ئەھۋال. ئۇدۇن، فۇلىم ئەلچىلىرى ئاغزاكى بايان قىلغاندا «سېرىق ئۇيغۇر» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەمما، خەنزۇ تارىخچىلىرى نەقىل ئېلىپ بايان قىلغاندا «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغان.

ئۇنداقتا بۇ «سېرىق ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ ئۇدۇننىڭ غەربىدىكى ئەللەرنىڭ «ئۇيغۇر» لارنى ئىككىنچى بىر خىل ئاتىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلامدۇ؟ بۇنداق بولۇشمۇ تامامەن مۇمكىن. ئۇنداق بولغاندا، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى تارمىقى بولىدۇ؟ «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇدۇننىڭ شەرقىي جەنۇبى چەرچەن شەھىرىگە چېگرىداش ⑧. ئەينى ۋاقىتتا يوچاڭ دېگەننى چەرچەن بولۇپ، «ئۇيغۇر (سېرىق ئۇيغۇر)» چەرچەننىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بولىدۇ. بىز يۇقۇرىدا لى يۈەنىنىڭ «چىڭتاڭ خاتىرىسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ، كۆكنۇر كۆلىنىڭ غەربى ئادەمزات يوق چۆل قۇملۇق ئىكەنلىكىنى، ئىككى ئاي يۈرگەندە ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇدۇن دۆلىتى چېگرىسىغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مۇشۇ مۇساپىغە كېتىدىغان ۋاقىت بويىچە ھېساپلىغاندا، غەرپكە قاراپ ئىككى ئاي يۈرگەندە يېتىپ بارغان ئۇيغۇرلار چېگرىسى پەقەت «غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرى» نىڭ چېگرىسى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى كۆكنۇر كۆلىدىن غەرپكە قاراپ ئىككى ئاي يۈرگەندە، غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنىڭ دائىرىسىگە كىرگىلى بولىدۇ. غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرقىي چېگرىسى 11 - ئەسىردىن كېيىن جىق كېڭەيگەن. ئۇنىڭ شەرقىي چېگرىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى بۇرجىكى چىڭخەي تەۋەسىگىچە يېتىپ بارغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۇڭ خانلىقى چىڭتاڭنى ئىشغال قىلىپ خېخۇاڭ تۇيۇتلىرى زېمىنىنىڭ ھەممىسىدە ئايماق - ناھىيە تەسىس قىلغاندىن كېيىن: «ئۈچ مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق كەڭلىكتە زېمىن ئاچتۇق. بۇنىڭ شىمال ۋە شەرقىي جەنۇپ (شىمال) تەرەپلىرى تاڭغۇتلار دۆلىتىنىڭ چېگرىسىغا بارىدۇ، غەربى چىڭخەيدىن ئۆتۈپ، كۇسەن دۆلىتى چېگرىسىغىچە بارىدۇ»، يەنە «ئاسىجى (تۇيۇتلەردىن شىيە ننا قەبىلىسىنىڭ باشلىقى) چىڭخەيدە تۇرىدۇ. بۇ، تاڭغۇت دۆلىتىدىكى كۇسەنلەرگە تۇتىشىدۇ» دېگەن. كۇسەنلەر يەنە كۇسەن ئۇيغۇرلىرى دېيىلگەن، غەربىي ئوبلاست (ئاستانە) ئۇيغۇرلىرىمۇ دېيىلگەن. دېمەك، 11 - ئەسىردە غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرقىي چېگرىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى بۇرجىكى چىڭخەي دائىرىسىگە خېلىلا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تۇيۇتلەرگە تۇتاشقان. دېمەك، ئۇدۇننىڭ شەرقى، تۇيۇتنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىنىڭ ھەممىسى غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنى بولغاچقا، ئۇدۇننىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان «سېرىق ئۇيغۇر» چوقۇم غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرى بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۇدۇن، فۇلىم ئەلچىلىرى غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنى «سېرىق ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغان؟ مەن بۇنى خۇچېڭلو قارىمىغىدىكى سېرىق تۈركەشلەرنىڭ پانتېكىنگە ئەل بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارايمەن. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە:

دالىدىن كېيىن، قارلۇقلار روناق تېپىپ، سۈيياپقا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان،

ئىككى فەمىلىلىكلەر (تۈركەشلەردىكى سېرىق، قارا ئىككى فەمىلىلىكلەر) زەئىپلەشكەن. بۇلار قارلۇقلارغا ئىتائەت قىلغان، خوچىگىلونىڭ قالغان قىسمى ئۇيغۇرلارغا ئەل بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇنقەرز بولغان. پانتېكىن قارا شەھەردە تۇرۇپ يابغۇ ئاتالغان. قالغان قىسمى جىڭسا چوققىسىنى ساقلاپ قالغان، ئاھالىسى 200 مىڭغا يەتكەن» دېيىلگەن.

خوچىگىلو — غەربىي تۈرك ئون ئوقۇق قاغانلىرىدىن كېيىن چىققان، سېرىق تۈركەشلەر ئاتا-بالا ئۇجىل، شاغالار ئەسلىدە خوچىگىلوغا تەۋە ئىدى. بۇ يەردە «خوچىگىلونىڭ قالغان قىسمى ئۇيغۇرلارغا ئەل بولغان» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، خوچىگىلونىڭ قارىمىغىدىكى «سېرىق تۈركەشلەر» نىڭ بىر قىسمى پانتېكىن ئەنشىگە كىرگەندىن كېيىن پانتېكىنگە ئەل بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتتىكى غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرى گۇرۇھىغا كىرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يوشۇرۇن تارىخنى ئوبدان بىلمەيدىغان غەربلىكلەرنىڭ غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنى «سېرىق ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغانلىقى، بۇ يوشۇرۇن تارىخنى ئوبدان بىلمەيدىغان خەنزۇ تارىخچىلىرىنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەنلىكى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

## 2. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمىنىڭ غەربكە ۋە شىمالغا كۆچۈشى

تاڭغۇتلار گەنجۇنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، غەلبىدىن پايدىلىنىپ غەربكە ئىلگىرىلەپ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربكە چېكىنگەن قوشۇنىغا قوغلاپ زەربە بەرمىگەن، بەلكى نىشاننى جەنۇپتىكى خېخۇاڭغا بۇراپ، مەلۇم ئەمەلىي كۈچكە ئىگە چىڭتاڭ گۇسلو ھاكىمىيىتىنى بىر يولىلا يوقىتىۋېلىش غەرىزىدە بولغان. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى يېنزۇڭنىڭ جىڭيۇ يىللىرى، خۇاڭشۇي دەرياسى ۋادىسىدا تاڭغۇتلار بىلەن تۈبۈتلار ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن جاپالىق بىر قەپەس ئۇرۇش بولغان. بۇنىڭ بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمى كۆچۈۋېلىش ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىتقا ئېرىشكەن.

يۇقۇرىدا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەنۇپتىكى خېخۇاڭغا بېرىش مۇمكىنچىلىكىنى يوققا چىقاردۇق. ئۇنداقتا، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمى نەگە كۆچىدۇ؟ ئەگەر گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قېتىملىق ئۇرۇشتىكى مەغلۇبىيىتى بىلەنمۇ يەنە خېشى كارىدورىدىن چېكىنگۈسى كەلمىگەن بولسا، جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىغا تايىنىپ بېيىغان گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى يەنە يىپەك يولىدىن ئازراق ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئالالماقچى بولغان بولسا، غەربكە كۆچۈش گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن ئەڭ

غايىۋى جاي ئىدى. گەنجۇنىڭ غەربىدىكى سۇجۇ ئوبلاستى لۇڭزۇلارنىڭ زېمىنى ئىدى، سۇڭ دەۋرى باشلىنىش بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا تەۋە ئايماق ( ۋىلايەت ) بولۇپ قالدى؛ گۇاجۇ، ساجۇ ئوبلاستلىرى خەنزۇلاردىن بولغان ساۋ جەمەتىنىڭ ئىلكىدە بولسىمۇ، لېكىن گەنجۇ بىلەن ساجۇ ئوبلاستلىرى بىر نەچچە ئەۋلات قۇدىلىشىپ كەلگەن، شۇنىڭدەك گۇاجۇ ۋە ساجۇ رايونلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار كۆپ ئىدى. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى غەربكە كۆچكەندە، ئىنتايىن مۇھىم بولغان خېشى كارىدورىنىڭ غەربىي قىسمىنى كونترول قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى قايتىدىن قۇرۇشى مۇمكىن ئىدى، ھەتتا يېڭىۋاشتىن باش كۆتىرىپ، شەرقتىكى تاڭغۇتلاردىن گەنجۇنى قايتۇرۇۋېلىشى ۋە تۇبۇتلارنىڭ گۇسىلو ھاكىمىيىتىگە ماسلىشىپ، تاڭغۇتلارنىڭ خېشىغا قارىتىلغان ھۇجۇمىنى تارمار قىلىشىدىمۇ ئۈمىت بار ئىدى. مۇشۇنداق قىلىش يۈرۈن بىر مەزگىل خېشىنى سوراپ كەلگەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن گويا يوللۇق ئىشتەك ھېسابلىناتتى. مىڭداۋنىڭ ئۈچىنجى يىلى ( 1032 -يىل ) دىن جىڭيۇنىڭ 3- يىلى( 1036 -يىلى ) غىچە بولغان تۆت يىلدا، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمى ھەدەپ غەربكە كۆچۈپ، گۇاجۇ، ساجۇ رايونلىرىغا كىرگەندىن كېيىن، گويا گۇاجۇ، ساجۇدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، خەنزۇلاردىن بولغان ساۋ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، يېڭىدىن بىر ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى قۇرغاندەك قىلىدۇ. جاۋشۇن: «جۇمىتۇ ھەققىدە قىسسە» دە:

«جاۋيۈەنخاۋ تۇبۇتلار ئاپىتى تۈگىگەندە ئاندىن قوشۇن تارتىپ ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلغان، گۇاجۇ، ساجۇ، سۇجۇ ئۈچ ئوبلاستنى بېسىۋالغان» ⑩ دېگەن.

لى تاۋ: «يىلنامە» دە:

«جىڭيۇنىڭ 3 - يىلى 12 - ئاي، جاۋيۈەنخاۋ داچېڭنىڭ تۇنجى يىلى يەنە ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىپ گۇاجۇ، ساجۇ، سۇجۇ ئۈچ ئوبلاستنى بېسىۋالغان، خۇاڭخېنىڭ غەربىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىگەن» دېگەن.

پېڭ بەيچۇەن: «تىنچلىق مەزگىلىدە ئەلنى ئىدارە قىلىشقا دائىر ئىشلار» نىڭ 7 -جىلدىدە:

«(جىڭيۇ) 3 - يىلى 12 - ئايدا، جاۋيۈەنخاۋ ... يەنە ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىپ، گۇاجۇ، ساجۇ، سۇجۇ ئۈچ ئوبلاستنى بېسىۋالغان» دەيدۇ.

يۇقۇرىدا ئۈچ كىتاپتىن كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن قارىغاندا، «گۇاجۇ، ساجۇ، سۇجۇ» ئۈچ ئوبلاستنىڭ ئالدىغا «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدىن گۇاجۇ، ساجۇ، سۇجۇ ئۈچ ئوبلاستنىڭ ئۇيغۇرلارغا تەۋە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. سۇڭ، لياۋ سۇلالىلىرىنىڭ تارىخ كىتاپلىرىدا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى، غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرى، ئارسلان

ئۇيغۇرلىرى، كۇسەن ئۇيغۇرلىرى دىگەن ناملاردىن باشقا، يەنە «ئۇيغۇر» دىگەن نام يالغۇز كەلگەن ئەھۋاللىمۇ ئۇچرايدۇ. لى گۇڭيەن بۇنداق يالغۇز كەلگەن «ئۇيغۇر» كۆپىنچە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. ياپونلاردىن چەنتىيە نېجىگىمىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش قاراشتا بولغان ⑪. بۇ خىل قاراش تازا توغرا بولمىسىمۇ، لىكىن كۆپ ساندىكى ماتېرىياللاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، كەم دىگەندە ئالدىنقى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللەردە يالغۇز كەلگەن «ئۇيغۇر» نىڭ كۆپىنچىسى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بەش دەۋر، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ بېشى ھەتتا ئوتتۇرىلىرىدا شۇنداق بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا تارماقلىرىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندا، ئۇيغۇر دىگەن نامنىڭ ئالدىغا يەر نامىنى قوشقان. ئىككى «بەش دەۋر تارىخى» دىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى تەزكىرىسى، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى تەزكىرىسىدە قىسقارتىپ «ئۇيغۇرلار» تەزكىرىسى دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، گۇاجۇ، ساجۇ، سۇجۇ ئۈچ ئوبلاستنىڭ ئالدىغا «ئۇيغۇر» ئىبارىسى قوشۇلسا، بۇنى بىز باشقا ئۇيغۇرلار ئەمەس، پەقەت گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى دەپلا قارايمىز. بۇ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمى غەربتىكى گۇاجۇ، ساجۇ ئوبلاستلىرىغا كۆچكەندىن كېيىن، خەنزۇلاردىن ساۋ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇيغۇرلىشىش چوڭقۇر بولغان بۇ رايوندا يېڭىۋاشتىن ساجۇنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى قۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ ⑫.

ۋاھالەنكى، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمىنىڭ گۇاجۇ، ساجۇ رايونلىرىغا كىرگەنلىكى ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولۇپ غەربكە چېكىنىشىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى بولمايدۇ. ئۇلار ساجۇدا يېڭىۋاشتىن ھاكىمىيەت قۇرغان بولسىمۇ، لىكىن ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا، ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى تېخى تارىختا چوڭقۇرراق ئىز قالدۇرغىچە، قۇدرەتلىك تاڭغۇت قوشۇنى تەرىپىدىن يەنە بىر نۆۋەت گۇمران قىلىنغان. گۇاجۇ، ساجۇ، سۇجۇ ئۈچ ئوبلاستنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تاڭغۇتلار بېسىۋالغان ۋە ئۆزىگە قاراشلىق ئايماق (ۋىلايەت) قىلىۋالغان. تاڭغۇتلار بىلەن «ئەۋلادتىن ئەۋلادقا دۈشمەنلىشىپ كەلگەن» ⑬ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى، ئەھۋالدىن قارىغاندا، تاڭغۇتلارغا تەسلىم بولمىغان. ساجۇ رايونىدا يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار، مەسىلەن، ساجۇ بېتىڭ خان، ساجۇ تەلىنى جىمقىتۇرغۇچى شاھزادە ⑭ قاتارلىقلارنىڭ قېچىپ قالغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئۇلار يەنە داۋاملىق غەربكە كۆچكەن. دۇنخۇاڭ ئارقىلىق يۇمىڭ قوۋۇغىدىن چىقىپ قۇمۇلدىن ئۆتۈپ غەربىي ئوبلاستقا (ئاستانىغا) كېلىپ، غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىغا قوشۇلغان.

ۋېي تەينىڭ «دۇڭشۇەن خاتىرىلىرى» نىڭ 3 ـ جىلدىدا :

« (گۇسلو) بۇرۇن ئۇيغۇرلار بىلەن لەنجۇدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، خانغا تارتۇق قىلىپ تۇرغان. جاۋيۈەنخاۋ ئىسيان كۆتەرگەندە، گۇسلونىڭ ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، قوشۇن تارتىپ لەنجۇدىكى چاگلارنى مەغلۇپ قىلىپ، جەنۇپتىكى ماشەن تېغىغا بېرىپ بىرىپ، ۋاچۇەندە قورغان ياساپ، لەنجۇنىڭ كونا يولىنى ئۈزۈپ قويغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن گۇسلو خانغا تارتۇق قىلىشقا كىرەلمىگەن. ئۇيغۇرلار مۇچېكىنىپ بېرىپ غەربىي ئوبلاستنى ساقلاپ ياتقان » دېيىلگەن. « سۇڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى » دىكى خاتىرىدىن قارىغاندا، گۇسلو بىلەن بىللە خانغا تارتۇق قىلىشقا بارغانلار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، « غەربىي ئوبلاستنى ساقلاپ ياتقان » ئۇيغۇرلار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمى ئىدى، « تېچلىق مەزگىلدە ئەلنى ئىدارە قىلىشقا دائىر ئىشلار » نىڭ 16 - جىلدىدىمۇ مۇشۇنداق خاتىرىلەنگەن. « سۇڭنامە. تاڭغۇت تەزكىرىسى » گە ئاساسلانغاندا، جاۋيۈەنخاۋنىڭ لەنجۇدىكى چاگلارغا ھۇجۇم قىلىشى گۇاجۇ، ساجۇ، سۇجۇ ئۈچ ئوبلاست بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن بولغان ئىش، بۇمۇ « غەربىي ئوبلاستنى ساقلاپ ياتقان » دېيىلگەن بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋال گۇاجۇ، ساجۇ رايونلىرىغا چېكىنىپ، ئاندىن كېيىن غەربىي ئوبلاستقا كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمىنىڭ غەربكە كۆچكەن تارمىقىدىن باشقا، يەنە بىر تارمىقى گەنجۇدىن چىقىپ خېشۈي (قاراسۇ) دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈپ، بۈگۈنكى ئېزگىنە خوشۇنى تەۋەسىگە كىرىپ، شۇ يەردە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. بۇنى قارىغۇلارچە قىلىنغان قىياس، دەپ قارىغۇچىلارنىڭ بولۇشى ئېھتىمال. ئۇنداقتا بىز پاكىتقا قاراپ باقايلى! « يىلنامە » نىڭ 346 - جىلدىدا:

« (يۈەنخېڭنىڭ 7 - يىلى 6 - ئاي) خاننىڭ لىشىيەنگە چۈشۈرگەن يارلىقىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇيغۇرلار بىلەن تۇبۇتلار يېقىنقى زاماندىن بۇيان قۇدىلىشىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي چېگرىسى تاتارلارغا تۇتىشىدۇ،» دېيىلگەن.

بۇ ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال. ئالدى بىلەن بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىنى ئېنىقلىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋال بۇلارغا تۇتاش تاتارلارنىڭ ئورنىنى ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ تاتارلار قەيەردە ئىدى؟ ۋاڭ گوۋېينىڭ قارىشىچە: « بۇ تاتارلار بىلەن تاڭغۇتلار تەسكەي تاغ (يىنشەن)، خېلەن تېغىنىڭ غەربىدە كۆپىنچە ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان » [15]. جيەن نېيخۇەننىڭ قارىشىچە: « شەنشى - گەنسۇ چېگرىسىنىڭ سىرتىدا،

غەربتە ئېزگىنە دەرياسى بويىغىچە ۋە ئۇرۇق تاتارلار جايلاشقان»⑯. ئىككىيلەننىڭ قارىشىدا ئوخشاشلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەلۇم داۋلىسى بار. لېكىن مەن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنۇلارنى كۆرسەتمەكچىمەن: بۇ جايدىكى تاتارلار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەسلىدىكى جايىغا يېقىن، ئېھتىمال گەنجۇنىڭ شەرقىي شىمالى، خېلەن تېغىنىڭ شىمالى تەرىپىدە بولسا كېرەك. بەش دەۋردە، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا تاتارلار بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقىغا كۆپ قېتىم بىرلىكتە تارتۇق قىلىشقا كىرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن ⑰. دۇنخۇاڭ پۈتۈكلىرىدىمۇ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپ قېتىم سۇجۇلىقلار بىلەن بىرلىكتە گۇاجۇ، ساجۇ رايونلىرىغا بېسىپ كېلىپ پاراكەندە قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن ⑱: ئۇدۇن خەت - چەكلىرىدە يەنە ساجۇنىڭ جۇڭيۈن، تاتارلار بىلەن بىرلىشىپ گەنجۇغا ھۇجۇم قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن ⑲. «يىلنامە» دە يەنە تاتارلار خېلەنشەن تېغىنىڭ شىمالىدىكى تاڭغۇتلارنىڭ غەربىي تەپتىشىنى بۇلاپ كەتتى، دېگەن خاتىرە بار ⑳. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۈزۈپ ئېيتىمىزكى، بۇ تاتارلار چوقۇم گەنجۇ، ساجۇ ئىككى ئوبلاستىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ئۇ چاغدا، بۇ تاتارلارغا تۇتاش جايلاشقان ئۇيغۇرلارمۇ خېلەنشەن تېغى، خېلوچۈەن تۈزلەڭلىكى، ئات يايلىسى تېغى تەرەپلەردە بولغان بولىدۇ.

بۇ «ئۇيغۇر» ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى تارمىقىغا قارىتىلغان؟ «يېقىنقى زاماندىن بۇيان» تۇبۇتلار بىلەن «قۇدىلىشىپ كەلگەن» دېگەن سۆزلەر بىزگە ئۇنىڭ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تۇبۇتلار بىلەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قۇدىلىشىشى كۆسلۇ ۋاقتىدىلا باشلانغان، لۇگزەن ئەلگە ئاتا بولغان چاغلاردىمۇ بۇ مۇناسىۋەت ئۈزۈلمىگەن. «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم بايانلار توپلىمى» نىڭ 197 - جىلد «ئۇيغۇلار» قىسمىدا:

«(تيەنشىنىڭ 2 - يىلى، ياغلاقار) ئەل بولغان جى، ئۇنىڭ ۋەزىرى سۇۋ بىنشۇگۇي بىرلىكتە غەربىي تۇبۇتلارنىڭ شاھزادىسى زەنخۇ بىلەن قۇدىلىشىشنى بىلدۈردى» دېيىلگەن.

«تاڭغۇتلار ھەققىدە بايان» نىڭ 23 - جىلدىدا:

«غەربىي تۇبۇتلارنىڭ باشلىقى دۇگجەننىڭ ئوغلى لىن بۇبى دەسلەپتە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن ئۆيلەندى» دېيىلگەن.

بۇنىڭدىن شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، «تۇبۇتلار بىلەن يېقىنقى زاماندىن بۇيان قۇدىلىشىپ كەلگەن» ئۇيغۇر گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بولۇپ، ئۇلار گەنجۇنى تاڭغۇتلار بېسىۋالغاندىن كېيىن شىمالغا كۆچۈپ، گەنجۇنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تاتارلارغا تۇتاش

ئېزگىنە خوشۇنىنىڭ غەربىگە چېكىنىپ بارغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋۇ گۇاڭچىڭمۇ مۇشۇنداق قاراشتا بولغاندەك قىلىدۇ. «تاڭغۇتلار ھەققىدە بايان» نىڭ 12 - جىلدىدا. تاڭغۇت قوشۇنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىشىنى يازغاندا:

«غەربىي تۇبۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ئوڭ تەرەپتىكى گەنجۇ يولىغا 30 مىڭ لەشكەر ئورۇنلاشتۇردى» دېيىلگەن.

بۇ ئەسلىدە «سۇڭنامە. تاڭغۇتلار تەزكىرىسى» دىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل ئىدى. لېكىن ۋۇ گۇاڭچىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئاستىغا تۆۋەندىكى ئىزاھنى بەرگەن:

«خېلىشەن تېغى، جۇنجىشەن تېغى، جۇيەن قورغىنى قاتارلىق يوللارنى ئاساس قىلغان، نيۇتۇچاۋ تېغىنى چېگرا قىلغان، بۇ جاي، دۇنخۇاڭنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ».

خېلىشەن تېغى، جۇنجىشەن تېغى، جۇيەن قورغىنى — ھەممىسى كارىدورنىڭ شىمال تەرىپىدە. مانا بۇ تاڭغۇتلار مۇداپىئەلەنگەن «ئۇيغۇر» دەل كارىدورنىڭ شىمالىغا جايلاشقان «ئۇيغۇر» لار ئىكەنلىكىنى، يەنى شىمالدىكى ئېزگىنە خوشۇنى تەۋەسىگە كۆچۈپ بارغان گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن دەسلەپتە شىمالغا قانچىلىك ئادەم كۆچكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، شىمالغا كۆچۈپ 40 نەچچە يىلدىن كېيىن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى شىنزۇڭنىڭ يۈەنفېڭ يىللىرىدا، بۇلارنىڭ ئاھالىسى كۆپىيىپ 300 مىڭدىن ئاشقان. «سۇڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە:

«(ئۇيغۇرلار) 6 - يىلى يەنە كەلگەن. خان ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىدىن بەش كىشىنى جۇنجۇ (مەنسەپ) لىققا سەپلىگەن. يىلىغا 20 تۇپتىن رەخ بەرگەن. شىنزۇڭ خان ئۇلاردىن دۆلىتىڭلارنىڭ ئاھالىسى قانچىلىك، دەپ سورىغان، ئۇلار 300 مىڭدىن ئاشىدۇ. دېگەن؛ كېرەككە كېلىدىغانلار قانچىلىك، دېگەندە، 200 مىڭ دەپ جاۋاپ بەرگەن. 2 - يىلى، خان لى شيەنگە ئەلچى تاللاپ ئالىڭغا ئەۋەتىپ، ئۇيغۇرلارغا قوشۇن باشلاپ تاڭغۇتلار تەۋەسىگە چوڭقۇرلاپ كىرىشنى ئۇقتۇرۇش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى» دېيىلگەن.

ۋاڭ رېنخې، لىن گەن ئەپەندىلەر گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغان، سۇڭ خانلىقىغا يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر دېگەن نام غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىغا قارىتىلغان، دەپ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدىكى بۇ مۇھىم خاتىرىنى پۈتۈنلەي رەت قىلدى ㉑. ھېچقانداق ئىسپات ماتېرى-

يالى يوقلا ئالدىراپ بۇنداق يەكۈن چىقىرىش ئانچە ئىلمىي بولماس. بىرىنچىسى، «سۇڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» نىڭ ئۆزى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن ئىشلەنگەن تەزكىرە بولۇپ، غەربىي ئوبلاستقا دائىر ئايرىم خاتىرىلەر ئارىلىشىپ كىرىپ قالغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، پۈتكۈل تەزكىرىدە ئاساسىي جەھەتتىن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان. ئىشەنچلىك ئىسپات ماتېرىياللىرى بولمىسا، بۇنى ئالدىراپ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئىككىنچى، «سۇڭنامە»، «سۇڭ سۇلالىسىغا دائىر مۇھىم بايانلار» دا غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم «قوچو»، «كۇسەن» تەزكىرىلىرى يېزىلغان. ئەگەر يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىياللار ھەقىقەتەن غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىغا دائىر ۋەقە بولغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ «قوچو»، «كۇسەن» تەزكىرىلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولاتتى. مەسىلەن، لۇشىڭ غەربىي ئوبلاست دائىرىسىدىكى كۇسەن خانى بولسىمۇ، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى تەزكىرىسىگە كىرگۈزۈپ ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلغان. لېكىن «سۇڭ سۇلالىسىغا دائىر مۇھىم بايانلار توپلىمى» نىڭ «كۇسەن تەزكىرىسى» دە «غەربىي ئوبلاست كۇسەنىنىڭ قارا خانى لۇشىڭ» نىڭ ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن. ئۈچىنچى، «يىلنامە» نىڭ 341 - جىلدىدىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، يۇقۇرىدا «سۇڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماتېرىيال ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تارتۇق ئېلىپ كىرگەنلىكى ئەمەس، تاتارلار بىلەن بىللە تارتۇق ئېلىپ كىرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن ماتېرىيال. ئەسلى تېكىستى مۇنداق: «(يۈەنفېڭنىڭ 6 - يىلى 12 - ئايدا) ئۇيغۇرلارغا قوشۇپ تاتار باشلىقلىرىدىن بەش كىشى جۇنجۇ مەنسۇپگە تەيىنلەندى، يىلىغا 20 توپ رەخ بېرىلىدۇ». تاتارلار بىلەن تارتۇق ئېلىپ كىرگەن ئۇيغۇر چوقۇم «تۇبۇتلار بىلەن يېقىنقى زاماندىن بېرى قۇدىلىشىپ كەلگەن» ئۇيغۇرلار بولۇپ، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شىمال تەرەپتىكى تاتارلارغا يېقىن جايغا كۆچكەن قىسمىدۇر. گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قالغان قىسمى ئايرىم ھاكىمىيەت قۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن «سۇڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تارىخىنى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قويغان، بۇنداق قىلىشتا بۇلارنىڭ ئەسلىدە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

«سۇڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىكى ماتېرىيالدا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خاتىرىلەنگەنلىكىدىن گۇمانلىنىشقا بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى 300 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە ئىدى دېگەنگە پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى شىمالغا كۆچكەندىن كېيىن، ئەسلىدە خېلەنشەن تېغى ئېتىكىدە ئولتۇرۇشلۇق تۆت جەمەت ئۇيغۇرلار بىلەن خېلۇچۈەن تۈزلەڭلىكىدە ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا قوشقانـ

دېمەك ئۇنچە چىقمايدۇ. بۇ 300 مىڭ دېگەن سانىنى ئۇيغۇرلار ئۆزىنى سۈڭ خانلىقىغا كۆپ كۆرسىتىش ئۈچۈنلا ئېيتقان دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇلار سۈڭ خانلىقىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، خېخۇاڭنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كۆپ قېتىم تاتارلار بىلەن بىللە سۈڭ خانلىقىغا تارتۇق يوللاپ، سۈڭ خانلىقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغان.

«لياۋنامە»: دە «ئارسلان ئۇيغۇرلىرى» (خېجۇ، قوچو ئۇيغۇرلىرىمۇ) بىلەن «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» دېسە پەرقلەندۈرۈلگەن «ئۇيغۇر دۆلىتى» ۋە «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەگرىقۇت مەھكىمىسى» [22] ئېھتىمال شىمالغا كۆچكەن مۇشۇ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتە كېرەك. ئۇلار گەنجۇنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، «ئۇيغۇر» دەپلا ئاتالغان. بۇ ئۇيغۇرلار «لياۋ خانلىقىغا بېقىنىپ، بەزىدە بويسۇنۇپ، بەزىدە قارشى تۇرسىمۇ [23]»، لېكىن لياۋ خانلىقىغا قارىتا تارتۇق يوللاش مۇناسىۋىتىنى تاكى لياۋ سۇلالىسى خانى تيەنزۇنىڭ تيەنچىڭ 3 - يىلى ( 1113 - يىلى ) غىچە داۋاملاشتۇرغان.

## 3. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمى بىلەن غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى

يۇقۇرقى پاراگىرافتىكى مۇلاھىزە ئارقىلىق شۇنى ئاساسەن ئېنىقلىۋالدۇقكى، تاڭغۇتلار گەنجۇنى بېسىۋالغاندىن كېيىن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمى ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ، بىر تارمىقى غەربكە كۆچۈپ، ئاۋال گۇاجۇ، ساجۇ رايونلىرىغا، ئاندىن كېيىن غەربىي ئوبلاستقا كىرگەن؛ يەنە بىر تارمىقى قارا سۇ دەرياسىنى بويلاپ قەدىمقى ماكانى يەنخەي رايونىغا كىرگەن. ئۇنداق بولسا، بۇ ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ كۆچكەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمى غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولغان؟ بەزى ئالىمەتلەر گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمى غەرب ۋە شىمال تەرەپلەرگە كۆچكەندىن كېيىن، غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىدا ئىككى زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بىرى، غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنىڭ خان ۋارىسلىرىدا ئۆزگىرىش بولغان؛ يەنە بىرى، غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنىدا ئۆزگىرىش بولغان.

ئالدى بىلەن بىرىنچى ئۆزگىرىشكە نەزەر سېلىپ باقايلى.

غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ نەسىل - نەسەبلىرى توغرىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەردە كەم - كوتا جايلىرى كۆپ، ئۇنىڭ بىر قەدەر ئېنىق نەسەبنامىسىنى تۈزۈپ چىقىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئەنشى ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدىكى پانتېكىندىن باشلاپ ھېساپلىغاندا، كېيىنكى ۋاقىتتا بۆكە تېكىن غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىغا بىر مەزگىل باشلىق بولغان

بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خان ئاتالغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىسىنى ئۇچراتمىدۇق. پۈتكۈل بەش سۇلالە دەۋرىدە، غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىدا بىرەرمۇ خان دىگەن نام چىقمىغان. پەقەت تەيپىڭ خانىنىڭ شىڭگو 6 - يىلى (981 - يىلى) غا كەلگەندە ئاندىن «ئارسلانخان»[24] ئاتالغان غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى تەرىپىدىن تارتۇق ئېلىپ كىرگەن ئەھۋالنى ئۇچرىتىمىز. بۇ غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىدىن قوچۇ سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ خانىدەك قىلىدۇ، شۇندىن كېيىن بۇ خان يەنە يازما خاتىرىلەردە كۆرۈلمەيدۇ. ئۇنىڭ كېيىندىنلا ئوتتۇرىغا چىققىنى غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىدىن كۇسەن سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ خانى بولۇپ، جىنزۇڭ دەۋرىدىكى لۇشىڭ، رېنزۇڭ دەۋرىدىكى جىرخەيلەرمۇ «ئارسلانخان» دەپ ئاتالغان[25]. بۇنىڭدىن بۇرۇن قوچۇ، كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەممىسى غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلغۇچى بىر خان ئەمەستەك قىلىدۇ. بۇ ھەقتە غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىدىن كۇسەن سىستېمىسىدىكىلەر ئەنشى ئۇيغۇرلىرىدىن پانتېكىنگە ۋارىسلىق قىلغان، قوچۇ سىستېمىسىدىكىلەر بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىدىن بۆكە تېكىنگە ۋارىسلىق قىلغان، دەپ قىياس قىلىنسا بولارمىكىن[26]. دىمەك، سىرتقا قارىتا ھەممىسى «غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرى» دېيىلسىمۇ، ماھىيەتتە ئىككى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «سۇڭنامە» ۋە «سۇڭ سۇلالىسىغا دائىر مۇھىم بايانلار» دا ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ئىككى تەزكىرە يېزىلغان؛ «كىدان تەزكىرىسى» نىڭ 21 - جىلدىدا قوچۇ بىلەن كۇسەننى ئايرىم - ئايرىم ئىككى دۆلەت قىلغان؛ سۇڭ خانى شىنزۇڭ دەۋرىدە، قائىدە - مۇراسىم ۋازىرى بولۇپ، ھەر قايسى دۆلەتلەردىن كەلگەنلەرنىڭ زىيارەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان پاڭ يۈەنيىڭمۇ كۇسەن بىلەن قوچۇغا ئىككى دۆلەت سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغان[27]. ۋاھالەنكى، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمى غەربىي ئوبلاستقا كىرگەندىن كېيىن، غەربىي ئوبلاست خانىنىڭ ۋارىسلىق سىستېمىسىدا ئۆزگىرىش بولغان. بۇ ئۆزگىرىش لياۋ سۇلالىسى مۇنقەرز بولۇپ، يا للۇغ تاشىمن غەرپكە يۈرگەندە ئاندىن ئاشكارىلانغان. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمى ئۇزۇن ۋاقىت تېنىچ ئۆتكەن تۇرپان خانلىقىدا ئۈن - تىنسىز بىر قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشنى ئورۇنلىغان، غەربىي ئوبلاستقا چېكىنىپ كىرگەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانلىق ئورنىغا چىققان. «لياۋ نامە. تەنزو خان ھەققىدە خاتىرىلەر» دە:

«كېيىنكى يىلى 2 - ئاينىڭ X كۈنى، قارا كالا، ئاق ئات سويۇپ، زارا-خەتمە، نەزىرە - چىراق ئۆتكۈزۈپ، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، غەرپكە يۈرگەن. ئالدى بىلەن ئۇيغۇر خانى بىلگىگە قالدۇرغان مەكتۇبىدا مۇنداق

دېگەن: «بۇرۇن بىزنىڭ بىرىنچى پادىشاھىمىز شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، بۆكۈخان شەھىرىدىن ئۆتكەندە، كەنجۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بوۋىمىز ئومىجۇغا بەرگەن يارلىقىدا ...... دېگەن» دېيىلگەن.

بېلگەنىڭ غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانغۇچىلار يوق ئىدى. لېكىن ياللۇغ تاشىن كەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانى ئومىجۇنى بېلگەنىڭ بوۋىسى دەپ ئاتىغان. بۇ بىزگە بېلگەنىڭ ئەسلىدە كەنجۇ ئۇيغۇرلىرى خانى سىستېمىسىدىكى ئادەم، ئومىجۇنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ يەنە شۇنىمۇ ئىسپاتلايدۇكى، كەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمى غەربىي ئوبلاستقا كىرگەندىن كېيىن، ئۇزۇن مۇددەت كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ساقلاپ كەلگەن بۇ ئۇيغۇر گۇرۇھى ئاللاقاچان ئولتۇراقلاشقان ئاھالىگە ئايلانغان غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرى گۇرۇھىنى يەڭگەن، ئۇلار ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ باكتىرىيىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگىنىگە ئوخشاش، تاڭغۇتلار ئالدىدا يېڭىلگەن قالدۇق ئەسكەرلەر بولسىمۇ، قوچۇلىقلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش ئۇلار ئۈچۈن ئاسان بىر ئىش بولۇپ قالغان.

دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «لياۋ نامە» دە بېلگەنى «ئۇيغۇرلار خانى» دەپ ئاتىغان، ئۇنىڭ ئالدىغا «كەنجۇ» نىمۇ قوشمىغان؛ «غەربىي ئوبلاست»، «خېجۇ»، «ئارسلان»، «كۇسەن» دېگەن ناملارنىمۇ قوشمىغان. بۇ، بىر تەرەپتىن، بېلگە ئەسلى كەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، كېيىن يەنە غەربىي ئوبلاستنىڭ خانى بولغانلىقى ئۈچۈن «ئۇيغۇرلار خانى» دەپ ئاتاشنىڭ بىر قەدەر مۇۋاپىق بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئېھتىمال كەنجۇ ئۇيغۇرلىرى غەربىي ئوبلاستقا كىرگەندىن كېيىن، جەڭگىۋارلىقى نىسبەتەن كۈچلۈك بولغان بۇ بىر تارماق ئۇيغۇرلار گۇرۇھى يالغۇز قوچۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى كۇسەننىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىمۇ تارتىۋېلىپ، قوچۇ بىلەن كۇسەننى بىرلا ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى قىلىپ بىرلىككە كەلتۈرگەچكە، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگىچە كەلگەندە كۇسەن بىلەن ئۇيغۇر دېگەن سۆز ئۆز - ئارا ئالماشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك. «يىلنامىدىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ باش - ئاخىرى» نىڭ 140 - جىلدىدا شىيا مەملىكىتى زېمىنىنىڭ «غەربى تاڭغۇت، كۇسەنگە تۇتىشىدۇ» دېگەن؛ «سۇڭ سۇلالىسىغا دائىر مۇھىم بايانلار توپلىمى» نىڭ 199 - قىسىم «كۇسەنلو» بابىدا شىيا مەملىكىتى «تاڭغۇت دۆلىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ» دېگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان كۇسەنمۇ، ئۇيغۇرمۇ غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىغا قارىتىلغان. روشەنكى، بۇ ۋاقىتتىكى كۇسەن ئىلگىرىكى مەلۇم مەنىدىكى مۇستەقىل كۇسەندىن پەرقلىنىدىغان، پۈتۈنلەي ئۇيـ

ھۇر ھاكىمىيىتىگە تەۋە بولغان كۆسەندۇر. جىلىڭ ۋە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە، كۆسەننىڭ نامى پۈتۈنلەي يوقاپ كەتكەن. بۇ شۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇكى، كۆسەن بىلەن قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىر ھاكىمىيەت تەركىبىگە كىرىپ، «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى «ئۇيغۇر خانى» دەپ ئاتالغان[28].

يازما مەنبەلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ ئۇششاق - چۈشەك ئۆزگىرىشلەرنى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمىنىڭ غەربىي ئوبلاستقا كىرگەنلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلساقلا، ئاندىن مۇۋاپىق يېشىپ بېرەلەيمىز.

ئەمدى ئىككىنچى ئۆزگىرىش ئۈستىدە توختىلىمىز.

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمى غەربىي ئوبلاستقا كىرگەندىن كېيىن، قوچۇ بىلەن كۆسەننى بىرلا ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىگە تەۋە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ شەرق قىسمىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەن. «جاھاننامە» نىڭ 12 - بابىدا توققۇز ئوغۇزلار زېمىنىنىڭ شەرق تەرىپى «JINAN JKATH (جۇڭگو شەھىرى)» يەنى قوچۇغىچە كېلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن[29]، بۇ تەخمىنەن 10 - ئەسىردىن بۇرۇنقى خاتىرە. دىيانەتلىك قوشۇن دەۋرىدە، قوچۇنىڭ شەرق تەرىپىدە كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئېچۈرغول، ناپچىق قاتارلىق جايلار تېخى غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىغا تەۋە بولمىغان[30]؛ گاۋجۇخەي ئۇدۇنغا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە، قومۇلنىڭ جەنۇپ تەرىپى يەنىلا كىچىك ياۋچىلار نەسلىدىن جۇڭيۈننىڭ ئىشغالىيىتىدە ئىدى[31]؛ سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ۋاڭ يەندې قوچۇغا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە، ئۇنىڭ شەرقىي چېگرىسى زىيتيەن ئىبادەتخانىسىدا (قوچۇنىڭ شەرق تەرىپىدە) بولۇپ، ناپچىق ئېچۈرغوللار تېخى غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمىنى دائىرىسىگە كىرمىگەن[32]. ئەمما، گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمى غەربىي ئوبلاستقا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شەرقىي چېگرىسى خېشى كارىدورىنىڭ جەنۇپ ۋە شىمال تەرەپلىرىنى بويلاپ شەرققە سوزۇلۇپ بارغان. جەنۇپ تەرىپى: «يىلنامىدىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ باش - ئاخىرى» نىڭ 140 - جىلدىدىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا:

«(سۇڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن كېڭەيتىلگەن تۇبۇتلە زېمىنى) نىڭ شىمال ۋە شەرقىي جەنۇپ (شىمال) تەرەپلىرى تاڭغۇتلار دۆلىتىگە چېگرىداش؛ غەربىي چىڭخەيدىن ئۆتۈپ، كۆسەن دۆلىتىنىڭ چېگراسىغىچە بارىدۇ».

دېمەك، بۇ ۋاقىتتىكى غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرقىي چېگرىسى خېشى كارىدورىنى بويلاپ جەنۇپتا چىڭخەي زېمىنىغىچە بارغان، شۇنىڭ ئۈچۈن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تۇبۇتلار چېگرىسى «شىمال تەرىپى ئۇيغۇرلارغىچە بارىدۇ» دېيىلگەن[33].

شىمال تەرىپى: «ديۋەننامە» نىڭ 122-جىلدىدىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا:
«ئىدىقۇت — قوچۇ دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى ئورنىۋانى .... ھەممىسى بەشبالىقنىڭ زېمىنى. شىمالى ئاشۇ دەرياسىغا، جەنۇبى جيۇچۇەن ۋىلايىتىگە تۇتىشىدۇ، شەرقى ۋۇدۇنجاشىغا، غەربى تۇبۇتلارغا تۇتىشىدۇ».

ۋۇدۇنجاشىغا ھازىرقى قۇمۇلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئونا غاش كۆلى. دېمەك، غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەرقىي چېگرىسى ئېچۇ رغولدىن ئۆتۈپ كەتكەن. جەنۇپ تەرىپى «جيۇچۇەن ۋىلايىتىگە» تۇتاشقان. مانا بۇ جيۇچۇەن ۋىلايىتىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى كەڭ زېمىنمۇ غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىغا تەۋە ئىدى دېگەن سۆز. مۇشۇنداق بولۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. غەربىي ئوبلاستقا چېكىنىپ كىرگەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىدىن خانلىق ئورنىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، شىمال تەرەپتىكى ئېزگىنە ئەتراپىدا كۆچكەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالغان قىسمىمۇ غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىغا ئەل بولغان، پۈتكۈل خېلوچۇەن تۈزلەڭلىكى ۋە ئات يايلىقى تېغى ئەتراپى غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنىڭ دائىرىسىگە كىرگەن. شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۇيغۇرلار غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنىڭ بايرىقى ئاستىغا يىغىلىپ، بىرلىككە كەلگەن بىر ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. غەرپلىكلەر ۋە مۇئەررىخلار بۇنى قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەپ ئاتىغان.

ئىزاھاتلار:

① كۆپ ساندىكى كىشىلەر «سۇڭنامە. تاڭغۇتلار تەزكىرىسى» بويىچە، تيەنشېڭنىڭ 6-يىلى تاڭغۇتلار گەنجۇنى مۇنقەرز قىلغان دەيدۇ. ئاپتور بۇ ھەقتە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تاڭغۇتلارنىڭ گەنجۇنى ئەڭ ئاخىرى ئىشغال قىلغان ۋاقتى سۇڭ سۇلالىسى رېنزوڭ خاننىڭ مىڭداۋ تۇنجى يىلى دەپ بېكىتتى. بۇنىڭ تەپسىلاتى توغرىسىدا نەشر قىلىنىش ئالدىدىكى «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى تارىخىدىن ئىككى پارچە» دېگەن ماقالىغا قاراڭ.

② لى فۇتۇڭ: «سېرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە مۇلاھىزە»، «چېگرا مەمۇرىيىتى ھەققىدە مۇھاكىمىلەر» نىڭ 43-يىل 3-توم، 8-سانىغا بېسىلغان.

③ چەتئەللىكلەردىن بىر نەچچىسىدىن، ساگىيەن ليۇليەڭ، زوكۇتولار؛ مەملىكىتىمىز ئىچىدىكىلەردىن ۋاڭ گوۋېي، ۋاڭ رىۋېي، گاۋزىيەن قاتارلىقلار مۇشۇ پىكىردە.

④ ۋوگوۋاڭچىڭ: «تاڭغۇتلار ھەققىدە خاتىرىلەر»، 7-جىلد.

⑤ «سۇڭنامە. لى جىخې تەزكىرىسى».

⑥ «زېڭ كۇڭنىڭ قالدۇرغان خاتىرىلىرى». تولۇق ئەمەس. «يۈڭلې قامۇسى»، 19735 - جىلد بولۇپ، ئۇنىڭ 8 - جىلدى ساقلىنىپ قالغان.

⑦ لى يۈەن: «چىڭگىتاڭ خاتىرىسى». ھازىر «خاتىرىلەر توپلىمى» قىسمى بار. ھازىر كىشىلەر لى يۈەننىڭ «چىڭگىتاڭ خاتىرىسى» بىلەن ۋاڭ زاۋنىڭ «چىڭگىتاڭ خاتىرىسى»نى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى كىتاپ. بۇ ھەقتە ئەرزىمەس ئەسىرىم «لى يۈەن، ۋاڭ زاۋ ۋە چىڭگىتاڭ خاتىرىسى» گە قاراڭلار. «دۇنخۇاڭشۇناسلىق مەجمۇئەسى» نىڭ 3 - سانىغا بېسىلغان.

⑧ «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 364 - بەت.

⑨ ياڭ جۈڭلياڭ: «تارىخىي ۋەقەلىكلەر يىلنامىسى» 140 - جىلد، «خۇاڭ - شەن ئوبلاستىنى قايتۇرۇۋېلىش».

⑩ بۇ كىتاپ ھازىر يوق. لى تاۋنىڭ «يىلنامە دېگەن ئەسىرى» 119 - جىلدىدىن ئېلىندى.

⑪ لى گۇاڭيۈەن: «خەن دەۋرىدىكى غەربىي رايون جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات» قا ۋە چېن شىنچېڭنىڭ «تاڭ، سۇڭ دەۋرىدىكى خېشىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى قاتناش يوللىرى» غا قاراڭ، «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى»، 83 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان.

⑫ بۇ مەسىلە توغرىسىدا تاڭ كەيجيەن، ما مىڭدالارنىڭ «بەش دەۋرى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا خېشىدىكى مىللەتلەرگە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا مۇھاكىمە» دېگەن ماقالىسىنىڭ 2 - بۆلۈمىگە قاراڭ، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق مەجمۇئەسى» نىڭ 4 - سانىغا بېسىلغان.

⑬ «سۇڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

⑭ «يىلنامە»، 131 - جىلد ۋە «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم ئىشلار باياناتلىرى» نىڭ 197 - قىسىم «گۇاجۇ، ساجۇ ئوبلاستلىرى» غا قاراڭ.

⑮ ۋاڭ گوۋېي: «تاتارلار توغرىسىدا تەتقىقات» «گۇەنتاڭ جىلىلىك» نىڭ 14 - جىلدىغا كىرگۈزۈلگەن.

⑯ جيەن نېكسىن: «ئۇراڭقاي ۋە تاتارلار ھەققىدە تەتقىقات» 2 - قىسىم، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى. شاڭۋۇ نەشرىياتى نەشرى.

⑰ «كىتاپلار جەۋھىرى»، 976 - جىلد. «بەش دەۋرنىڭ يېڭى تارىخى»، 12 - جىلد، «سۇڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم باياناتلار توپلىمى»، 197 - قىسىم «ئۇيغۇرلار» غا قاراڭ.

⑱ دۇنخۇاڭ خەت - چەكلىرى p.2155 «ساۋيۈەنجۇڭ بىلەن گەنجۇ خانىنىڭ

ئەرزى» ۋە p·3412 «تەيپىڭ شىڭگونىڭ 6 - يىلى ئەنزەيشىڭنىڭ ئەرزى».

⑲ خوتەن خەت - چەكلىرى p·2741 - نومۇر، خۇاڭشىڭجاڭنىڭ «خوتەن ساك تىلىدىكى 7 پارچە خەت - چەكنىڭ تەتقىقات يەشمىسى» دىن ئېلىندى. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» نىڭ 83 - يىل خەنزۇچە 3 - سانىغا بېسىلغان.

⑳ «يىلنامە»، 471 - جىلد.

㉑ ۋاڭ رۇبى: «تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» «تارىخشۇناسلىق مەجمۇئەسى» 36 - يىل 5 - سانىغا بېسىلغان. لىن گەن: «خېشى ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» نىڭ 81 - يىل خەنزۇچە 3 - سانىغا بېسىلغان.

㉒ «لياۋ نامە. يىلۇ ۋېي تەپسىراتى»، «لياۋ تارىخى. مەنسەپدارلار تەزكىرىسى»

㉓ «لياۋنامە. يىلۇ ۋېي تەپسىراتى».

㉔ «سۇڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى».

㉕ «سۇڭ سۇلالىسىغا دائىر مۇھىم ئىشلار بايانى توپلىمى»، 197 - قىسمى «كۇسەن».

㉖ «سۇڭ سۇلالىسىغا دائىر مۇھىم ئىشلار بايانى توپلىمى»، 197 - قىسمى «كۇسەن» دە، لۇشىڭ ئۆزىنى «بۈيۈك ئۇيغۇر كۇسەن دۆلىتى ئەنشى ئوبلاستىنىڭ بۈيۈك تۇتۇق مەھكىمىسى تەڭرىقۇت قوشۇنىنىڭ ئەمىرى» دەپ ئاتىغان.

㉗ پاڭ يۈەنىڭ «ۋېنچاڭ خاتىرىلىرى»، 1 - جىلد.

㉘ «ئۈچ سۇلالە دەۋرىدىكى شىمالىي ئىتتىپاق توپلىمى»، ئوتتۇرا قىسىم، 49 -، 69 - پارا، «جىڭنامە»، 3 -، 4 -، 5 -، 7 - جىلدلىرى.

㉙ ۋاڭ چىڭ لەي، جۇشىجۇەنلەر تەرجىمە قىلغان «جاھاننامە» 12 - باب «توققۇز ئوغۇزلار دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ شەھەر - بازارلىرى».

㉚ «دۇنخۇاڭ ئۆزگىرىشكە دائىر خەت - چەكلەر توپلىمى»، 1 - قىسىم، «جاڭ يىچاۋ ئۆزگىرىشكە دائىر خەت - چەكلەر».

㉛ «بەش دەۋرنىڭ يېڭى تارىخى. يات قەبىلىلەر — قوشۇمچە» «گاۋجۇخەيىنىڭ ئۇدۇنغا ئەلچى بولۇپ بارغانلىقىغا دائىر خاتىرىلەر».

㉜ «سۇڭنامە. قوچۇ تەزكىرىسى» «ۋاڭ يەندېنىڭ قوچۇغا ئەلچى بولۇپ بارغانلىقىغا دائىر خاتىرىلەر».

㉝ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، تۈبۈتلار ماددىسى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 461 - بەت.

روزى تۇردى تەرجىمىسى

تەھرىردىن:

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىلى رايونىنىڭ ئىلقا ناھىيىسىدە قەدىمقى مىس كان خارابىسىنىڭ تېپىلىشى ھەمدە بىر تۈركۈم مىس قوراللارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن تېپىلىشى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىلىم ئەھلىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. لېكىن يۇقۇرىدا ئېيتىلغان خارابە ۋە يادىكارلىقلارنىڭ يىل دەۋرى، كىمگە تەئەللۇقلىقى، ئارخېئولوگىيە ۋە تارىخ جەھەتتىكى قىممىتى قاتارلىق مەسىلىلەر تېخى چوڭقۇر تەتقىق قىلىنغىنى يوق. بىز بۇ قېتىم ئىلمىي تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى تولۇقلاش ۋە بېيىتىش نىيىتىدە ئۇلار ئىچىدىكى بەزى مۇھىم يادىكارلىقلارنىڭ فوتو رەسىمىنى ژورنىلىمىزنىڭ بۇ سانىغا قىستۇرما رەسىم سۈپىتىدە ئورۇنلاشتۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىلىم ئەھلىنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىدا پايدىلىنىشى ئۈچۈن، يولداش ۋاڭ بىڭخۇاغا «قەدىمقى دەۋردە شىنجاڭدا ياشىغان ساكلارنىڭ تارىخىي ئىزلىرى» دېگەن تېمىدا، يولداش ۋاڭ مىڭجېيگە «ئىلى دەريا ۋادىسىدا ياشىغان ساكلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» دېگەن تېمىدا ماقالا يازدۇرۇپ بىرلىكتە ئېلان قىلدۇق.

# قەدىمقى دەۋردىكى ساكلارنىڭ شىنجاڭدىكى تارىخىي ئىزلىرى

ۋاڭ بىڭخۇا

ساكلار قەدىمقى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ سەھنىسىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلار شىنجاڭنىڭ قەدىمقى زامان تارىخىدىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، شۇڭا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىيدۇ. ئەمما، شىنجاڭنىڭ تارىخ تەتقىقاتى ساھەسىدە يازما يادىكارلىق ماتېرىياللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇ بىر مەسىلە توغرىسىدىكى تەتقىقات تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئىنتايىن ئاجىز بىر ھالقا بولۇپ تۇرماقتا.

قەدىمقى دەۋردىكى ساكلارنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى يازما خاتىرىلەر، دەسلەپتە «خەننامە» دە ئۇچرايدۇ. بىراق، بۇ خاتىرىلەر بەكمۇ قىسقا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە، ساكلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار بولغان بەزىبىر ئېنىق يادىكارلىقلار تېپىلغان بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى يېتەرلىك دەرىجىدە تونۇغىنى ۋە دىققەت نەزىرىگە ئالغىنى يوق. مۇشۇ سەۋەپتىن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇشۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن، بۇ يەردە، قەدىمقى دەۋردىكى شىنجاڭ ساكلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى يىغىنچاقلاپ ھەمدە تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز.

## بىرىنچى، «خەننامە» دىكى ساكلارغا دائىر تارىخىي خاتىرىلەر

«خەننامە» دىكى ساكلارغا دائىر ماتېرىياللار، ئاساسلىقى «غەربىي رايون تەزكىرىسى»، «جاڭچيەن. لى گۇاڭلى تەرجىمىھالى» دا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«ئۇيسۇن دۆلىتى ... شەرقتە ھۇن بىلەن، غەربىي شىمالدا كاڭگيە بىلەن، غەرپتە پەرغانە بىلەن، جەنۇپتا شەھەر قەلئە دۆلەتلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، بۇ ئەسلىدە ساكلارنىڭ زېمىنى ئىدى. چوڭ ياۋچىلار غەرپتە ساك پادىشاھى (سەيۋاڭ) نى مەغلۇپ قىلىپ، قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. ساك پادىشاھى جەنۇپتا شەندۇ (كۆكئارت) دىن ئۆتۈپ كەتتى، چوڭ ياۋچىلار ئۇلارنىڭ زېمىنىدا ماكانلاشتى، كېيىن ئۇيسۇن كۈنبىسى چوڭ ياۋچىلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، چوڭ ياۋچىلار يۆتكىلىپ، غەرپتە باكتىرىيىگە بەيئەت قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئۇيسۇن كۈنبىسى ئۇلارنىڭ زېمىنىدا ماكان تۇتتى، شۇڭا ئۇيسۇن دۆلىتىدە ساك قەۋمىمۇ، چوڭ ياۋچىلار قەۋمىمۇ ساقلىنىپ قالدى» («خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى. ئۇيسۇنلار»)

«ئېركەشتام دۆلىتى، خانى قۇشجەۋلان (نياۋ فېي) ۋادىسىدا تۇرىدۇ. كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى ... خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، كىيىم-كېچەكلىرى ئۇيسۇنلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. سۇ، ئوتلاق بويلاپ چارۋىچىلىق قىلىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ساك قەۋمىدىن ئىدى». («خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى. ئېركەشتام بابى»)

..... «جۈەندۇ دۆلىتى (بۈگۈنكى ئاقچى ناھىيىسى تەۋەسىدە)، ياڭدۇڭ ۋادىسىدا تۇرىدۇ. شىمالدا ئۇيسۇنلار بىلەن چېگرىداش، خەلقىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ئۇيسۇنلارنىڭكىگە

ئوخشايدۇ. سۇ، ئوتلاق بويلاپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. كۆكتارتقا تايىنىپ ياشايدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ساك قەۋمىدىن ئىدى». («خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى. جۇەندۇ دۆلىتى بابى»)

«ئىلگىرى خۇنلار چوڭ ياۋچىلارنى مەغلۇپ قىلغان. چوڭ ياۋچىلار غەربكە بېرىپ باكترىيىدە دەۋران سۈردى. ساك پاشايى جەنۇپتا — كاپچا (كەشمىر) دە دەۋران سۈرگەندىن باشلاپ، ساك قەۋمى بۆلۈنۈپ كەتتى، ئۇلار بىر نەچچە دۆلەتنى قۇردى. سۇلىلاغ (قەشقەر) نىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئىركەشتام، جۇەندۇ دۆلەتىنىڭ خەلقى ئەسلىدە ساك قەۋمىدىن ئىدى». («خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى. كاپچا دۆلىتى بابى»)

«شۇ يىلى، ياۋچىلار خۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى، ياۋچىلار غەربتە ساك پاشايىغا زەربە بەردى. ساك پاشايى جەنۇپقا قاراپ يىراق تامانغا كۆچتى، ياۋچىلار ئۇلارنىڭ زېمىنىدا ماكانلاشتى». («خەننامە. جاڭچيەن، لى گۇاڭلى تەرجىمىھالى»)

«خەننامە» دىكى ساكلارغا دائىر خاتىرىلەردىن بىز مۇنداق ئىككى ئاساسىي چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز. بىرى، ساكلارنىڭ شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئاساسلىق جايلىرى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۈيسۇن، ئىركەشتام، جۇەندۇ قاتارلىق دۆلەتلەر ساكلار ئولتۇراقلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلاردىن ئىبارەت. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۈيسۇنلارنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلىرى، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن يازما يادىكارلىقلار ھەمدە ئۈيسۇن خارابىلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، ئاساسلىقى «تەڭرى تېغى(تىيانشان)» ئىلى دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى «چەكسىز كەتكەن يايلاقلار»، مەسىلەن، موڭغۇلكۈرە، تېكەس، كۈنەس، توققۇز تارا، نىلقا قاتارلىق ناھىيىلەر ئۈيسۇنلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەركىزىي رايونلاردىن ئىبارەت ①. ئىركەشتامدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلار تەخمىنەن پامىر تېغى ئارىسىدا بولغان ②. جۇەندۇدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلار تەخمىنەن تاشقورغان رايونىدا بولغان ③. ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن ئاۋال، ساكلارنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئاساسلىق پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسى ھەمدە تەڭرى تېغى ۋە تېخىمۇ جەنۇپقا جايلاشقان ئالاي چوققىسى، شەرقىي پامىر قاتارلىق جايلاردىن ئىبارەت. ئىككىنچىسى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا چوڭ ياۋچىلار غەربكە — ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈشتىن ئاۋال ④، بۇ جايلار ساكلارنىڭ زېمىنى ئىدى. بۇ مەزگىلدىكى ساكلار سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم

قويۇپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن. ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى «ساكلار پادىشاھى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئاددىي يازما خاتىرىلەردىن ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى، ئىقتىسادىي تۈزۈمى، دىنى، مەدەنىيەت - سەنئىتى ھەمدە ئەتراپىدىكى رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار ھەققىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى بىلگىلى بولمايدۇ.

«خەننامە» دىن كېيىن، خەنزۇچە تارىخ كىتابلاردا ساكلارغا دائىر خاتىرىلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئۇچرىمايدۇ. ئەمما، ئازراق ئىزاھات بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مۇنداق بىر ماتېرىيال بار.

تاڭدا ۋ شۆەن «گۇاڭ خۇڭمىڭ توپلىمى» دا، شۈنجىنىڭ لياڭ خانلىقىنىڭ خانى ۋۇدىغا تەقدىم قىلغان «بۇددا شەجەرىسى توغرىسىدا» دىن: «ساك قەۋمى ئەسلىدە يۇن پامىلىلىك رۇڭلاردىن بولۇپ، دۇنخۇاڭ بويلىرىدا ياشايتتى. ياۋچىلار ئۇلارنى زېمىنىدىن قوغلاپ چىقارغانلىقى ئۈچۈن، كۆكتارتىنىڭ جەنۇبىغا كەتتى...... 塞种 (ساك قەۋمى) دېگەن خەت 释种 قىلىپ خاتا يېزىلغان، ئەمەلىيەتتە بىر يەرنى كۆرسىتىدۇ.

⑤» دېگەنلەرنى نەقىل كەلتۈرگەن. شۈنجى بۇ مەلۇماتنى «خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دىن ئالغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن، «خەننامە» نىڭ ھازىرقى نۇسخىسىدا بۇنداق گەپ چىقمايدۇ. 释种 بىلەن 塞种 دېگەن خەت بىللە قوللىنىلغان كىتابلاردىن، يەنە (تاڭ) يەنشىگۇ يازغان «خەننامە، جاڭچيەن، لى گۇاڭلى تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابمۇ بار، بۇ كىتابنىڭ «ساك قەۋمى» دېگەن سۆزگە بەرگەن ئىزاھاتىدا: «غەربىي رايوندىكى دۆلەت نامى، ساكلار بۇددا نومىلىرىدا شى جۇڭ (释种) دەپمۇ ئاتالغان. ساك، سەي، شى دېگەن خەتلەرنىڭ ئوقۇلۇشى بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە بىر نامنى كۆرسىتىدۇ.» ⑥ دېيىلگەن.

شۈنجىنىڭ بۇ بايانىنى، شىنجاڭنى، ساكلار تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك نەقىل كەلتۈرۈدۇ. ئەمما، ئىنچىكىلەپ قارىغاندا، بۇنىڭ گۇمانلىق جايلىرى كۆپ، نەقىلنى «خەننامە» دىن ئالغان دەيدۇ، ئەمما «خەننامە» نىڭ ھازىرقى نۇسخىسىدا بۇنداق بايانلارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى بۇددا دىنىغا چوقۇنۇش دولقۇنىدا، شۈنجى بولسا بۇددا دىنىنى تەنقىت قىلغان ئاساسلىق شەخسلەرنىڭ بىرى. ۋاھالەنكى، ئاتالمىش غەيرى تائىپىلەرنىڭ پەرقى ئارقىلىق بۇددىغا قارشى تەرغىبات يۈرگۈزۈش، جەنۇبىي — شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى مۇھىم ئىدىيىۋى خاھىش ھېساپلىنىدۇ. «بۇددا شەجەرىسى توغرىسىدا» دا، شۈنجى «شى» (بۇددا دىنى) بىلەن يات قەۋم — ساك،

دىپلارلى بىر قاتاردا قويۇشتەك بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، «ساكلار» ھەققىدىكى بۇ مەلۇماتنىڭ راستلىقى زادى قانچىلىق، بۇنى ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك. بەزى ئالىملار بۇ مەسىلىنى ئېنىق ئېچىپ بەرگەن ئىدى ⑦. شۇڭا بۇ يەردە قايتا توختىلىپ ئولتارمايمىز.

## ئىككىنچى، ساكلارغا دائىر ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار

شىنجاڭدا ئۆتكەن قەدىمقى ساكلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىپ ئېنىقلاشنىڭ ئاچقۇچى — ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە. نۆۋەتتە، شىنجاڭ رايونىدا تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن ساكلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە چېتىشىدىغانلىرى ئاز ئەمەس. تېپىلغان بەزىبىر مۇھىم يادىكارلىقلار ھەققەتەن نۆۋەتتىكى ساكلار تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتقا يېڭى ئۈمىت ئېلىپ كەلدى.

1976 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۈرۈمچى شەھىرى نەنسەن كان رايونى، تەڭرى تېغى ئالغۇي جىلغىسىنىڭ شەرقىي ئېغىزىدىن تىك كولىنىپ، ياغاچ ساندۇق كۆمۈلگەن تۆت گۆر تېپىلغان. بۇلارنىڭ دەۋرى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەردىن غەربىي خەن سۇلالىسىغىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ. قەۋرىلەردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئەسلىدىكى دوكلاتتا: بۇلار ساكلار مەدەنىيىتىنىڭ يالدامىسى دەپ يەكۈن چىقىرىلغان ⑧.

ئېلان قىلىنغان دوكلاتتىن، بىز ساكلارنىڭ يەرلىكىگە دائىر بەزى بىر ئاساسىي چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولىمىز:

گۆرنىڭ ئۈستىگە پارچە تاشلاردىن يۇمۇلاق شەكىلدە قەۋرە قوپۇرۇلغان، ئۇنىڭ دىئامېتىرى 5 مېتىردىن ئارتۇق، ئېگىزلىكى بىر مېتىرغا يەتمەيدۇ، قەۋرىلەرنىڭ ئەتراپىغا شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە قىلىپ تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىلدىكى تاش سۇپا قوپۇرۇلغان، بۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. قەۋرىلەر شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇپقا قاتار ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

لەھەت شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە بولۇپ، تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىلدىكى گۆرلەرنىڭ كۆلىمى نىسبەتەن چوڭ. بۇلاردىن بىرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىر، كەڭلىكى 2 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 6 مېتىردىن كۆپرەك كېلىدۇ. ئەڭ چوڭ بىرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6.56 مېتىر، كەڭلىكى 4.22 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 7.1 مېتىر كېلىدۇ. لەھەت ئىچىگە شېغىل، چوڭ - چوڭ تاشلار (چوڭراقلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى، ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن ئارتۇق) قويۇلغان. تاشلارنىڭ ئاستىغا ياغاچ ساندۇق

قويۇلغان، بۇ ياغاچ ساندۇقلار دىئامېتىرى 24 — 10 سانتىمېتىر كېلىدىغان قارىـ
غاي ياغاچلىرىدىن ياسىلىپ، كۆر تېمىغا يېقىن جايلاشتۇرۇلۇپ، رامكا شەكىللىك
جازىنى شەكىللەندۈرگەن، ئېگىزلىكى بىر مېتىرغا يېقىن كېلىدۇ. جەسەتلەر
ياغاچ ساندۇق ئىچىگە سېلىنغان بىر ساندۇققا بىر ياكى ئىككى جەسەت سېلىنغان.
ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكىلىرى چوڭ. كۆلىمى ئەڭ چوڭ بىر كۆرگە پۇت-قوللىرىنى تۈز سۇنغان
ياش بىر ئايال ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ دەپنە قىلىنغان. باش سۆڭىكى، كۆكرەك
قوۋۇرغىلىرى قاتارلىق ئورۇنلار قىزىل، دەپنە قىلىنىشتىن ئاۋال بوياق بېرىلگەن
قىلىنغان. باش سۆڭىكىدە دىئامېتىرى 5 . 0 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر كىچىك تۆشۈك بار.



1 - رەسىم



2 - رەسىم





3 - رەسىم



4 - رەسىم





5 - رەسىم

( رەسىملەرنى تۇرسۇن ئەيسا سىزغان )



6 - رەسىم

ئاخىرەتلىك بۇيۇملاردا لەھەتنىڭ غەربىي ئۇچىدىكى تاكچىغا، جەسەتنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان. بۇلار ئارىسىدا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، ساپال، ياغاچ، يىپەك، سىرلانغان بۇيۇملار، كالا - قوي سۆڭىكى كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ئارىسىدا، ساپ ئالتۇندىن ئىشلەنگەن، ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ باي بۇيۇملار كۆپرەك. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كەمەر ۋە كىيىم - كېچەك بېزەكلىرىدىن ئىبارەت. يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يۇمۇلاق ئالتۇن قارتا 8 پارچە (ھەر بىرىنىڭ دىئامېتىرى 6 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 20 گىرام ئەتراپىدا) بولۇپ، رەسىمدە: يولۋاسنىڭ بېشى سەل يۇقۇرىغا كۆتىرىلگەن، ئالدى پۇتىنى كۆتەرگەن، گەۋدىسى يۆگىلىپ يېرىم چەمبەر شەكلىگە كەلگەن ئوبرازى كۆرسىتىلگەن (1-، 2- رەسىم) بىر بىرىگە خىرىس قىلىۋاتقان يولۋاسنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن كەمەر توقىسى 4 دانە (ھەر بىر دانىسىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 26 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 27·75 گىرام) بولۇپ، رەسىمدە بىر بىرىگە خىرىس قىلىشىپ ياتقان يولۋاسنىڭ كۆرۈنىشى كۆرسىتىلگەن. بۇلاردىن باشقا، چىشىنى چىشلەپ چاپچىپ تۇرغان ھالەتتىكى شىر شەكلى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن قاداقتىنمۇ بىر پارچىسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا مەسىلەن، ھايۋانىنىڭ يۈزىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن بىزەك، ئالتە قىرلىق گۈل شەكلى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن بىزەك، رومبا شەكلىدىكى گۈل چىقىرىلغان ئالتۇن بىزەك، چەمبەر شەكلى، سۆگەت يوپۇرمىقى شەكلى، تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلى، دەرەخ يوپۇرمىقى شەكلى، قوش «+» بەلگىسى شەكلى، بۇرما شەكلى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن بىزەك قاتارلىقلار بار. تۈرلىرى ئاز ئەمەس، سانىمۇ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كىيىم-كېچەك بىزىگى قىلىنغانلىقىدا شەك يوق. بۇنىڭدىن باشقا، كۆپ خىل شەكىللەردىكى كىچىك ئالتۇن مىق، ئالتۇن ھالقا قاتارلىقلارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ قەۋرىلەر ئوغرىلانغان بولسىمۇ، يەنە مۇشۇنچىۋالا ئالتۇن بۇيۇملارنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى، قەۋرە ئىگىلىرىنىڭ ئالتۇننى قەدىرلەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتۇنغا باي ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

كۈمۈش قارتىدىن جەمئى 7 پارچە تېپىلدى. چاسا شەكىللىك، تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك، قالغان شەكىللىكلىرى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە، قېلىپقا سېلىپ بېسىش ئارقىلىق ھايۋانلارنىڭ يۈزىنىڭ سۈرىتى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇلار مۇشۇك ئائىلىسىدىكى ياۋايى ھايۋانلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ (3-، 4-، 5- رەسىم). بۇ خىلدىكى مېتال بىزەك ۋە قارتىلارنىڭ تەركىۋى بەكمۇ ساپ ئەمەس. ئىسپېكتىر تەھلىلى ئارقىلىق،

بۇلارنىڭ تەركىبىدە كۈمۈشنىڭ مىقدارى 10% تىن ئارتۇق ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى؛ قالغانلىرى قوغۇشۇن، مىس، ئالىيۇمىن، كالتسىي، ناترىي، كىرىمنىي، ماگنىي، ۋىسمۇت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. رەڭگى كۆكۈش، ئۆزى چۈرۈك بولۇپ، ئاسان ئۇۋۇلىپ كېتىدۇ، تاۋلاش سەۋىيىسى يۇقۇرى ئەمەس.

چاسا چارچا ئۈستىگە قوندۇرۇلغان هايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس تەخسىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر خىل بۇيۇمدۇر. بۇ بۇيۇمنىڭ ئېگىزلىكى 32 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەنكى تەرىپى كاناي شەكلىدىكى چارچاپتىن ئىبارەت بولۇپ. ئۈستۈنكى تەرىپى گىرۋىكى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان چاسا تەخسىدىن ئىبارەت. تەخسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا شىرغا ئوخشاپ كېتىدىغان، بۇدۇر - بۇدۇر يايلى بار ئىككى هايۋاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇ بۇيۇم ئالدى بىلەن هايۋان، تەخسە، چارچاپ قاتارلىقلارنى ئايرىم-ئايرىم قۇيۇۋېلىپ، ئاندىن كېيىن بۇلارنى داغىلاپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان(6- رەسىم).

تۆمۈردىن ياسالغان بۇيۇملاردىن تۆمۈر پىچاق، ۋاشاق قاتارلىقلار بار. تۆمۈر پىچاقنىڭ ئۇزۇنلىقى 11·5 سانتىمېتىر بولۇپ، قوي سۆڭەكلىرى سېلىنغان ياغاچ تەخسە بىلەن بىرگە قويۇلغان، ۋاشاق ئۈچ قىرلىق بولۇپ، داتلىشىپ كاللەك هالەتكە كېلىپ قالغان.

ساپال بۇيۇملار پۈتۈنلەي قول بىلەن ياسالغان، قىزىل ساپال توپىسىدىن سىپتە ياسىلىپ، سۈركەپ سىلىقلانغان، سىرتى قوڭۇر قىزىل ساپال سىرى بىلەن سىرلانغان. بۇلاردىن جوغىسى بار چەينەك، جام، تۈۋى تۈز تەخسە، ئۈچ پۇتلۇق تەشتەك قاتارلىقلار بار. سىرلانغان بۇيۇملار، ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملار ئېغىر دەرىجىدە چىرىپ كەتكەن. يىپەكتىن توقۇلغان تورلار چىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىزلىرىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا، يەنە مەرۋايىت، ھېقىق تۈرىدىكى بىزەك بۇيۇملارمۇ ئۇچرايدۇ.

1983 - يىلى يازدا، ئىلى رايونىدىكى كۈنەس ناھىيىسى تەۋەسىدىن بىر تۈركۈم مىس بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان. قېزىلغان جاي كۈنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى، كۈنەس ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 20 نەچچە كىلومېتىر جايدا بولۇپ، ئۇ جايدا ئەسلىدە جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ جايلاشقان بىر قاتار توپا قەۋرە بولغان. كېيىن ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا تۈزلىۋېتىلگەن. بۇ قېتىم 1·5 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يەر ئاستىدىن مىس بۇيۇملار، ساپال پارچىلىرى، ئادەم ۋە هايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى تېپىلغان. خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، مىس بۇيۇملار

ئارىسىدا «مىستىن ياسالغان لەشكەر ھەيكىلىدىن بىرى بولۇپ، ئېگىزلىكى 42 سانتىمېتىر كېلىدىكەن»، «مىستىن ياسالغان چوڭ پالتىدىن بىرسى بولۇپ، ئېغىرلىقى 21 كىلوگىرام كېلىدىكەن. مىستىن ياسالغان بىر دانە قوڭغۇراق، يەنە مىستىن ياسالغان ئېگىز پۇتلۇق چىراقنىڭ سۇنۇقى، بىر بىرىگە خىرىس قىلىشۋاتقان يولۋاسنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يۇمىلاق ھالقا ۋە بىر بىرىگە خىرىس قىلىشۋاتقان ئۈچ ھايۋاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يۇمىلاق ھالقىنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىر دانىدىن بار ئىكەن». «لەشكەرنىڭ ھەيكىلى سالماق، قەددى قامىتى كېلىشكەن، بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرغان، بېشىغا ئۈچى ئىلمەك ئېگىز قالپاق كىيگەن، ئىككى قولى بىلەن شەمشەر ياكى پىچاق تۇتۇپ تۇرغاندەك ... بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى يېرىمى يالىڭاچ، بېلىگە ئەۋرەت لاتىسى چىگىۋالغان، يالاڭ ئاياق، قاڭشارلىق، ساقاللىق ياسالغان». (قىستۇرما بەتتىكى «مىستىن ياسالغان لەشكەر» گە قاراڭ). خەۋەردە بۇ «ئۇيسۇنلاردىن قالغان يادىكارلىق» [7] دەپ ھېسابلانغان.

ئالاقىدار مەدەنىي يادىكارلىقلار قېزىۋېلىنغاندىن كېيىن، يولداش گوۋېنچىڭ ماقالا يېزىپ ئەھۋال تونۇشتۇرغان ھەمدە بۇ بۇيۇملارنىڭ بىر يۈرۈش سۈرىتىنى قوشۇمچە قىلىنغان. ئېلان قىلىنغان سۈرەتلەر ھەم يولداش گوۋېنچىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تېخىمۇ ئېنىق، ئوچۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق.

«مىستىن ياسالغان ئېگىز پۇتلۇق چىراق» دېگىنىمىز، ئالغۇي جىلغىسىدىن قېزىۋېلىنغان، ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس تەخسە بىلەن ئوخشاش تۈردىكى نەرسىدىن ئىبارەت. بۇ بۇيۇمنىڭ چارچىپى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان چاسا تەخسە ئاۋالقىدەكلا ساق تۇرغان. تەخسە ئىچىگە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئىككى مۈڭگۈزلۈك ھايۋاندىن بىردىن قويۇلغان بولۇپ، ئېيىققا ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇلار ناھايىتى ئوبرازلىق ياسالغان.

«مىستىن ياسالغان، بىر بىرىگە خىرىس قىلىشۋاتقان يولۋاسنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يۇمىلاق ھالقا» دېگىنى ئىككى يولۋاسنىڭ يۈزى، كالپۇكلىرى بىر بىرسىنىڭكىگە تېگىپ تۇرىدۇ، گەۋدىسى يۈگىنىپ دۈگىلەك شەكىلگە كەلگەن (قىستۇرما بەتتىكى «بىر بىرىگە خىرىس قىلىشۋاتقان يولۋاسنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس ئەسۋاپ» قا قاراڭ).

«بىر بىرىگە خىرىس قىلىشۋاتقان ئۈچ ھايۋاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يۇمىلاق ھالقا» نىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبى يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ھايۋان تۈگۈلۈپ، يايلى يۇقۇرىغا يۈگىنىپ، تۆشۈك ھاسىل قىلغان، يۈگرەيدىغاندەك ھالەتتە تۇرىدۇ.

«مىس قازان ئۈچ پۇتلۇق، تەكشى ئېغىزلىق، قورسىقى سىرتىغا دۇمبايغان ھالەتتە بولۇپ، قورسىقىنىڭ يۇقۇرىسىدا تۆت قۇلىقى بار، بۇنىڭ ئىككىسى تەكشى، ئىككىسى تىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قورسىقىغا ئۈچ يول سىزىقچە چېقىرىلغان» (قىستۇرما بەتتىكى «ئۈچ پۇتلۇق مىس قازان» غا قاراڭ).

يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان لەشكەر بېشىغا ئىگىز قالپاق كىيگەن، قالپاقنىڭ چۆرىسى كەڭ، ئۈچى ئۈچلۇق بولۇپ، بەدىنى ئىلمەكتەك ئالدىغا ئېگىلىپ تۇرىدۇ.

بۇ بىر گۇرۇپپا مەدەنىي يادىكارلىقلار تۇپا ئىتتىرىش ۋاقتىدا تېپىلغانلىقتىن، قانداق ساقلانغانلىقى، قايسى تەرىقىدە تىزىلغانلىقى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىپ ئېنىقلاش تەس، بۇ، ئىنتايىن چوڭ زىيان.

كۆنەس جىلغىسىدىن قېزىۋېلىنغان بۇ بىر تۈركۈم مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبى بىر بىرىگە ئوخشايدۇ، ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، كۆنەس ناھىيە بازىرىغا يېقىن جايدىن بىر تۈركۈم قىممەتلىك مىس بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان، تونۇشتۇرغۇچى يولداشنىڭ ئېيتىشىچە، بۇلار ئارىسىدىمۇ ئوخشاشلا ئۈستىگە ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس تەخسە، ئۈچ پۇتلۇق مىس قازان قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىكەن، ئۈستىگە ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تەخسە ئۈستىگە غەلىتە ھايۋانلار ھالقىسىمان ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن، ئەمما ئۇلار بەختكە قارشى چېچىلىپ كەتكەن.

ئىلىنىڭ موڭغۇلكۈرە رايونىدا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك، تۆت پۇتى ھايۋان پۇتىغا ئوخشايدىغان كۆپلىگەن مىس تەخسە (قىستۇرما بەتتىكى «تۆت پۇتى ھايۋان پۇتىغا ئوخشايدىغان چوڭ چاسا مىس تەخسە» گە قاراڭ) لەر قېزىۋېلىنغان، بۇلارمۇ ساكلار مەدەنىيىتىگە دائىر تىپىك مەدەنىي يادىكارلىقلاردۇر.

يەنە بىر تۈركۈم ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال بار، ئۇ بولسىمۇ ئىلى رايونىدىكى نىلقا ناھىيە بازىرىغا يېقىن جايدىكى نۇرا ساي تېغىدىن تېپىلغان قەدىمقى دەۋردىكى مىس كېنىنىڭ ئىزى (قىستۇرما بەتتىكى «قەدىمقى مىس كېنىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى» گە قاراڭ) دىن ئىبارەت. بۇ، سورتى ئىنتايىن يۇقۇرى بولغان كىرىستاللىق پارقىراق مىس كېنىدۇر. قەدىمقى دەۋردە رودا قازغان ئۆڭكۈر ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، توپا شېغىللار بىلەن توسۇلۇپ كەتكەن، ئەمما بۇنداق ئۆڭكۈرلەر يەنە ئون نەچچە جايدا ئۇچرايدۇ بولىدۇ. بىر ئورۇندىكى «رودا قېزىش ئۆڭكۈرى»نىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، ئەڭ كەڭ يېرى 3 مېتىر كېلىدۇ. ئۆڭكۈر ئۆيدەك چوڭلۇقتا بولۇپ، بەزى يەرلىرىگە توغرىسىغا ياغاچتىن تىرەك قويۇلغان» (قىستۇرما بەتتىكى «قەدىمقى

مىس كان تىك قۇدۇقىنىڭ ئىچىدىكى توغرىسىغا تىرەلگەن ياغاچ لىملار» غا قاراڭ). ئۆڭكۈر ئىچىدە كۆپلىگەن تاش تورا للار تاشلىنىپ تۇرغان. بۇلار دەريادىكى قورام تاشلاردىن ياسالغان. كۆپ سانىدىكىلىرىنىڭ بىر يۈزى ياپىلاق تەكشى، ئۈچ يۈزى كۆتىرىلىپ چىققان، «بىگىزسىمان كەلگەن» بولۇپ، بىر ئۇچى يۇمىلاق، قاپ بېلىدە ئىرىقچىسى بار. ئېغىرلىقى 3 جىڭدىن 10 جىڭغىچە كېلىدۇ. كان قۇدۇقىدىن ئانچە يىراق بولمىغان تاغ جىلغىسىدا مىس تاۋلايدىغان ئورۇن جايلاشقان. مىس تاۋلايدىغان ئوچاقتىكى داشقالنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىر كېلىدۇ. ئوچاقتىكى داشقال، كۆل تەركىۋىدە ياغاچ كۆمۈرى. مىس نوكچىلىرى ئۇچرايدۇ. تېپىلغان مىس نوكچىلىرى جەمئىي 5 پارچە بولۇپ، بىر يۈزى يۇمۇلاق كۆتىرىلىپ چىققان. يەنە بىر يۈزى تەكشى، تاشقى كۆرۈنۈشى چىنىگە ئوخشاپ كېتىدۇ (قىستۇرما بەتتىكى «ئاق رەڭلىك يۇمۇلاق مىس» قا قاراڭ). يۇمۇلاق مىسنىڭ ئېغىرلىرى 10 نەچچە جىڭ. يەڭگىلرەكلىرى 3 جىڭدىن 5 جىڭغىچە كېلىدۇ. يۇمۇلاق مىسنىڭ تەركىۋى بىر قەدەر ساپ بولۇپ، تەركىۋىدىكى مىس مىقدارى 60% تىن كۆپرەك. چۇرۇك، توغرا كەسمە يۈزى سۇر رەڭدە، سىلىقلانغان يۈزى كۈمۈش رەڭدە بولۇپ، ئادەمنىڭ شولىسى كۆرۈنىدۇ ⑪. بۇ مىس كېنىنىڭ قېزىلغان دەۋرى توغرىسىدا، قەدىمقى كان ئۆڭكۈرى ئىچىدىكى تىرەك لىم ياغاچنى كاربون 14 تىن پايدىلىنىپ ئۆلچەپ، ياغاچتىكى يىل ھالقىسى ئارقىلىق توغرىلانغان دەۋرى بۇنىڭدىن $2650 \pm 170$ يىل ۋە $244 \pm 75$ يىل ⑪ ئىلگىرى، چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگىچە، ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

**ئۈچىنچى، ئالاقىدار ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى مۇھاكىمە ۋە تەھلىل قىلىش**

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ تۈركۈم ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيالدىن ئالغۇي جىلغىسىدىكى ياغاچ ساندۇق كۆمۈلگەن تىك گۆر ئەسلىدىكى دوكلاتتا ساكلار مەدەنىيىتىگە تەۋە دېيىلگەن. كۆنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن قېزىۋېلىنغان بىر گۇرۇپپا مىس بۇيۇملار، ئەسلىدىكى خەۋەردە «ئۇيسۇنلاردىن قالغان يادىكارلىق» دەپ تونۇلغان. نىلقا ناھىيىسىدىكى نۇراساي مىس كېنىنىڭ قايسى قەۋمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر نەرسە كۆرمىدۇق.

يۇقۇرىدىكى ھەر قايسى جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلغاندا، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ ساكلار مەدەنىـ

يېتىشىنىڭ يالدامىسى بولۇپ، بۇ شىنجاڭدىكى قەدىمقى دەۋردىكى ساكلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى ساكلارغا دائىر ماتېرىيال دەپ قاراش كېرەكلىكىنى تولۇق ئاساسلار بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمىز.

ئىلقا ناھىيىسىدىكى نۇرا ساي مىس كېنى خارابىسىنىڭ دەۋرى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە، جايلاشقان ئورنى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر مەزگىلىدە ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ساكلار پاشالىغى تەۋەسىگە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ مىس كېنىنى ئاچقان، مىس تاۋلىغان خوجايىنلار، تەبىئىيكى، ساكلاردىن باشقا كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى ئىلىنىڭ ساكلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى «خەننامە» دە خاتىرىلەنگەن «ئۇيسۇن دۆلىتى ... ئەسلىدە ساكلار زېمىنىدۇر» دېگەن بايانلاردىن بىلگىلى بولىدۇ. چۈنكى، يازما ھۆججەتلەر، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيسۇن خانلىقى دەۋرىدە ئىلقا ناھىيىسى چېگرا جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى مەركىزىي جايلارغا تەۋە بولغان⑫. ئۇيسۇن خانلىقىدىن ئىلگىرىكى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە بۇ جايلارنىڭ ساكلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنى مۇشۇنىڭدىن ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

باشقا ئىككى تۈركۈم ماتېرىيال، يەنى كۆنەس ناھىيىسى تەۋەسىدىكى كۆنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن قېزىۋېلىنغان مىس بۇيۇملار بىلەن ئالغۇي جىلغىسىدىكى تىك كولىنىپ ياغاچ ساندۇق كۆمۈلگەن گۆرلەردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ئۇسلۇبىدا ئوخشاشلىق بار. ئەمما تولۇق قېزىپ ئېلىنمىغانلىقتىن، بەزى كونكرېت ئەھۋاللارنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغىلى بولمايدۇ، شۇڭا، ئالغۇي جىلغىسىدىكى تىك كولىنىپ ياغاچ ساندۇق كۆمۈلگەن گۆرلەرگە دائىر ماتېرىياللارنى يېڭىۋاشتىن تەھلىل قىلىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئالغۇي جىلغىسىدىكى تىك كولىنىپ ياغاچ ساندۇق كۆمۈلگەن گۆرلەر توغرىسىدىكى دوكلاتتا، قەبرىلەرنىڭ ساكلاردىن قالغان يادىكارلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى توغرا يەكۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما تولۇق يېشىپ بېرىلمىگەن.

دەپنە قىلىش ئادىتىدىن قارىغاندا، گۆر تىك كولىنىپ ئىچىگە ياغاچ ساندۇق قويۇلغان. قەبرىلەر زەنجىرسىمان ھالدا رەتلىك جايلاشتۇرۇلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سېمىرېچ رايونىدىن تېپىلغان ساكلار قەبرىستانلىقىمۇ ئوخشاشلا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە⑬. باش سۆڭىكىدىن تۆشۈك تېشىش بىر خىل

ئالاھىدە دەپنە قىلىش ئادىتى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتاي رايونىدىن تېپىلغان ساكلار قەۋرىستانلىقىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئەمەلىي مىساللار بار[14].

يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئالغوي جىلغىسىدىن تېپىلغان، ئۈستىگە ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس تەخسە، چاسا تەخسىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھايۋان سۈرىتى تۇرغۇزۇپ قويۇلغان، كۈنەس ناھىيىسىدىكى كۈنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن قېزىۋېلىنغان چاسا تەخسە ئوتتۇرىسىدىمۇ ئۆسۈشۋاتقان ئىككى ھايۋاننىڭ سۈرىتى بار، بۇنداق ئۇسلۇبتىكى مەدەنىي يادىكارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ساكلار مەدەنىيەت خارابىلىرىدىنمۇ كۆپلەپ قېزىۋېلىنغان. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى بۇنى «نەيزە - چىراق سۇپىسى» دەپ ئاتاپ، دىنىي ئېتىقات، نەيزە - چىراق پائالىيەتلىرى بىلەن، ساكلار مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، تىپىك يادىكارلىقلارنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىغان[15]. ئالغوي جىلغىسىدىن قېزىۋېلىنغان، يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كۆپلىگەن ئالتۇن قارىتىلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىدىكى قازاقىستاننىڭ ئالمۇ رايونىدىن قېزىۋېلىنغان ساكلارغا دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلار، مەسىلەن، يۈگەنلەر، «قاپلان» نىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن يۇمۇلاق ئالتۇن قارىتىمۇ[16] سۈرەتلىرىنىڭ شەكلىدىن تارتىپ روسلىقىچە ئەمەلىيەتتە ئوخشايدۇ. مۇشۇك ئائىلىسىدىكى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ئوبرازىمۇ ساك — سكىتيانلار بېزەكچىلىك سەنئىتىدىكى مۇھىم سۈرەت تېمىلىرىنىڭ بىرى دەپ قارالماقتا[17].

بۇ ئامىللارنىڭ ئالغوي جىلغىسىدىكى قەۋرىلەرنىڭ ساكلار مەدەنىيىتىنىڭ يالدامىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىشىمىزغا ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن بېرىدىغانلىقى ياردەمشۈبھىسىز .

كۈنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن قېزىۋېلىنغان بۇ بىر تۈركۈم مىس بۇيۇملار ئەسلىدىكى دوكلاتتا «ئۇيسۇنلارنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقى» دەپ ئېيتىلغان، بۇ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيسۇنلارنىڭ مەدەنىيەت ئەھۋالى توغرىسىدا، ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇدا ئېلىپ بېرىلغان 20 نەچچە يىللىق خىزمەتلەر ئارقىلىق بىر قەدەر ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىنىپ، ئۇيسۇنلارنىڭ قەۋرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ئاساسىي ئۇسلۇبى، ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا كىشىلەردە بىر قەدەر ئېنىق تونۇش ھاسىل بولدى[18]. كۈنەس ناھىيىسىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلارنى بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئۇسلۇبى ئوخشاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلارنى ئۇيسۇن

مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى مەدەنىي يادىكارلىق دەپ قاراشنىڭ ئاساسى تولۇق ئەمەس، بۇ بىرىنچى تەرىپى، يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ مىس بۇيۇملار ئارىسىدىكى هايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس تەخسە (ئەسلىدىكى دوكلاتتا «ئىگىز پۇتلۇق مىس چىراق» دەپ ئېيتىلغان) بىلەن ئالغوي جىلغىسىدىكى تىك كولىنىپ ياغاچ ساندۇق كۆمۈلگەن قەبرىلەردىن تېپىلغان هايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس تەخسىنىڭ ئۇسلۇبى ئوخشاش. بۇ خىل هايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس تەخسە، ھەمىشە پۇتى هايۋان پۇتى شەكلىدىكى مىس قازان بىلەن بىللە ئۇچرايدۇ، شۇڭا بۇ، ساكلار مەدەنىيىتىدىكى تىپىك هادىسە ھېسابلىنىدۇ. بۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سېمىرېچ، تەڭرى تاغ رايونلىرىدىمۇ ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدۇ⑲. كۆنەس ناهىيىسىدىكى كۆنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن بۇ قېتىم تېپىلغان بۇ بىر تۈركۈم مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن مىس قازاننىڭ ياسىلىش شەكلى، ئۇسلۇبىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سېمىرېچتىن تېپىلغانلىرى بىلەن تامامەن ئوخشاش دېيىشكە بولىدۇ. مانا بۇ، بۇ بىر مەدەنىيەت ئالامىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. يەنە مەسىلەن، «بىر بىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتقان يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يۇمىلاق هالقا»، «بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتقان ئۇچار هايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يۇمىلاق هالقا» لاردىكى «يولۋاس»، «قاناتلىق هايۋان» لارنىڭ ئۇسلۇبى، پۈتكۈل يۇمىلاق هالقىنىڭ ياسىلىش شەكلى قاتارلىقلارمۇ ئوخشاشلا ساكلارنىڭ بىر قەدەر تىپىك بولغان سەنئەت ئالاھىدىلىكىدۇر.. ئىراندىن قېزىۋېلىنغان ساكلارغا دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلار ئارىسىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مىساللارنى تاپقىلى بولىدۇ⑲.

## تۆتىنچى، ئاخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئېچىپ بەرگەن ساكلار تارىخى

ئىلى رايونىدىن قېزىۋېلىنغان بۇ بىرقانچە تۈركۈم ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ساكلار تارىخىنىڭ مەزمۇنىنى كۆپ جەھەتتىن ئېچىپ بەردى.

1. پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلار: بۇ ماتېرىياللار، «خەننامە» دە خاتىرىلەنگەن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيسۇنلار ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى ساكلارنىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى، تېبىئىي شارائىتى ياخشى بولغان ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭمۇ ساكلار پائالىيەت ئېلىپ

يارغان مەركىزى رايونلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قالماستىن، يەنە كۆنەس دەرياسى جىلغىسىنىڭ يۇقۇرىسىدىن تەڭرى تېغىنىچە، ئۇ يەردىن ئالغۇي جىلغىسىنىڭ شەرقىي ئېغىزى (يۇلتۇز يايلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) غىچە بولغان بۇ ئىسسىل يازلىق يايلاق رايونى، قەدىمقى دەۋردىكى ساكلارنىڭ پائالىيەت بازىسى بولۇشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئوقتۇرۇپ بېرىدۇ. كۆنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن قېزىۋېلىنغان مىس بۇيۇملار بىلەن ئالغۇي جىلغىسىنىڭ شەرقىي ئېغىزىدىكى تىك كولىنىپ ياغاچ ساندۇق كۆمۈلگەن قەۋرىلەردىن قېزىۋېلىنغان كۆپلىگەن ئالتۇن بۇيۇملار ساكلارنىڭ ئادەتتىكى پۇقرالىرىدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ رايونلار، ئېھتىمال ئىلى رايونىدىكى ساكلار پاشالىقىنىڭ مۇھىم پائالىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىنى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر داۋامىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاش، قانات يايدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

2. ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇش: بۇ يازما يادىكارلىقلاردا ئاز خاتىرىلەنگەن، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار نىسبەتەن مول بولغان بىر جەھەتتۇر.

ئالغۇي جىلغىسىدىكى تىك كولىنىپ ياغاچ ساندۇق كۆمۈلگەن قەۋرىلەردىن كىچىك تۆمۈر پىچاق، ئۇچ قىرلىق ۋاشاق قاتارلىق نەرسىلەر تېپىلدى. ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە، ساكلارنىڭ تۆمۈردىن پايدىلانغانلىقى، بولۇپمۇ سەرپىيات مىقدارى ناھايىتى چوڭ بولغان تۆمۈر ۋاشاقنى ئىشلىتەلىگەنلىكى بىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ساكلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى مۆلچەرلىشىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئامىللاردۇر. تۆمۈر رودىلىرىنى ئېرىتىپ تۆمۈر تاۋلاش، تۆمۈر سايمانلارنى ياساش مىس تاۋلاش ۋە مىس سايمانلارنى ياساشقا قارىغاندا كۆپ قىيىن. تۆمۈرنىڭ قورال - ياراق ياساشقا ئىشلىتىلىشى نەتىجىسىدە، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجىدە يۇقۇرى كۆتۈرۈلدى، كۆپلىگەن يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىنى ئېچىشقا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئالغۇي جىلغىسىدىكى تىك كولىنىپ ياغاچ ساندۇق كۆمۈلگەن گۆردىن ئاخىرەتلىك قىلىنغان قوي، كالا، ئات سۆڭەكلىرى تېپىلدى. ئاخىرەتلىك قىلىنغان ياغاچ تەگنىگە قوي سۆڭىكى بىلەن كىچىك تۆمۈر پىچاق بىللە قويۇلغان، بۇ، قەۋرە ئىگىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تۇرمۇشىدا گۆش يېمەكلىكلىرىنىڭ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ چارۋىچىلىقنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ

ئاساسىي گەۋدىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «خەننامە» دە ساكلارنىڭ ئىگىلىكىنى «سۇ، يايلاق قوغلىشىپ چارۋا باقىدۇ» دەپ ئېيتىلغان، بۇنىڭدا مۇھىم نۇقتىنى تۇتىۋالغان دېيىشكە بولىدۇ.

ياغاچ بۇيۇملارنى ياساش، يۇڭ توقۇمىچىلىقى، ساپال بۇيۇملارنى ياساش قاتارلىقلار ئاساسلىق ئائىلە قول سانائىتىدۇر. ياغاچ بۇيۇملاردىن ئۇچرايدىغىنى، ئاساسلىقى قاچا - قۇچا ئورنىدا ئىشلىتىدىغان تەگنىدۇر. ئۇ تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، پۈتۈن ياغاچتىن ئويۇپ، ئىچى - تېشىنى قىرىپ سىلىقلاش ئارقىلىق ياسالغان. ساپال بۇيۇملارنىڭ تۈرى بىر قەدەر كۆپ، مەسىلەن، جوغىسى بار جام، جاۋۇر، بىگەن (چوت)، كىچىك قەدەھ قاتارلىقلار كۈندۈلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بولۇپ، ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملارغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىگەن. ساپال بۇيۇملار ناھايىتى يۇمشاق ساپال توپىسى بىلەن چىرايلىق ياسالغان، سىرتى قوڭۇر رەڭلىك ساپال سىرى بىلەن سىرلانغان. يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنىڭ قاتتىق چىرىپ كەتكەن پارچىلىرىلا تېپىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئالغۇي جىلغىسىدىكى تىك كولىنىپ ياغاچ ساندۇق كۆمۈلگەن قەبرىلەردىن يەنە قومۇچتىن توقۇلغان بورىلارنىڭ ئىزلىرى تېپىلغان. ئۆسۈملۈك غولىدىن توقۇلغان بۇيۇملارمۇ ئائىلە قول سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى ساكلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشى ئۈستىدە توختالغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى رودا ئېرىتىش، مېتاللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. نىلقا ناھىيىسىدىكى نۇراساي مىس كېنىنى ئېچىشقا مىس تاۋلاشقا ئائىت ماتېرىياللاردىن شۇنى مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتىكى كان ئېچىش، مېتال تاۋلاش ئىشلەپچىقىرىشى مۇقەررەر ھالدا ئائىلە قول سانائىتى كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، بىر مۇستەقىل سانائەت تارمىقىغا ئايلانغان. مىس بۇيۇملار، ئالتۇن بۇيۇملارنى ياساش جەھەتتىكى ئەھۋاللارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. مەيلى مىس كېنىنى ئېچىش ياكى رودا ئېرىتىپ مېتال تاۋلاش بولسۇن، ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - تېخنىكىسى بىر قەدەر مۇرەككەپ، كەسپچانلىقى نىسبەتەن كۈچلۈك، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى نىسبەتەن چوڭ بولىدىغانلىقتىن، ئېھتىياجلىق بولىدىغان ئەمگەك كۈچىمۇ نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ. ھەر بىر ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسى، مەسىلەن: كان ئىزدەش، خاك يوللىرىنى كولاش، تىرەك قويۇپ مۇداپىئەلىنىش، رودا قېزىش، خاك ئىچىدىكى سۇلارنى چىقىرىۋېتىش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش، قېزىلغان رودىلارنى سىرتقا چىقىرىپ توشۇش، ئېرىتىپ تاۋلاش،

قېلىپلارغا قۇيۇلۇش،... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ بەلگىلىك كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇشىنى، بەلگىلىك مەخسۇس تېخنىكىنى ئىگەللىگەن بولۇشىنى، بۇ خىزمەت بىلەن نىسبەتەن مۇقىم ياكى نىسبىي مۇقىم ھالدا شۇغۇللىنالايدىغان بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. نۇرا سايدىن تېپىلغان قەدىمقى مىس كېنىنىڭ رودا ئېرىتكەن خارابە ئىزىدىن قارىغاندا، رودىلارنى قېزىش بىلەن ئېرىتىپ تاۋلاش بىر جايدا ئېلىپ بېرىلغان. بۇ تېجەشلىك بولۇش پرىنسىپىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىراق، بۇ ھەر بىر ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىنىڭ زىچ ھەمكارلىشىشىنى تېخىمۇ بەكرەك تەلەپ قىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قەدەر قاتتىق بولغان تەشكىللەش ۋە بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىقنىڭ بولۇشى زۆرۈر. ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيىتىنىڭ ئۆزىدىكى بۇ تەلەپلەر، بۇ تۈردىكى كانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى جەزمەن چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن مۇستەقىل قىلىپ، ئائىلە قول سانائىتى كاتېگورىيىسىدىن ھالقىتىپ چىقىرىپ، مۇستەقىل بىر قول سانائەت تارمىقىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئالتۇن بۇيۇملار، مىس بۇيۇملارنى ياساشمۇ ئوخشاشلا خېلى مۇرەككەپ ھۈنەر. تېخنىكا جەريانى بولۇپ، بېقىندا ئورۇندا تۇرغان ئائىلە قول سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ.

نۇرا ساي كېنىنىڭ ئېرىتىش - تاۋلاش خارابە ئىزلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، خاڭ يولى ئىچىدە ۋە تېشىمدا شېغىل تاشتىن ياسالغان خېلى كۆپ بۇيۇملار- نىڭ تېپىلغانلىقىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئەھۋالدۇر. بۇ بۇيۇملارنىڭ ئوتتۇرىسى ئويۇق، چىگىپ باغلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىككى ئۇچىغىمۇ ئېرىقچىلار چىقىرىلغان. تاشتىن ياسالغان بۇ خىلدىكى بۇيۇملار خۇبېي ئۆلكىسى دايې ناھىيىسىنىڭ تۇڭلۇشەن تېغىدىكى چۇنچيۇ، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان رودا ئېرىتىش خارابە ئىزلى- رىدىنمۇ تېپىلغان ئىدى. بۇلار رودىلارنى يۇقۇرىغا كۆتىرىشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قۇرال — تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى تاش دەپ قارالغان[21]. تۇڭلۇشەن تېغىدىكى كان خارابە ئىزىنىڭ دەۋرى بالدۇر، قېزىلغان ۋاقتى ئۇزۇندۇر. ئۇ يەردىكى تاش بىلەن نۇرا ساي كان خارابىسىدىن چىققان تاشنىڭ ياسىلىش شەكلى ئوخشاش. شۇڭا رولىمۇ ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. دەرۋەقە، بۇ بىر خىل تاساددىپىي ھادىسە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن، قەدىمقى دەۋردىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلاردىكى كانچىلىق تېخنىكىسىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا بولغان كونكرېت تەسىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

نۇرا ساي كېنىنىڭ خاراپە ئىزلىرى بىزنىڭ ساكلار پادىشالىقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەت ئەھۋاللىرىنى بىلىشىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيالدۇر. بىزنىڭ هازىرقى تەھلىلىمىز پەقەت خەۋەر قىلىنغان، ئىنتايىن چەكلىك بولغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدىنلا ئىبارەت. قېزىش خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى رودا قېزىش تېخنىكىسى، ئېرىتىپ تاۋلاش ھۈنەر-سەنئىتى، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردىكى مەخسۇس مەسىلىلەر توغرىسىدا جەزمەن تېخىمۇ كۆپلىگەن كونكرېت، توغرا ماتېرىياللار قولغا كەلتۈرۈلۈپ، قەدىمقى دەۋردىكى ساكلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا يېڭى سەھىپە ئېچىلىدۇ.

3. ئالتۇننى قەدىرلەش ۋە ئالتۇن بايلىقلىرىنى كۆپ توپلاش ئۇرۇشقاق بەلگىلەر دەۋردىكى ساكلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىدىكى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر ئالاھىدىلىكتۇر. ئالغوي جىلغىسىدىن تېپىلغان تۆت تىك گۆردىن ئالتۇن بۇيۇملار چىقمىغانلىرىدىن بىرىسى يوق. 30 - نومۇرلۇق قەبرىنى مىسالغا ئالساق، ئېغىرلىقى 20 گرام چامىسىدا كېلىدىغان، يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يۇمۇلاق ئالتۇن قارتىدىن 8 پارچە (يولۋاسنىڭ بېشى سول تەرەپكە قاراپ تۇرغىنى 5 پارچە، ئوڭ تەرەپكە قاراپ تۇرغىنى 3 پارچە بولۇپ، بىر بىرىگە ماس ئەمەس، ئەمەلىيەتتە مۇشۇنچىلىكلا ئەمەسلىكى ئېنىق)، ئېغىرلىقى 27 گرامدىن كۆپرەك بولغان، بىر بىرىگە خىرىس قىلىۋاتقان يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن قاداقلىق كەمەر تۆت دانە، شىر شەكىللىك ئالتۇن قاداق بىر دانە، يەنە رومبا شەكىلدىكى گۈل نەقىشلەنگەن ئالتۇن بېزەك پارچىسىدىن 3 دانە، يۇمۇلاق شەكىلدىكى چوڭراق ئالتۇن كۆپتۈرمە بېزەكتىن 33 پارچە، بىر قەدەر كىچىك ئالتۇن كۆپتۈرمە بېزەك ئون پارچە بولۇپ، ئايال جەسەتنىڭ بېشىنىڭ يېنىغا قويۇلغان، سۆگەت يوپۇرمىقى شەكىللىك ئالتۇن بېزەك يۈز پارچىغا يېقىن، بۇرما شەكىللىك بېزەكتىن 33 دانە تېپىلغان، بۇلاردىن باشقا، يەنە قوش كىرىست شەكىللىك، دەرەخ يوپۇرمىقى شەكىللىك بېزەك پارچىلىرى، تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك بېزەك پارچىلىرى ۋە ئالتۇن سىم قاتارلىق نەرسىلەر تېپىلغان[22]. بۇلارنىڭ سانى چوڭ-كىچىك ھەممىسى بولۇپ 200 دانىدىن ئاشىدۇ. ئەمما بۇ قەبرىلەر كۆپ قېتىم ئوغرىلانغان، تېپىلغان بۇ ئالتۇن بۇيۇملار بولسا قەبرىلەر ئوغرىلانغاندىن كېيىن قېپقالغان نەرسىلەردىن ئىبارەت. قېزىلغان نەق مەيدان ۋە قالدۇق ئالتۇن بېزەكلەرنىڭ شەكلى، ياسىلىش ئۇسلۇبى قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلىشتىن قارىغاندا، بۇ بېزەكلەر ئەينى

ۋاقىتلاردا ئاساسلىقى باش كىيىم، كىيىم - كېچەك، كەمەر، ئاياق قاتارلىقلارنى زىننەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنىڭ ئىنتايىن ھەشەمەتلىك بولغانلىقى ئېنىق. شىرودوت ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تارىخ» تا، ساكلارنىڭ پاشا جەمەتلىرىنىڭ خۇددى ئاتا قىلغان ھەر خىل ئالتۇن جابدۇقلىرىنىڭ بارلىقى، پوتا ( بەلۋاغ ) سىدا ئالتۇن قەدەھى بارلىقى، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئالتۇندىن ياسالغان بۇيۇملار ئاخىرەتلىك قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە توختالغان ㉓. بۇنى بىزنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرىمىز دەلىللەپ بېرىدۇ.

ئاخىرەتلىك قىلىنغان بۇ خىلى دېرىجىدىكى ئول زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى خىلى زور كۆلەمدىكى لەھەت ( يەنىلا 30 - نومۇرلۇق قەۋرىنى مىسال كەلتۈرىمىز : تىك كولانغان لەھەتتىن قېزىلغان توپىنىڭ مىقدارى يۈز نەچچە، كۇبمېتىرغا يېتىدۇ، تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىللىك ياغاچ ساندۇقنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىرغا يېقىن، قېلىنلىقى ئىككى مېتىرغىچە تىندۇرۇلغان تاشلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىردەك، تىندۇرۇلغان قۇمۇ ساپ) مۇ بۇ خىلدىكى قەۋرىنىڭ ئىگىسى جەمىيەتنىڭ ئادەتتىكى ئەزاسى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. «خەننامە» دە ساكلارنىڭ «پاشايى» بارلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار، بۇ، ئۇلارنىڭ سىنىپىي جەمىيەتكە قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋېتۇ.

4. ئالغۇي جىلغىسىدىكى تىك كولىنىپ، ياغاچ ساندۇق كۆمۈلگەن قەۋرىلەر ۋە كۆنەس ناھىيىسىدىكى كۆنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن تېپىلغان ساكلارغا دائىر يادىكارلىقلاردىن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەر خىل بېزەكلەر، ئالتۇن بېزەك پارچىلىرى، مىس بۇيۇملاردىن ئازساندىكىلىرىگە گۈل - گىيا نەقىشلەنگەن ( سۆگەت يوپۇرمىقى شەكىللىك ئالتۇن بېزەك پارچىسى، ئالتە قىرلىق گۈللۈك بېزەك پارچىسى ) دىن باشقا، ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار سۈرىتىنىڭ نەقىشلىرىدىن ئىبارەت. بۇلار ئىچىدە يولۋاس، شىر، قاناتلىق ھايۋان، ئېيىق قاتارلىقلار بار. مۈشۈك ئائىلىسىدىكى يىرتقۇچ ھايۋان ئوبرازىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ياۋايى ھايۋانلار ئوبرازى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ يارىتىلغان بولۇپ، ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ناھايىتى توغرا ئىپادىلەنگەن، شۇڭا، شەكىل نىسبەتلىرى مۇۋاپىق، ئوبراز ناھايىتى جانلىق چىققان. ئىلى رايونىدىكى ساكلارنىڭ بۇ بىر تۈركۈم نەققاشلىق سەنئىتىدىكى كونكرېت ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى ياكى جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدىكى ساكلار بىلەن قانداق پەرقى بارلىقى، بۇنىڭ قانداق كونكرېت

تارىخىي مەزمۇنلارنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە.

بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلار ئارىسىدىكى گۈل نەقىشلىرىنىڭ لايىھەلىنىشىدە بىر بىرىگە ماس كېلىشى، تەكچۈك بولۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر تەرەپتۇر.

ي. ئىلى رايونىدىكى بۇ بىر تۈركۈم ساكلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ رايونلىرى (مەسىلەن سېمىرىچ رايونى) دىكى ساكلار بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقى مەدەنىي يادىكارلىقلاردا ئىنتايىن ئېنىق گەۋدىلەنگەن. ئۇلارنىڭ باشقا رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مەسىلەن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن، ئالغۇي جىلغىسىدىكى تىك كولىنىپ ياغاچ ساندۇق كۆمۈلگەن قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان سىرلىق بۇيۇملار، يىپەك توقۇلما بۇيۇملار، نۇراساي مىس كېنىدىن قېزىۋېلىنغان تەكچۈكلاشتۇرغۇچى تاشنىڭ ياسىلىش شەكلى، خۇبېي ئۆلكىسى دايې ناھىيىسىدىكى تۇڭلۇشەندىن تېپىلغان تاش بۇيۇمنىڭ ياسىلىش شەكلى بىلەن ئوخشاش، ئۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى كان قۇدۇقلىرىدىكى توختام سۇلارنى چىقىرىۋېتىش تېخنىكىسىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن. بۇلار، جەزمەن مەلۇم دەرىجىدىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ بۇرۇنقى يازما يادىكارلىقلاردىكى خاتىرىلەردە تىلغا ئېلىنمىغان بىر تەرەپ بولۇپ، يازما يادىكارلىقلاردىكى مۇشۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولۇقلىدى، بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك.

كۆنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن قېزىۋېلىنغان مىس ھەيكەل تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. مىس ھەيكەل بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرغان، بەدىنىنىڭ يېرىمى يالىڭاچ بولۇپ، قارىغاندا، جەمئىيەتتىكى سالاھىيىتىمۇ يۇقىرى ئەمەس. ئەمما ئۇ بىزنىڭ ساكلار پادىشالىقى تەۋەسىدىكى خەلقلەرنىڭ تەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىشىمىزغا بەلگىلىك دەرىجىدە ياردەم بېرىدۇ: ھەيكەلنىڭ ياسىلىش شەكلىدىن قارىغاندا، بۇ كىشىنىڭ تېنى ئىنتايىن ساغلام، ئىككى بىلىكىدىكى بولجۇڭ گۆشلىرى تومپىيىپ چىققان بولۇپ، كۈچلۈك كۆرۈنىدۇ. قاشلىرى قويۇق، كۆزلىرى چوڭ، سەل قاڭشارلىق بولۇپ، بېشىغا كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئېگىز قالپاق كىيگەن. قالپاقنىڭ ئۇچلۇق ئۇچى ئالدىغا سەل

ئىگىلىگەن. بىلىنىش تۈۋىنىگە كىيىۋالغان قىسقا كۆينىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

پارسچە يازما يادىكارلىقلاردا ساكا تىگرا خاندا (saKa TigraKhanda) دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن ساكلار دېگەنلىك بولىدۇ. پارسچە ئابىدىلەردىمۇ بىر خىل ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن ساكلارنىڭ ئوبرازى تېپىلغان [21]. ئەمما ئۇ مىس ھەيكەلدىكى ئوبراز بىلەن ئانچە ئوخشاش ئەمەس. ھېرودوتنىڭ «تارىخ» ىدىمۇ «سكىتىيالارغا مەنسۇپ بولغان ساكايى (يەنى ساكلار) لارنىڭ بىر خىل ئىگىز قالپاق كىيىدۇ. بۇ خىل قالپاق ھەم تىك ھەم قاتتىق، ئۇچى ئۇچلۇق بولىدۇ» دېيىلگەن [25]. بۇنى بۇ مىس ھەيكەلدىكى ئوبراز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ساكلارنىڭ ئۇچلۇق قالپاق كىيىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكى بىر خىل يېڭى چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز.

## بەشىنچى، ساكلارغا دائىر باشقا ئىككى تۈركۈم ماتېرىيال

شىنجاڭ رايونىدا، يەنە باشقا ئىككى تۈركۈم ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بولۇپ، بۇلارمۇ ساكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

بۇنىڭ بىرى 1967 — 1966 - يىللىرى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن چېن گې، لۈي ئېنگو، جۇجىنلىڭ قاتارلىق يولداشلار پامىردىكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا تەخمىنەن 4 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاشقورغان دەرياسى جىلغىسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئىككىنچى پەلەمپەي جايىدىكى شاتبايدىن 40 قەبرىنى قازغان [26].

ئېلان قىلىنغان دوكلاتتىن قارىغاندا، بۇ 40 قەبرىدىن كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنغىنى 19، تۇپىغا كۆمۈلگىنى 21 ئىكەن. قەبرىلەرگە تاش دۆۋىلەپ ياكى تاش سېلىپ قوپۇرۇپ بەلگە سېلىنغان. لەھەتلەر سوقىچاق ياكى ئۆلچەمسىز يۇمىلاق ئىككى تۈرلۈك بولغاندىن باشقا، بەزىبىر تېخىمۇ مۇھىم تەرەپلىرىمۇ بار، مەسىلەن، گۆر ئاغزىنىڭ ياغاچ بىلەن يېپىلغانلىقى، دەپنە سايمانلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقى، دەپنە قىلىش ئۇسۇلى (كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ياكى توپىغا كۆمۈش)، ئاخىرەتلىك نەرسىلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقى ياكى بۇ نەرسىلەرنىڭ تۈرى، گۇرۇپپىلىنىشى قاتارلىقلار ئوخشاش بولمىغان روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئون توققۇز «كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنغان قەبرىنىڭ ئالتىسىدىن بىردانە مىس سىرغا ۋە بىر نەچچە پارچە ساپال، تۆمۈر پارچىسى، قوش

سۆڭەكنى قىرىپ سىلىقلىغاندىن سىرت، باشقا ھېچقانداق ئاخىرەتلىك بۇيۇملىرى چىقمىغان». توپىغا كۆمۈپ دەپنە قىلىنغان يىگىرمە بىر قەۋرىگە ساپال بۇيۇملار، مىس بۇيۇملار، تۆمۈر بۇيۇملار، ئالتۇن بۇيۇملار، ياغاچ بۇيۇملار ۋە تاش، سۆڭەك، ھېقىق، مارجان بىزەك قاتارلىقلار ئاخىرەتلىك قىلىنغان. «ھەر بىر قەۋرىگە ئاخىرەتلىك قىلىنغان نەرسىلەر كۆپ ئەمەس، ئايرىم ئادەم كۆمۈلگەن قەۋرىلەر ياكى ئىككىنچى قېتىم دەپنە قىلىنغان قەۋرىلەردە ئون دانىدىن كۆپ بولغاندىن باشقا، كۆپ ساندىكى قەۋرىلەرگە ئاخىرەتلىك قىلىنغان نەرسىلەر ئاران بىر نەچچىلا بولغان. ئاخىرەتلىك قىلىنغان نەرسىلەر ئارىسىدا، بىزەك بۇيۇملار ھەممىدىن كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ساپالار بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش قورال - سايمان-لىرى ھەممىدىن ئاز».

ساپال بۇيۇملار يىرىك قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان لاي بىلەن قولدا ياسال-غان، تۆۋەنرەك تېمپېراتۇرىدا پىشۇرۇلغان. ساپال سىرى تەكشى ئەمەس. يۈزى ئاساسەن جەھەتتىن سىدام بولۇپ، ئازساندىكىلىرىگە كۆپتۈرمە ئىزلار ياكى تىرناق ئىزلىرى چىقىرىلغان. بۇلاردىن ساپالچىلىق تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ساپال بۇيۇملاردىن قازان، كوزا-زەك، قاچا، چۆچەك، قەدەھ، ئىگىرىش چاقى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىقى ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان قاچا - قۇچىلار بولۇپ، سىرتىدىكى ئىس - قورۇملىرى ھازىرمۇ بار.

مىس بۇيۇملار ئاساسلىقى ھەر خىل شەكىللەردىكى زىننەت بۇيۇملىرى، ئازراقى سايمان - ئەسۋاپ، قورال-لار. بۇلار ۋاشاق، ھەر خىل بىزەكلەر، بىلەيزۈك، سىرغا، ئۈزۈك، مىس نەيچە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قوي مۈڭگۈزى شەكلىدىكى بىزەك پارچىسىغا پامىر تاغلىق رايونىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئارقارنىڭ بېشىنىڭ سۈرىتى نەقىشلەنگەن. سىزىقلىرى ئاددىي، ئوبرازى جانلىق بولۇپ، يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

ئالتۇن بۇيۇم، نېپىز ئالتۇن پارچىسىدىن ياسالغان نەشپۈت شەكلىدىكى بىر پارچە بىزەكتىن ئىبارەت.

باشقا يەنە كىگىز، ياغاچتىن ئوت چىقىرىش ئەسۋاۋى، ھەر خىل مارجان ۋە قوي سۆڭىكى، قوش سۆڭىكى قاتارلىقلار بار.

ئىككى قەۋرىدىن بىللە كۆمۈلگەن ئادەمنىڭ جەسىتى تېپىلغان.

بۇ قەۋرىلەرنىڭ دەۋرى، ئۈچ قەۋرىنىڭ ئاغزىنى ياپقان ياغاچ ئەۋرىشكىسىنى كاربون 14 ئارقىلىق ئۆلچەش نەتىجىسىنى ئالاقىدار ئارخېئولوگىيىلىك

ماتېرىياللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، مىلادىدىن ئاۋۋالقى 4 — 5 - ئەسىر ئەتـ
راپىدا بولۇپ، «چۇنچيۇ دەۋرى، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگە مەنسۇپ».
ئىجتىمائى - ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەھەتتە، ئۇلار پامىر رايونىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىـ
يىلىك شارائىتىغا لايىقلاشقان ھالدا، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلغان،
دېھقانچىلىق قىلمىغان.

قەۋرە ئىگىسىنىڭ قەۋم تەۋەلىكى توغرىسىدا، دوكلاتتا ئېنىق، مۇئەييەن خۇلاسە ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. ئۇنىڭدا، بىر جەھەتتىن، توپىغا كۆمۈش، كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇتلۇقىغا ئاساسەن، «بۇ قەۋرىلەر ئېھتىمال چاڭلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارىغان. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يەنە: بىرىنچىدىن، قەۋرىلەردىن تېپىلغان، سەل ياخشىراق ساقلانغان بىر باش سۆڭىكىنى تەكشۈرۈپ باھالاشتىن قارىغاندا، «ياۋروپا ئىرقىدىكىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە»؛ ئىككىنچىدىن، «تاشقورغاننىڭ غەربىدىكى پامىر دەرياسى بىلەن ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسىدا، بۇرۇن بەزىبىر قەۋرىلەر تېپىلغان، بۇ قەۋرىلەرنىڭ شەكلى، تۈزۈلۈشى ۋە ئاخىرەتلىك قىلىنغان ساپال بۇيۇملار مۇشۇ قەۋرىلەر بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش». سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكىلەر بۇنى «ساك قەۋمىنىڭ خارابە ئىزلىرى» دەپ قارىغان. شۇڭا، «بۇ قەۋرىلەر ... ساك قەۋمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارىغان.

پامىر رايونىدا، بىز قېزىش خىزمىتىنى ناھايىتى ئاز ئېلىپ باردۇق. ئەمما، نۆۋەتتىكى ئىگىلىگەن چەكلىك بولغان ماتېرىياللار ئاساسىدا، قەۋرە ئىگىسىنىڭ قەۋم تەۋەلىكى توغرىسىدا ئېنىق يەكۈن چىقىرىشنىڭ ئۆزىدىمۇ ھەقىقەتەن بەلگىلىك قىيىنچىلىق مەۋجۇت. ئەمما، مۇنداق بىر قانچە ئامىل بىزنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھلىل يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ: بىرى، توپىغا كۆمۈلگەن بۇ قەۋرە ئىگىسى روشەن ياۋروپا ئىرقىدىكىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولۇپ، موڭغۇل ئىرقىدىكىلەردىن بولغان چاڭلار بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ؛ ئىككىنچىسى، خوشنىمىز سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە مۇشۇ خىلدىكى قەۋرىلەرگە نىسبەتەن خېلى كۆپ خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئالاقىدار قەۋرىلەردىن ساكلاردىن قالغان يادىكارلىق دەپ يەكۈن چىقىرىلغان [27]؛ ئۈچىنچىسى، ئالاقىدار يازما يادىكارلىقلار (يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «خەننامە» قاتارلىق ماتېرىياللارنى كۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن قارىغاندا، ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى پامىر رايونىدا، ھەقىقەتەن ساكلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ ئۈچۈن،

دەسلەپكى قەدەمدە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، توپىغا كۆمۈش ئۇسۇلى بويىچە دەپنە قىلىنغان بۇ قەبرىلەرنى قەدىمقى ساكلارنىڭ خارابىسى دەپ قاراش بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق.

شۇ جايدىن قېزىۋېلىنغان، كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىنغان قەبرىلەر خېلى كۆپ ئوخشاشمايدىغانلىقلارغا ئىگە، ئەگەر بۇ قەبرىلەرنى باشقا بىر خىل ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق سۈپىتىدە ئويلانغاندىمۇ، بۇنىڭغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئامىللار بار دەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ پامىر رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان دى، چاڭلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىمۇ ھەقىقەتەن تەھلىل قىلىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلىدۇر. خېشى (دەريانىڭ غەربى)دىكى رايونلاردىن تېپىلغان دى، چاڭلارغا دائىر ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. ئەمما، نۆۋەتتە ماتېرىيال بەكمۇ ئاز بولغانلىقتىن، بۇ ھەقتىكى يەكۈننى بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردىن كېيىن چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇنىڭ ئىككىنچىسى، لوپنۇر رايونىدا، ئازالىقتىن بۇرۇن بىر خىل يەرلىك خەلقلەرنىڭ قەبرىسى قېزىۋېلىنغان. لەھەت تېپىز كولانغان قۇم گۆردىن ئىبارەت بولۇپ، جەسەت ياغاچتىن ياسالغان كېمە شەكىللىك ئۆلۈك ساندۇغى (گۆرنەي) ياكى ئادەتتىكى ئۆلۈك ساندۇغىغا سېلىپ دەپنە قىلىنغان، ئۆلۈك ساندۇغىنىڭ ئاغزى تاختاي بىلەن يېپىلىپ، تېرە بىلەن ئورالغان. قەبرىگە بىر ئادەم دەپنە قىلىنغان. مۇھىت قۇرغاق بولغانلىقتىن، كۆپىنچە جەسەتلەر قۇرۇپ قالغان، ئۈچىسىدىكى كىيىملىرىمۇ ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىكى ئومۇمى ئەھۋال مۇنداق: جەسەتنىڭ بېشىغا ئۇچلۇق كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن، قالپاققا پەي قىستۇرۇلغان. بەدىنى يالىڭاچ بولۇپ، يۇڭ پالازغا ئورالغان. پۇتىغا تېرە ئاياق كىيگۈزۈلگەن. ياغاچ بۇيۇملار ياكى ئوقيا قاتارلىقلار ئاخىرەتلىك قىلىنغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھەر بىر جەسەتنىڭ مەيدىسىگە چاكاندا شېخى چىگىلگەن بىر كىچىك بولاق قويۇلغان، بۇنداق بولاق قويۇلمىغان بىرەرسىمۇ يوق. ئېلىمىز ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى ۋە جۇڭگو-شىۋېتسىيە، غەربى شىمالىي ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى شىۋېتسىيەلىك ئالىم بېرگمان ھەم سىتەيىن قاتارلىقلارمۇ لوپنۇر چۆللىكىدىن بۇ خىلدىكى قەدىمقى قەبرىلەرنى تاپقان. ئازالىقتىن كېيىن، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىن مۇشۇنداق بىر قەبرىستانلىقنى قازغان ئىدى [20]. بۇلار ئارىسىدا ئېنىق بىردەكلىك، ھەم بەزىبىر ئوخشاشمايدىغان ئالاھىدىلىكلەر بولۇپ،

خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە، داۋاملاشقان بىر تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەنلە-
گىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ خىلدىكى قەبرىلەرنىڭ قەۋم تەۋەلىكى توغرىسىدا، ستەيىن، خۋاڭ ۋېنبىلار
مۇنداق تەھلىل يۈرگۈزگەن:

ستەيىننىڭ قارىشىچە، بۇ ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكى «ئالپىس ئىرقىدىكىلەرگە
بەك يېقىن كېلىدۇ»، «ئۇ ئىنسانشۇناسلىق ئىلمى بويىچە، ئۆلچەشتىن ئىلگىرى بولغان
ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىرق قۇرۇلمى-
سىدا، بۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئامىل» دەپ ھېساپلىغان ㉛.

خۋاڭ ۋېنبى يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمقى جەسەتنىڭ ئوبرازى، كىيىم-
كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى، بولۇپمۇ ئۆلگۈچىنىڭ بېشىغا ئۇچلۇق كىگىز قالپاق كىي-
گۈزۈپ قويۇشتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، بۇنى ساكلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشاپ
كېتىدۇ، «شۇڭا، كىرورانلىقلار بىلەن ساك قەۋمىدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بار ئىكەنلى-
كىدىن گۇمانلىنىش ھاجەتسىز» ㉛ دەپ ھېساپلىغان. ئەمما، چاكاندا شىخى بىلەن
بىللە دەپنە قىلىش، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر خىل ئادەتتۇر. ئېيتىشلارغا
قارىغاندا، قەدىمقى ھىندى-ئىرانلىقلاردا مۇنداق بىر خىل ئېتىقات بولغان، يەنى
ئۇلار بۇ خىل چاكاندىن «خاۋما» ياكى «سوما» (Haoma ياكى Soma) دەپ ئاتى-
لىدىغان، ئىرانلىقلارنىڭ نەزىرە-چىراق ئىشلىرىدا ئىشلىتىدىغان مۇھىم نەرسىنى
ياسىغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان ㉜. دېمەك، بۇنىڭدىن لوپنۇر چۆللىكىدىكى يەرلىك
خەلقلەرنىڭ بۇ بىر ئالاھىدىلىكىنىڭ قەدىمقى دەۋردىكى ئىرانلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى
بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان بۇ ئۈچ گۇرۇپپا ئارخېئولوگىيىلىك
ماتېرىيالدىن بىز مۇنداق بىر ئېنىق تەسىرگە (چۈشەنچىگە) ئىگە بولىمىز:
ساكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان ياكى دەسلەپكى قەدەمدە شۇنداق يەكۈن
چىقىرىلغان بۇ ئۈچ گۇرۇپپا ماتېرىيالدىن ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ساكلارنىڭ
مەدەنىيىتى، ساكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇش ئېھتىمالى بولغان پامىر تاغلىق
رايونىدىكى شاباباي قەبرىستانلىقى ۋە لوپنۇر چۆللۈكىدىكى ئۇچلۇق قالپاق
كىيگەن يەرلىك خەلقلەر مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىدىن خېلى پەرقلىنىد-
دىغان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بولۇپ، پەرق ناھايىتى چوڭ. ئەمما، ئۇلار
قەدىمقى دەۋردىكى پارسچە، ئابەدىلەر ۋە قەدىمقى يۇنانىڭ يازما يادىكارلىقلىرى
تەمىنلىگەن ساكلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار بىلەن ئۆز ئارا ماس كېلىدۇ.

قەدىمقى دەۋردىكى پارىچە مىق يازما شەكلىدىكى تاش ئويمىلاردا ساكلار كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان. ساكلارنىڭ ئۇلاردىكى كۆپ ئۇچرايدىغان ئاتىلىشى؛ تىگرا-خاۋدا؛ ساكا، خاماۋارىغ. ساكا، تىگرەيى. تارا، دارايا. ساكادىن ئىبارەت 3 قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بۇلار ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا ئۇچرايدۇ. تىگراخاۋدا. ساكا دېگەن سۆز، ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن ساكلار دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇلار قارا دېڭىزنىڭ شەرقى، سىر دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، سوۋېت قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، پامىر، ئالاي چوققىسىنىڭ شىمالى، تاشكەنت، تەڭرى (تىيانشان) تېغى ھەمدە بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان؛ خاماۋارىغ. ساكا دېگەن سۆز، ئۆزى ئېتىقات قىلىدىغان ئۆسۈملۈك يۇپۇرمىقىنى ئېلىپ يۈرگۈچى ساكلار دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇلار پەرغانە ئويمانلىقى، پامىر ۋە ئالاي چوققىسى قاتارلىق جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان؛ تىگرەيى. تارا. دارايا. ساكا دېگەن سۆز، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ساكلار دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇلار ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربى، قارا دېڭىز، شور دېڭىز ئەتراپلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان (33). قەدىمقى يۇنان يازغۇچىسى ھېرودوتنىڭ «تارىخ» دېگەن بۇ مەشھۇر ئەسىرىدىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەڭ جايلاردا بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان كۆپلىگەن ساك قەبىلىلىرىنىڭ يارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھېرودوتنىڭ كىتابىدىن مەلۇمكى، كاسپىي دېڭىزى، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىن سىر دەرياسى ۋادىسىغىچە بولغان كەڭ جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ساكلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار بەزىدە سىكتىيانلار (ئادەتتە سىتسۇيانلار، سىكتايلار دەپ تەرجىمە قىلىنغان) دەپ ئاتالسا، بەزىدە ساۋرما شىتەنلەر ياكى ماسا گېيدالار، ياكى ساكلار دەپ ئاتالغان. ساۋرما شىتەنلەرنىڭ تىلى «سىكتىيان تىلى» دىن ئىبارەت. ئەمما «ئۇسا گېيدالار بولسا قورال-ياراق ئىشلىتىشكە، جەڭگە ماھىر قەۋم ... بەزى كىشىلەر ئۇلارنى سىكتىيانلارنىڭ بىر قەۋمى دېيىشىدۇ». «سىكتىيانلارغا مەنسۇپ بولغان ساكايلار (يەنى ساكلار) بىر خىل ئۇچلۇق قالپاق كىيىدۇ، قالپىقى ھەم تۈز ھەم قاتتىق، ئۇچى ئۇچلۇق ... بۇ ئادەملەر گەرچە ئامىرگىئوي. سىكتىيانلار بولسىمۇ، ئەكسىچە، ساكايلار دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى پارسلار بارلىق سىكتىيانلارنى ساكايلار دەپ ئاتىشىدۇ» (34). بۇ خاتىرىلەردىن بىز مۇنداق بىر چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز: ھېرودوتنىڭ ئەينى ۋاقىت (مىلادىدىن ئاۋالقى 5-ئەسىر) تا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەڭ رايونلار ھەمدە ياۋروپا قىتئەسىدىكى بەزى جايلاردىكى

ساكلار توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئانچە كونكرېت، توغرا بولمىغان. بۇ ئوخشاش بولمىغان ساكلار گۇرۇھى ئارىسىدا، ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت. بىز بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئۇقۇملارنى قوللانغىنىمىزدا، ئارخېئولوگىيە مەدەنىيىتى جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان ھالەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىپ چىقىشى، ئەلۋەتتە، ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، بەلكى ئەقىلگە بەكمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر ئىشتۇر.

پارىسچە ئابىدىلەر ۋە قەدىمقى يۇنانىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى بىلەن يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان ساكلارغا دائىر ماتېرىياللارنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، نۆۋەتتىكى ھالدا ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان مۇنداق بىر قانچە مەسىلە بار:

بىرى، سترابو (strabo) سىر دەرياسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بىر بۆلۈك ساكلارنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ساكا. رائۇكايلار (SacaRaucae) دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، غەرب ئەللىرىدىكى بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ «خەننامە» سىدە بايان قىلىنغان ئىلى رايونىدىكى ساكلار بىلەن ماس كېلىدىكەن ㉟. غەرب ئەللىرىدىكى كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ خاتىرىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمقى يازما يادىكارلىقلىرىدىكى خاتىرىلەرنى رىيال ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، ئۇچىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان ئۆسۈملۈك يوپۇرمىقىنى بىللە ئېلىپ يۈرگۈچى ساكلارنىڭ بۇ بىر خىل ئالاھىدە ئادىتى لوپنۇر چۆللىكىدىكى بېشىغا ئۇچلۇق قالپاق كىيىدىغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئادىتى بىلەن تامامەن ئوخشاش. بۇنىڭ بىر خىل تاسادىپىي ئوخشاشلىق بولۇشى ئانچە مۇمكىن ئەمەس. بەلكى قەدىمقى لوپنۇر چۆللىكىدە بىر بۆلۈك خاماۋارىغ. ساكلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ جانلىق ئىزاھى بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئالپىس تىپىدىكى ئىرقىي ئالاھىدىلىكى، بېشىغا ئۇچلۇق قالپاق كىيىش ئادىتىمۇ يەنە باشقا بىر جەھەتتىن بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن، خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا ساكلارغا دائىر ماتېرىياللار ئاز ئۇچرايدۇ. ئەمما، شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا، ساكلارنىڭ پائالىيىتى، ساكلارنىڭ تەسىرى يەنىلا مەۋجۇت بولغان.

ئۇيسۇنلار ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقاندىن كېيىن، خېلى كۆپ ساكلار ئۇيسۇن قەۋمى ئارىسىغا تەدرىجىي سىڭىپ كەتكەن، شۇڭا

«خەنىنا» دە «ئۈيسۈن ئاھالىسى ئارىسىدا ساك قەۋمىدىكىلەر بار» دېيىلگەن. ئارخېئولوگىيە مەدەنىيىتىدىنمۇ بۇلار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولغان تەسىرلەرنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ساكلارنىڭ تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى شەرقىي ئىران تىل تارمىقىدىن ئىبارەت دەپ تونۇلماقتا. پامىر رايونى قەدىمقى دەۋردە ساكلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇھىم سەھنىلەرنىڭ بىرى. پامىردىكى كەڭ رايونلاردىكى ھازىرقى ئاساسلىق ئاھالىلار يەنىلا شەرقىي ئىران تىلىنى قوللىنىدۇ. دۆلىتىمىز چېگرىسى ئىچىدىكى تاشقورغان رايونىدىكى تاجىكلارنىڭ تىلىمۇ شەرقىي ئىران تىل تارمىقىغا مەنسۇپتۇر. بۇلار ئارىسىدىكى تارىخىي باغلىنىش تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە، ئەلۋەتتە.

ئازاتلىقنىڭ ئالدى - كەينىدە، خوتەن، مارالۋېشى قاتارلىق جايلاردىن كۆپلىگەن قەدىمقى ئۇدۇن ( خوتەن ) يازما يادىكارلىقلىرى تېپىلغان، بۇلارنىڭ دەۋرى خەن سۇلالىسىدىن كېيىن بولۇپ، تەخمىنەن مىلادى 6 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرگىچە بولغان دەۋرگە مەنسۇپ. تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، قەدىمقى ئۇدۇن ( خوتەن ) يېزىقى « ئەسلىدە ھىندىستاندىكى بىراخما يېزىقىدىن كېلىپ چىققان، ئۇدۇن رايونىدىكى ساك قەۋمىدىكى ئاھالىلار ئىشلىتىدىغان يېزىقتىن ئىبارەت » بولۇپ، ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن تىل ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇدۇن تىلى ياكى ئۇدۇن ساك تىلى دەپ ئاتىلىدىغان تىلدىن ئىبارەت » ئىكەن. « بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، كىشىلەر ئۇدۇننى ساك قەۋمىنىڭ ماكانى، ئۇلار ھىندىستان چېگرىسى ئىچىدىكى ساك قەۋمىدىكىلەر بىلەن يېقىن تۇققان، ھەتتا يىراق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سىكتىيانلار بىلەنمۇ تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايدۇ، شۇڭا بىزمۇ ئۇدۇن تىلىنى ھىندى - سىكتىيان تىلى ياكى ساك تىلى دەپ ئاتىغان » ㊱. ( ئەنگلىيىلىك پروفېسسور بېيل يەنە: مىلادىدىن ئاۋالقى 2 - ئەسىردىن بۇرۇن، بىر بۆلۈك ساك قەبىلىسى ئۇدۇنغا كېلىپ ماكانلاشقان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمران سىنىپىنى شەكىللەندۈرگەن. قۇشتىلا ( خوتەن ) ساكلار خوتەن رايونىدا قۇرغان خانلىق دۆلەتتىن ئىبارەت » دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان ㊲

بۇ مىساللاردىن، قەدىمقى دەۋردىكى ساكلارنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىخىي تۇرمۇشىدىكى چوڭقۇر تەسىرلىرىنى ئازدۇر - كۆپتۇر كۆرگىلى بولىدۇ.

## ئىزاھلار:

① «ئۇيسۇنلار تەتقىقاتى»، 11 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى.

② ئىركەشتام دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئورنى ھەققىدە، ئىلىم پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىدا ئىختىلاپ بولۇپ، ھازىرغىچە بىرلىككە كېلەلىگىنى يوق. بەزىدە ھازىرقى كەشمىردىكى خوتەنچا دېسە، بەزىدە پامىرتېغى ئارىسىدىكى ئىركېشتام ( IrKeshtam ) دېيىلىدۇ؛ بەزىدە ئالاي تېغى ئارىسىدا دېسە، بەزىدە قەشقەردىن قوقەندگىچە بولغان تاغ ئاغزىدا، ۋاھاكازالار دېيىلگەن. سىن جۇڭمىيەن يازغان «خەنزىنامە. غەربىي رايون تەزكىرىسىدىكى جۇغراپىيىلىك ناملارنى سېلىشتۇرۇش» (ئىككىنچى قىسمى) نىڭ 310 — 317 - بەتلىرىگە (جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1981 - يىلى نەشرى)؛ فىڭ چېڭجۈن تۈزگەن، لۇجۈنلىڭ تولۇقلاپ تۈزگەن «غەربىي رايوندىكى جاي ناملىرى» (جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1980 - يىل نەشرى) نىڭ 36 - بېتىگە قاراڭ.

③ جۈەندۇنىڭ ھازىرقى ئورنى ھەققىدىمۇ تالاش - تارتىش بار، بىرلىككە كەلگىنى يوق. بۇ سىن جۇڭمىيەننىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈلدى. «خەنزىنامە. غەربىي رايون تەزكىرىسىدىكى جۇغراپىيىلىك ناملارنى سېلىشتۇرۇش» (ئىككىنچى قىسمى) نىڭ 318 — 322 - بەتلىرىگە قاراڭ، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1981 - يىل نەشرى.

④ چوڭ ياۋچىلارنىڭ غەربكە كۆچكەن يىلى ھەققىدە ھەر خىل كۆز قاراشلار مەۋجۇت، ئەمما مىلادىدىن ئاۋالقى 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ غەربكە كۆچكەن دەپ قاراش بىر قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق. «ئۇيسۇنلار تەتقىقاتى» نىڭ 64 —66 - بەتلىرىگە قاراڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

⑤ داۋشۇەن: «گۇاڭخۇڭمىڭ توپلىمى»، 7 - جىلد.

⑥ «خەنزىنامە»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى تۈزەتكەن نۇسخىسى، 2692 - بەت.

⑦ ساڭ يۈەنجى يازغان، ياڭ لىيەن تەرجىمە قىلغان «جاڭچيەننىڭ غەربكە سەپىرى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش»، 10 - بەت، شاڭۋۇ كىتابخانىسى نەشرى.

⑧ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى يازغان

« شىنجاڭنىڭ ئالغۇي جىلغىسىدىكى تىك كولىنىپ ياساغان ساغدۇق كۆرۈلگەن قەبرىلەرنى قېزىش توغرىسىدىكى قىسقىچە دوكلات » « مەدەنىي يادىكارلىقلار »، 1981 - يىل بىرىنچى سان 18 — 22 - بەتلەر، 8 - رەسىم.

⑨ بايدۆۋلەت، گوۋبىنچىڭ: « كۆنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن قېزىۋېلىنغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار »، « شىنجاڭ سەنئىتى »، 1984 - يىل 1 - سان؛ شىنجاڭ گېزىتى 1983 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى سانى، 4 - بەت.

⑩ تەنگۇ: « شىنجاڭدىن شەرقىي جوۋ سۇلالىسى دەۋرىدە قېزىلغان قەدىمقى مىس كېنى تېپىلدى »، جۇڭگو كېنولوگىيە گېزىتى، 1983 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى سانى، 1 - بەت؛ ۋاڭ يۈبياۋ: « ئىلىقەدىن قەدىمقى مىس كېنىنىڭ خارابىسى تېپىلدى »، شىنجاڭ گېزىتى، 1984 - يىل 2 - ئاي 2 - كۈنى.

⑪ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسىراش پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنى كاربون 14 تەجرىبىخانىسى: « كاربون 14 ئارقىلىق يىللارنى ئۆلچەش توغرىسىدا دوكلات ( 5 ) »، « مەدەنىي يادىكارلىقلار »، 1984 - يىل 4 - ئاي.

⑲ ⑮ ⑬ H · بېرنشتيام: « سېمىرېچ ۋە تەڭرى تېغىدىكى تارىخىي مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي باسقۇچلىرى »، « سوۋېت ئېتنىكىسى ئارخېئولوگىيىسى »، 1949 - يىل 11 - سانى.

⑭ C · N · روكىنكو: « جۇڭگونىڭ ئالتاي قەبىلىلىرى بىلەن بولغان قەدىمقى مۇناسىۋىتى توغرىسىدا »، « ئارخېئولوگىيە گېزىتى »، 1957 - يىل ئىككىنچى سانى.

⑯ C · N · روكىنكو: « ئالتاي سىكتىيان سەنئىتى »، 36 - بەت، 27 - رەسىم.

⑰ B · A · ئىلىنىسكايا: « سىكتىيانلارنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى نەقىشلەش مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى »، « ياۋروپا - ئاسىيا مىللىي سەنئىتىدىكى سىكتىيان — سىبىرىيە ياۋايى ھايۋان نەقىشلىرى » گە بېسىلغان، 1976 - يىل، موسكۋا نەشرى.

⑱ « ئۈيسۇنلار تەتقىقاتى » غا قاراڭ؛ شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى » 9 — 8 - بەتلەر، 51 — 47 - بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

⑲ « پارس سەنئىتىگە نەزەر »، ( ئېنگلىزچە )، 7 - جىلد، 57 - بەت، نيۇ - يورك 1981 - يىل نەشرى.

㉑ « تۈگلۈشەن — جوڭگونىڭ قەدىمقى كانچىلىق خارابە ئىزى »، مەدەنىي يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى.

22 «شىنجاڭ ئالغۇي جىلغىسىدىكى تىك كولىنىپ ياغاچ ساندۇق كۆمۈلگەن قەۋرى-لەرنى قېزىش توغرىسىدىكى قىسقىچە دوكلات»، «مەدەنىي يادىكارلىقلار»، 1981-يىل 1-سان.

23 شىرودوت: «تارىخ» (يۇنان-پارس ئۇرۇش تارىخى)، 433-، 435-، 48-بەتلەر، شاڭخۇ كىتابخانىسى، 1959-يىل نەشرى.

24 M. W. مەيكاۋۋېننىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمقى دۆلەتلەر تارىخى» نىڭ قوشۇمچىسىدىن ئېلىنغان، 252-بەت، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1958-يىل نەشرى. ۋاڭ جىڭ لەينىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئىككىنچى بابىغا قاراڭ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن نەشرىياتى 1980-يىل نەشرى.

25 شىرودوت: «تارىخ»، 660-بەت، شاڭخۇ كىتابخانىسى، 1959-يىل نەشرى.

26 شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «پامىر ئېگىزلىكىدىكى قەدىمقى قەۋرىلەر»، «ئارخېئولوگىيە گېزىتى»، 1981-يىل 2-سان. ئەسلىدىكى دوكلاتتا، يەر نامى «شانبا باۋ» دەپ تەرجىمە قىلىنغان، بۇ دېگەندەك توغرا بولمىغان. ھازىرقى ۋاقىتتا يەرلىك خەلق-لەرنىڭ ئاتاش ئادىتى بويىچە «شانباباي» دەپ ئېلىندى.

27 «پامىردىكى قەدىمقى يادىكارلىقلار»، «سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگىيىسى ۋە ماتېرىياللار تەتقىقاتى» 26-جىلد، 324—325-بەت، 1952-يىل روسچە نەشرى؛ «دۇنيانىڭ ئۆگزىسىدىكى قەدىمقى كۆچمەن چارۋىچى-لار»، 26-بەت، 1971-يىل روسچە نەشرى.

28 خۇاڭ ۋېنبى: «لوپنۇردىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، 56—57-بەت، 105-بەتتىكى 12—14-رەسىم. بېرگمان: «شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش»، ئېنگلىزچە نەشرى، 1939-يىل ستوكھولم نەشرى. شياڭدا تەرجىمە قىلغان: «ستەيىننىڭ غەربىي رايوندىكى ئارخېئو-لوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» 110—114-بەتلەر، 66—67-رەسىم:

29 ۋاڭ بىڭخۇا: «كۆنچى دەرياسى جىلغىسىدىكى قەدىمقى قەۋرىلەرنى قېزىش ۋە ئۇنى دەسلەپكى قەدەمدە تەتقىق قىلىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1983-يىل 1-سان.

30 شاڭدا تەرجىمە قىلغان: «ستەيىننىڭ غەربىي رايوندىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى»، 110-بەت، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1936-

يىل نەشرى.

(31)(32) خۇاڭ ۋېنبى: «لوپنوردىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى» 57-، 100 - بەتلەر.

(33) ئىراننىڭ بېخىستۇم (Behestum)، پېرسېپولىس (Bersepolis)، ناكىش. ئى. رۇستام (NaKsh·j·Rostam) قاتارلىق 3 جايدىكى ئابىدە تاشلاردا، ئىمپېراتور دارا بويسۇندۇرغان، ئولپان - سېلىق تاپشۇرغۇزغان دۆلەت ۋە رايونلار قاتارىدا ساكا (SaKa) لار تىلغا ئېلىنغان، كېيىنكىسىدە تېخىمۇ كونكرېت ھالدا ساكا. تىگرا خاندا، ساكا. خاماۋارىغ ۋە ساكا. تارادالا يالار تىلغا ئېلىنغان. (بەنيا ۋكۇجىننىڭ «غەربىي رايون تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقات» تىمدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن، 369 - بەت) M·W. مەيگاۋېن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمقى دۆلەتلەر تارىخى»، قوشۇمچىسىنىڭ 3 - پاراگرافى؛ ئا. نى. گىرادىشېۋ يازغان «قەدىمقى دەۋردىكى شەرق تارىخى»، 320 — بەت، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، 1956 - يىل نەشرى؛ ۋاڭ جىژلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، بىرىنچى توم، ئىككىنچى باپ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى.

(34) شىرودود: «تارىخ»، تۆتىنچى توم، يەتتىنچى توم، بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگىنى، ئەشۇ كىتابنىڭ 267 -، 476 -، 660- بەتلىرى. شاڭۋۇ كىتاپخانىسى، 1959 — يىل نەشرى.

(35) مەيگاۋېننىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمقى دۆلەتلەر تارىخى» دىن ئېلىندى، 252 - بەت.

(39) خۇاڭ جېنخۇا: «ئودۇن مەدەنىيىتى»، جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى يېزىقلىرىنى تەتقىق قىلىش كومىتېتى تۈزگەن: «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى يېزىقلىرى» غا بېسىلغان، 163 — 170 - بەتلەر.

(40) H · W · بېيل: «ئۇدۇم تىل - يېزىق كىتابلىرى توپلىمى»، «كىرىش سۆز»، ئېنگىلىزچە نۇسخىسى، كامبرىدگى، 1960 - يىل نەشرى.

ئابدۇۋايىت قاسىم تەرجىمىسى.

# نىلقا ناھىيەسىدىكى شەرقىي جو دەۋرىگە
# ئائىت مىس كان ئىزى



رەسىم: قەدىمقى مىس كان تىك قۇدۇقىنىڭ
ئىچىدىكى توغرا تىرەپ قويۇلغان لىملار

رەسىمگە تارتقۇچىلار: چى شاۋسەن، فىڭ فېي .



رەسىم: قەدىمقى مىس كانىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى



رەسىم: بىرىنچى قېتىم ئېرىتىپ چىقىلغان يۇمىلاق مىس



# ئىلى رايونىدىن قېزىۋېلىنغان بىر قىسىم مەدەنىي يادىكارلىقلار

رەسىم: ئىگىز مىس داڭقان (جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى)



رەسىم: پۇتىغا هايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۆت پۇتلۇق چاسا مىس تاۋاق (جەنگو دەۋرى)



ەسىم: يۇمىلاق مىس
ك (جەنگو دەۋرى)



رەسىم: مىستىن ياسالغان لەشكەر (جەنگو دەۋرى)



رەسىم: مىس داڭقان (جەنگو دەۋرى)



رەسىم: بىر بىرىگە خىرس قىلىشىۋاتقان يولۋاسنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس ئەسۋاپ (جەنگو دەۋرى)



رەسىم: ھەر خىل ئالتۇن قاداقلار (غەربىي خەندەۋرى)





رەسىم: ياقۇت كۆزلۈك مىس كەمەر توقىقىسى (غەربىي خەندەۋرى)

رەسىم: ئالتۇن سىرغا
(غەربىي خەندەۋرى).

٤٤ رەسىمگە تارتقۇچىلار: شاۋسەن، فىلى فېي.

# ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان ساكلارنىڭ مەدەنىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

ۋاڭ مىڭجې

شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمى، تىيانشان باغرىدىن ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغىچە، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن باركۆل يايلىقىغىچە، قۇربان تۇڭگۇس قۇملۇقىدىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسىدە ياخشى يايلاق، چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە ئوتلاق بار. قەدىمدىن بۇيان، بۇ جايلار كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرگە تازا باپ ماكان بولۇپ كەلگەن. ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىكى خاتىرىگە قارىغاندا، ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدىن سۇڭ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە شىمالىي شىنجاڭدىكى يايلاقلاردا ئاساسلىقى ساك، خۇدات، ئۇيسۇن، ھۇن، تۈرك، غەربىي كىدان، موڭغۇل قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى، شىنجاڭ تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ بۆلۈۋېتىشكە بولمايدىغان مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھەم بولغان شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئازاتلىقتىن كېيىن، ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، بىر تۈركۈم قىممەتلىك ئاسارە-ئەتىقىلەر قېزىۋېلىندى ۋە رەتلەندى. ئۇلار شىمالىي شىنجاڭ يايلىقىنىڭ بىر نەچچە خىل مەدەنىيەت قىياپىتىنى، بىر رايوننىڭ تارىخىي دەۋرلەردىكى تەرەققىياتى ۋە ھەر قايسى رايونلارنىڭ بىر دەۋر ئىچىدىكى ئالاقىسىغا دائىر بەزى ئامىللارنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئېچىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ رايونغا ئالاقىدار خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش يېڭى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلىنىپ، شىنجاڭدا ئۆتكەن كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنى تەتقىق قىلىش تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلدى.

بۇ ماقالىدە ئالدى بىلەن يازما يادىكارلىقلارغا ئاساسەن، ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر، ئىككى خەن دەۋرىدە شىمالىي شىنجاڭدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى قىسقىچە تەھلىل قىلىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئاساستا ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت،

بولۇپمۇ ساكلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز. سەھىپە چەكلىك بولغانلىقتىن، بۇ ماقالىدا بەزى مەسىلىلەر تولۇق مۇھاكىمە قىلىنمىدى. كېيىن يەنە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلمەكچى.

## 1

تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرى، ئىككى خەن دەۋرىدە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ پائالىيەت ئەھۋالىنى، ئاساسەن يەنە ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرى ۋە ئىككى خەن دەۋرىدىن ئىبارەت ئىككى كىچىك باسقۇچقا ۋە شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىمدىن ئىبارەت ئىككى رايونغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرى ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى ۋە غەربىي شىمال قىسمىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى مەركەز قىلغان رايوننى ساكلار ماكان قىلغان. بۇ ھەقتە، تارىخىي ماتېرىياللاردا بىۋاستە مەلۇمات بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇيسۇن دۆلىتىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى مەلۇماتتا بۇ مەسىلە ناھايىتى ئېنىق ئېيتىلغان. «خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى» (2 - قىسىم) دا: ئۇيسۇن دۆلىتى، «شەرقتە ھۇن بىلەن غەربىي شىمالدا كانگيۈي (سەمەرقەنت) بىلەن، غەربتە پەرغانە بىلەن، جەنۇبتا شەھەر قەلئە دۆلەتلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، بۇنىڭ زېمىنى ئەسلىدە ساكلارنىڭ ئىدى» دېيىلگەن. «تارىخنامە. پەرغانە تەزكىرىسى» دىمۇ: «ئۇيسۇن، پەرغانىنىڭ شەرقىي شىمالىغا ئىككى مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان جايدا» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىككى مەلۇمات تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلىنى، بىرى ئۇيسۇن دۆلىتىنىڭ پائالىيەت مەركىزى ۋە دائىرىسىنى، يەنە بىرى، بۇ رايون ئۇيسۇن دۆلىتىنىڭ زېمىنى بولۇشتىن ئىلگىرى ئەسلىدە ساكلار پائالىيەت قىلغان جاي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ كەڭ زېمىندىن باشقا، «خەننامە» دە ساكلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان يەنە بىر رايون - پامىر تىلغا ئېلىنغان، «خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى» (1 - قىسىم) دە: «ئېركەشتام دۆلىتى ...... كۆكتارت (پامىر) نىڭ غەربىدە، خەلقىنىڭ ئورپ - ئادىتى، كىيىم - كېچەكلىرى ئۇيسۇنلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، سۇ، ئوتلاق بويلاپ چارۋىچىلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ زېمىنى ئەسلىدە ساك قەۋمىنىڭ ئىدى»، «جۈەندۇ ... خەلقىنىڭ كىيىم كېچەكلىرى ئۇيسۇنلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، سۇ، ئوتلاق بويلاپ كۆچۈپ يۈرىدۇ، كۆكتارتقا تايىنىپ ياشايدۇ. ئۇنىڭ زېمىنى ئەسلىدە ساك

قەۋمىنىڭ ئىدى» دېيىلگەن. شۇڭلاشقىمۇ «خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى» (1 - قىسىم) دە، ساكلارنىڭ ياۋچىلار (يۈرتچىلار) تەرىپىدىن ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىدىن كېيىن، «ساك پادىشاھى جەنۇپتا شيەندۇدىن ئۆتۈپ كەتكەن» لىكى ئېيتىلغان. «شيەندۇ — كۆكتارتنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، «خەننامە» دە ئېيتىلغان ئىركەشتام ۋە جۇڭدۇ قاتارلىق دۆلەتلەرنى ساكلار جەنۇپقا كۆچكەندىن كېيىن، خەن دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قۇرغانلىقى ياكى كۆكتارتتا ئەسلىدە ساكلار ماكانلاشقانلىقى ھەققىدە «خەننامە» دە ئېنىق بىر نەرسە دېيىلمىگەن. سوۋېت ئالىم-لىرى ئارىسىدا «مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىردىن 5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، پامىردا ساك قەبىلىلىرى ماكانلاشقان» ① دەپ ھېسابلايدىغان بىر خىل قاراش بار.

يۇقۇرقىلار ئۇرۇشقاق دەۋرىدە ساكلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان زېمىن توغرى-سىدىكى ئەھۋال.

شىمالىي شىنجاڭ يايلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە غەربىي قىسمى، ئومۇمەن ئال-غاندا ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكى ۋە ئىرتىش دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىن جەنۇپتا تىيانشان تېغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگىچە بولغان جايلار ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى ۋاقىتتا خۇدات دەپ ئاتالغان كىشىلەرنىڭ ماكانى بولغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 177 — 176 - يىللار) ھۇنلارنىڭ باتۇر (مەتە) تەڭرىقۇتى خەنۋېندىگە يازغان مەكتۇبىدا «كىروران بىلەن، ئۇيسۇننى تىنجىتتىم، خۇدات ۋە ئۇنىڭغا خوشنا 26 دۆلەتنى ھۇنلارغا بېقىندى قىلدۇردۇم» دېگەنلىكى خاتىرى-لەنگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان كىروراننىڭ لوپنور رايونىغا جايلاشقانلىقى ئېنىق؛ ئۇيسۇنلارمۇ ئۇ چاغدا تېخى غەرپكە كۆچمىگەن بولۇپ، خېشى كارىدورىنىڭ غەربىي قىسمىدا پائالىيەت قىلىۋاتاتتى ②؛ خۇداتنىڭ يۇقۇرقى ئىككى دۆلەت بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنىشى ھەمدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە تارىم ئويمانلىقىغا جايلاشقانلىقى ئېنىق بولغان كىچىك دۆلەتلەر بىلەن «خوشنا» ئىكەنلىكىدىن ئۇلارنىڭ ئارىلىقىنىڭ يىراق ئەمەسلىكى، خۇداتلارنىڭمۇ پائالىيەت رايونى شەرقىي قىسىم تىيانشاننىڭ شەرقىي ئېتەكلىرىگىچە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا «تارىخنا-مىنىڭ تۇغرا تەبىرلىرى» دە خۇدات «گۇاجۇنىڭ غەربىي شىمالىدا» دېيىلگەن-لىكى داۋلىلىق بولغان. دەرۋەقە، خۇداتلار يەنىلا ئالتاي رايونىدا پائالىيەت قىلغان، تارىخىي ماتېرىياللاردا، غەربىي خەننىڭ يۈەندى خانى مەزگىلىدە، ھۇنلارنىڭ قۇتسۇس خانى غەرپكە كۆچۈپ ئۇيسۇنلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقى «شىمالدا ۋۇجيې-

لارغا زەربە بېرىپ، ئۇلارنى تەسلىم قىلغان» (3) لېكىن ئېيتىلغان. بۇ يەردە ئېيتىلغان ۋۇجيېلار — خۇداتىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن خۇدات بىلەن ئۇيسۇنلىنىڭ ئۇرلىنى، يەنى ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدىن غەربىي خەن دەۋرىگىچە، خۇداتىلارنىڭ ئاساسىي قىسمى ئالتاي تېغى ۋە ئېرتىش دەرياسى ۋادىلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قىسقىسى، ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى چاغلاردا شىمالىي شىنجاڭ ياىلىقىدا ئاساسەن ساكلار (غەربىي قىسىم) (غەربىي شىمالىي قىسمىدا) ۋە خۇداتىلار (شەرقىي قىسىم ۋە شەرقىي شىمالىي قىسمىدا) ياشىغان. شەرقىي قىسىم تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدە بەزى كىچىكرەك قەۋملەر، مەسىلەن، قۇس قاتارلىقلار مەۋجۇت بولغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئاساسىي خەلقنىڭ ساكلار ۋە خۇداتلار ئىكەنلىكىدە مەسىلە يوق.

خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى، ھۇنلارنىڭ كۈچەيگەنلىكى ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. بىرىنچى، ياۋچىلار ۋە ئۇيسۇنلار كەينى - كەينىدىن خېشى كارىدورىدىن غەرپكە كۆچۈپ ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كەلگەن. ياۋچىلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا غەرپكە كۆچۈپ (4)، ساكلارنى بۇ رايوندىن قوغلاپ چىقارغان. ساكلار جەنۇپقا كۆكتارتقا كۆچكەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ساكلار بىر خىل سىياسى كۈچ ۋە مىللەتنىڭ ھەركىتى سۈپىتىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىققان. لېكىن ياۋچىلار ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا قىسقىلا ۋاقىت تۇرغان، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 16 - يىلى ئەتراپىدا (5) ئۇيسۇنلارمۇ ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن ياۋچىلارمۇ بۇ رايوندىن قوغلاپ چىقىرىلغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پۈتكۈل ئىككى خەن دەۋرىدە ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى مەركەز قىلغان كەڭ بىر پارچە ياىلاق ئۇيسۇنلار ماكانى بولۇپ قالغان. بۇ ھەقتە تارىخىي كىتاپلاردا خېلى تەپسىلى مەلۇمات بار.

ئىككىنچى، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ھۇنلارنىڭ سىياسى تەسىر كۈچىنىڭ شىنجاڭغا كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ھۇنلار ئارقا - ئارقىدىن، كەڭ كۆلەمدە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار ئاساسلىقى شەرقىي قىسىم تىيانشاندىكى بارىكۆل ياىلىقىنى مەركەز قىلغان كەڭ رايوندا پائالىيەت قىلغان. ھۇنلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭنى كونتىرول قىلغاندىن كېيىن، «كىنىڭگىت، ۋېيشۇي ( 危须 )، قارا قۇمنىڭ ئارىلىقىدا» قۇلدار تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس

قىلىپ، ھۇنلارنىڭ غەربىي رايوننى ئىدارە قىلىدىغان سىياسىي مەركىزى
قىلغان، ئۇ جايدا بەلگىلىك ساندا ھۇنلار ئولتۇراقلاشقان، بەزى ئورگانلار قۇرۇلغان
ۋە ئەمەلدارلار تۇرغۇزۇلغان. لېكىن شىنجاڭغا كەلگەن ھۇنلارنىڭ ئاساسىي قىسمى
يەنىلا بارىكۆل يايلىقى ئەتراپلىرىدا تۇرغان. «خەننامە» دىكى «غەربىي رايون
تەزكىرىسى»، «ھۇنلار تەزكىرىسى» ۋە «جاڭغۇي تەرجىمىھالى» غا ئاساسلانغاندا،
خەنشۈەندىنىڭ بىرىنچى 3 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 71 - يىلى) خەن سۇلالىسى
بىلەن ئۇيسۇنلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى «پۇلى كۆلى بويىدا ھۇنلارنىڭ ئوڭقول
لولىقانىنىڭ بارگاھىغىچە بېسىپ كىرىپ، تەڭرىقۇتنىڭ تاغىسى ۋە ھەدىسى، مەلى-
كىسى، داڭلىق خانلىرى لىۋۇ تۇتۇقبېگى، مىڭبېشى، چەۋەندازلار سەركەردىلىرىدىن
تۆۋەن تۆت تۈمەن كىشىنى ئەسىر ئالغان، 70 تۈمەندىن ئارتۇق ئات، كالا، قوي، ئې-
شەك، تۆگىنى غەنىيمەت ئالغان، ھۇن قەۋمىدىن ئۆلگەن، زىيان - زەخمەتكە ئۇچرى-
غان، تارىلىپ كەتكەنلەرنىڭ مال - چارۋىلىرىدىن قېچىپ كەتكەن، ئۆلگەن، زىيان-
زەخمەتكە ئۇچرىغانلىرىنىڭ سانىنى ئېلىش مۇمكىن بولمىغان.» پۇلى كۆلى بارىكۆلنى
كۆرسىتىدۇ. «تارىخنامە»، «خەننامە» لەردىكى «ھۇنلار تەزكىرىسى» گە
ئاساسلانغاندا، ئوڭقول لولىقان ھۇنلارنىڭ خەن جەمەتى ئارىسىدىكى ھۆرمەتلىك نام
بولۇپ، ھۇن تەڭرىقۇتى، سولقول بىلگە خان، ئوڭقول بىلگە خان ۋە سولقول لولىقاندىن
قالسا 5 - ئورۇندا تۇرغان. ئۇنىڭ بارگاھىنىڭ بارىكۆلدە تەسىس قىلىنغانلىقى ۋە بىر
قېتىملىق جەڭدىلا شۇنچە كۆپ ئادەم ۋە مال - ۋارانىدىن ئايرىلغانلىقىدىن بارىكۆل
يايلىقى ئەتراپىدا ھۇنلارنىڭ پائالىيىتىنىڭ نەقەدەر ئەۋج ئالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇ. يەنە «خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: «يۈەندى ۋاقتىدا ... ھۇن-
لارنىڭ شەرقتە — بارىكۆلدە تۇرۇشلۇق خانى زىلدىج 1700 دىن ئارتۇق ئادىمى
بىلەن تۇتۇق ھىراۋۇلغا ئەل بولدى، تۇتۇق ھىراۋۇل قانقىل كېيىنكى دۆلىتىنىڭ غەربىدىكى
ئوغانيولى دېگەن جايغا ئورۇنلاشتۇردى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن خەن دەۋرىدىكى ئوغان-
يولى دۆلىتىنى ئەسلىدە ھۇنلار قۇرغانلىقىنى ۋە بۇ دۆلەت ھۇنلاردىن تەركىب تاپ-
قانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورنى ئېھتىمال بۈگۈنكى بوغدا تېغى ئەتراپ-
لىرىدا بولۇشى مۇمكىن.

ھۇنلارنىڭ شەرقىي تىيانشان ئەتراپلىرىنى ئىگىلىۋېلىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدە
بۇ جايلاردا ياشاۋاتقان بىر قىسىم خۇداتلار ئۆز يۇرتىنىڭ دائىرىسىنى تارايتىپ، ئاساسىي ماكانى—
ئالتاي تېغى ۋە ئىرتىش دەرياسىنىڭ يۇقۇرقى ئېقىمىدىكى جايلاردىن چېكىنىپ
چىقىشقا مەجبۇر بولغان. لېكىن يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن خەن سۇلالىسىنىڭ

يۈەندى خانى ۋاقتىدا ھۇنلارنىڭ قۇتتۇس خانىنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرە كەم دېگەندە غەربىي خەننىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا، ئۇلارنىڭ يەنىلا شۇ جايلاردا پائالىيەت قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقۇرقىلار ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدىن خەن دەۋرىگىچە شىمالىي شىنجاڭ يايلاقلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان خەلقلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى.

## 2

يۇقۇرىدا ئېيتىلغانىدەك، ئۇيسۇنلار — ئىككى خەن دەۋرىدە شىمالىي شىنجاڭ يايلاقلىرىدا ياشىغان ئاساسىي خەلق، ئۇلارنىڭ زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ ئىدى. 60 - يىللاردىن بۇيان، ئىلى رايونىدىكى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىن ئۇلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىگە دائىر ماتېرىياللار تېپىلىشقا باشلىدى. بىز ھازىر ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىلىق بىر قەدەر چوڭقۇر تونۇش ھاسىل قىلدۇق. ئۇيسۇن مەدەنىيىتى بىلەن ساك مەدەنىيىتىنىڭ بىر رايوندا ياشىغان خەلقنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە بىر بىرىگە باغلىنىشلىق ئىككى مەدەنىيەت سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئۇلارنى ھەم ئاساسەن ئوخشاشمايدىغان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، ھەم ئۆز ئارا باغلىنىشلىق ۋە بىر بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىك ئېھتىمالىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ساكلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈشتە پايدىسى تېگەر دېگەن ئۈمىت بىلەن، بۇ يەردە ئۇيسۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ۋە بۇ جەھەتتە تېپىلغان ئاساسلىق ماتېرىياللار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

موڭغۇلكۈرە قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيسۇنلارنىڭ قەبرىلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

قەبرىلەر يۇمىلاق دۆمبىلەك بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاتار ئورۇنلاشقان، بەزىلىرى كىچىك تاغقا ئوخشايدۇ، گۆرنىڭ ئۈستىدىن گۆرنى تىندۇرغان توپا ۋە لەھەتتىن چوڭ - كىچىك تاش تېپىلمايدۇ ياكى ئاز تېپىلىدۇ. بىر قەبرە تۈركۈمى بىر نەچچىدىن ئون نەچچىگىچە قەبرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئاساسەن ئوخشاش.

گۆر تىك كولانغان، قەبرىلەر شەرق - غەرب يۆنىلىشىدە ئورۇنلاشقان بولۇپ، كۆپىنچە قەبرىلەردىن چوڭلىغى ھەر خىل ياغاچ ساندۇق چىقىدۇ. ئىككى ئۆيلۈك ياكى كۆپ ئۆيلۈك قەبرىلەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. جەسەت شەرقتىن غەربكە قارىتىپ قويۇلغان بولۇپ، بېشى غەربكە، پۇتى شەرققە قارىتىلغان، كۆپىنچىسى تۈز ياتقۇزۇلغان، لېكىن كۆپىنچىسىنىڭ ئىسكىلىتى تولۇق ئەمەس، بىر قەبرىگە ئىككىنچى

قېتىم جەسەت كۆمۈلگەن ئەھۋاللىمۇ بار. بەزى قەۋرىلەردىن ئاخىرەتلىك بۇيۇم چىقمايدۇ، بەزى جەسەتلەر كىگىز بىلەن ئورالغان، بەزىلىرى ياغاچ ساندۇقتا، يەنە بەزىلىرى لىملاردىن تىك تۆت تەرەپلىك شەكىلدە ياسالغان رامكىغا سېلىنغان.

ئاخىرەتلىك بۇيۇملارنىڭ كەمچىل بولۇشى، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە ساپال بۇيۇملار كۆپ، كۆپىنچىسى ئاددى ساپال بولۇپ، رەڭلىك ساپال چىقمايدۇ. ساپال بۇيۇملار ئىچىدە ئاددى ئېدىش، چۆگۈن، قازان، داڭقان، تاۋاق، تەخسە، شامدان قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنى شەكلى، ياسىلىشى ۋە تۈركۈملىنىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، بۇرۇنقى، ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى ئۈچ مەزگىلگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ساپال بۇيۇملاردىن باشقا، قەۋرىلەردىن يەنە مىس، تۆمۈر، ئالتۇن، ياغاچ، تاش، ئۇستىخان قاتارلىقلاردىن ياسالغان تۈرلۈك كىچىك بۇيۇملار ۋە بېزەكلەر تېپىلدى. قىسقىسى، تۇپا دۆۋىلەپ قەۋرە قىلىش، قەۋرىدە ياغاچ ساندۇق ۋە ئاددى ساپال بولۇش، بۇ رايوندىكى ئۇيسۇن قەۋرىلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئۇيسۇنلارغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن يەكۈنىمىزنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. ئۇيسۇنلار سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان، ئۇلاردا سىنىپىي بۆلۈنۈش ناھايىتى روشەن بولغان. گۆر ئۈستىگە دۆۋىلەنگەن توپىنىڭ ئاز - كۆپلىكىدە پەرقىنىڭ چوڭ بولۇشى، بەزىلىرىدە بىللە كۆمۈۋېتىلگەنلەرنىڭ بولۇشىدەك ئەھۋاللىنىڭ بولۇشى ئۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن «خەننامە» دە ئۇيسۇن ھاكىمىيىتىنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدا قالدۇرۇلغان خاتىرە ۋە «بايلىرىنىڭ ئېتى 4-5 مىڭغىچە يېتىدۇ» دېگەن مەلۇمات بىر بىرىگە ماس كېلىدۇ.

2. بىر يەردىكى قەۋرىلەرنىڭ كۆلىمى بىر بىرىگە ئوخشاش بولۇشى ئۇلارنىڭ ئېھتىمال بىر جەمەتنىڭ قەۋرىلىرى ئىكەنلىكىنى، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىدە پەرق بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، باشقا.. باشقا جايدىكى قەۋرىلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىك جەھەتتە پەرقلىنىشى، روشەنكى، ئۇلار ئارىسىدىكى تەبىقە پەرقىنى ياكى باي - كەمبەغەللىك پەرقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۇقۇرقى ئىككى خىل قەۋرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇلار ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەھلىل يۈرگۈزۈش، ئۇيسۇن جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي تۈزۈلمىسى ۋە جەمئىيەت ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ.

3. ئۇيسۇنلارنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي تارمىقى — كۆچمەن چارۋىچىلىق بولغان. ئاخىرەتلىك قىلىنغان ئىت، قوي ۋە سۆڭەككە سانجىپ قويۇلغان پىچاق «سۇ،

ئوتلاق بويلاپ چارۋىچىلىق قىلىدۇ» دېگەن مەلۇماتنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. يوغان ياغاچ ساندۇقنىڭ تېپىلىشى ئۇلاردا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، تۆمۈر چىشنىڭ تېپىلىشى ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغانلىقىغا ئېنىق ئىسپات بولالايدۇ.

4. ئۇيسۇنلار ساكلارنىڭ ماكانىدا روناق تاپقان ۋە تەرەققىي قىلغان؛ لېكىن ئۇيسۇن جەمئىيىتىدە، شۇ ۋاقىتتا بىر قىسىم ساكلارمۇ ياشىغان (چوڭ ياۋچىلار ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا قىسقا ۋاقىت تۇرغان)، شۇڭا، ئۇيسۇن مەدەنىيىتى بىلەن ساك مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىشنىڭ بولۇشى ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال. ئىككى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي پەرقىنى ۋە بىر بىرىگە باغلىنىشلىق بولۇشىدىكى بەزى ئامىللارنى قانداق تېپىپ چىقىش خېلى مۇرەككەپ مەسىلە. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيسۇن مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلىشى ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە باشقا رايونلاردىكى ساكلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىزنى مۇھىم ئاساس ۋە سېلىشتۇرما ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

5. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار، ئۇيسۇن مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا قويۇق مۇناسىۋەت بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. 3-باسقۇچقا مەنسۇپ ئېدىش، چۆيۈن، تەڭگە قاتارلىق ساپال بۇيۇملار خەنزۇ ئۇسلۇبىدىكى تېپىك ساپال بۇيۇملاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، تۆمۈر چىش، غوزەكىمان ساپال چۆگۈن، خەنجەر پىچاق قاتارلىقلارمۇ خەنزۇلارنىڭ خېشى ۋە گۇەنجۇڭ رايونىدىن تېپىلغان شۇ خىلدىكى بۇيۇملىرى بىلەن ئوخشىشىدۇ ياكى ئۇلار بىلەن ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە. دەل مۇشۇنداق كۆنسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىسى، بىرلىككە كېلىش ئامىلى ۋە بىرلىك ۋەزىيىتىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېگرا رايوننىڭ جەمئىيەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

## 3

ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ساكلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشىمىز ئۇيسۇنلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئاساسىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەدرىجى چوڭقۇرلاشتى. لېكىن ھازىر بار ماتېرىياللار ئاز بولغانلىقتىن، بەزى مەسىلىلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تېپىلغان يادىكارلىقلاردىن ھازىر ساك مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ دەپ ھېساپلاشقا بولىدىغان ئاساسلىق ئىككى تۈركۈم ماتېرىيال بار. ئۇنىڭ بىرى يېقىنقى يىللاردىن

بۇيان تېكەس ۋە كۈنەس ناھىيىلىرىدىكى قەبرىلەردىن ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىرەك ئوڭقۇلكۆرەدىكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان بىر قىسىم يادىكارلىقلار. يەنە بىرى نىلقا ناھىيىسىدىكى قەدىمقى مىس كان خارابىسى ۋە ئىلى رايونىدىن تېپىلغان مۇناسىۋەتلىك مىس قوراللاردىن ئىبارەت. (مۇشۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىمگە قاراڭ)

1982 - يىلى كۈنەس ناھىيىسى يىقىلغانتاشتا قېزىلغان قەبرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى مۇنداق: قەبرە چوڭ - كىچىكلىكى ھەر خىل تاشلار ئارىسىغا قۇم - توپا تىندۇرۇپ دۆگىلەك شەكىلدە قوپۇرۇلغان. لەھەتلەر ئادەتتە تېيىز، تىك كولانغان، بىر ئۆيلۈك قىلىپ كولانغان، بەزىلىرى تاش - سىمۋول خاراكتېرلىق قوش ئۆيلەرگە ياكى بۆلەكلەرگە ئايرىلغان. جەسەتنىڭ بېشى غەربكە، پۇتى شەرققە قارىتىلىپ تۈز ياتقۇزۇلغان. بەزى گۆرلەرگە ئىككى قېتىم جەسەت دەپنە قىلىنغان. ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئاز، ئاساسلىقى بىر قۇلاقلىق ئىدىش، رەڭلىك ساپال قازان ۋە كىچىك مىس ئەينەك، كىچىك تۆمۈر پىچاق، مىس ھالقا قاتارلىقلار چىقىدۇ.

1978 - يىلى تېكەس ناھىيىسىنىڭ 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسىدا قېزىلغان قەبرە، تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى ۋە لەھەت قۇرۇلمىسى جەھەتتىن، كۈنەس ناھىيىسى يىقىلغانتاشتىكى قەبرە بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئۈستىگە تاش دۆۋىلەپ ۋە تاش يېيىپ يۇمىلاق قىلىنغان. لەھەتلەر تاش بىلەن سىمۋول خاراكتېرلىق ئىككىگە بۆلگەندىن باشقا، قوش ئۆيلۈك ۋە ئۈچ ئۆيلۈك قەبرىلەر كۆپرەك چىقىدۇ. جەسەت ئادەتتە تۈز قويۇلغان بولۇپ، بېشى غەربكە، پۇتى شەرققە قارىتىلغان، تېپىلغان يادىكارلىقلار ئىچىدە بىر قۇلاقلىق ئىدىش ساپال قازان قاتارلىقلار ئاددى، قوپاللىراق. چوڭراق ياسالغان ساپال قازانغا يېرىم ئاي شەكىللىك سىزىقچە چىقىرىلغانلىقى، ئۇلاردىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ئۇلاردىن باشقا يەنە مىستىن ياسالغان ئېغىزدۇرۇق، مىس سىرغا، مىستىن ياسالغان چاچ قىسقۇچ، ئالتۇن سىرغا. تۆمۈر پىچاق قاتارلىقلار تېپىلدى.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىككى جايدىكى قەبرىلەر، مەيلى تاشقى كۆرۈنۈشى جەھەتتىن، ياكى لەھەت تۈزۈلمىسى جەھەتتىن ۋە ياكى ئۇلاردىن تېپىلغان ساپاللارنىڭ تۈرى ۋە ياسىلىش شەكلى جەھەتتىن بولسۇن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، بىر قەۋم (مىللەت) نىڭ مەدەنىيىتى ئىكەنلىكى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ مەدەنىيەت بىلەن بىزگە تونۇشلۇق بولغان ئۇيسۇن مەدەنىيىتى ئارىسىدا روشەن پەرق بار.

لېكىن ئۇ ئىككى جايدىكى قەبرىلەرنى كونكرېت سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، كۈنەستىكى قەبرىلەر بىلەن تېكەستىكى قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى جەھەتتە، پەرق

بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. كۆنەسىنىڭ يىقىلغانلىتاشتىكى قەۋرىلەردە بىرلا گۆر ئۆيى بار، بىر كىشىلىك قەۋرىلەردىن رەڭلىك ساپاللارلا تېپىلىدۇ، ساپاللار خېلى سىپتە، نېپىز ياسالغان، ساپاللارنىڭ تۈرى بىر خىل؛ تېكەسىنىڭ 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى قەۋرىلەرگە ئاساسەن ئەر - ئايال بىرلىكتە دەپنە قىلىنغان، ئۈچ گۆر ئۆيى بار، ئۇلاردىن رەڭسىز ئاددىي ساپاللارلا چىقتى، ئۇلار قوپال، يوغان ياسالغان بولۇپ، تۈرى كۆنەسىنىڭ يىقىلغانلىتاشتىكى قەۋرىلەردىن تېپىلغان ساپاللارنىڭكىدىن كۆپ. بۇ ئەھۋاللار كۆنەستىكى قەۋرىلەرنىڭ يىل دەۋرى بۇرۇن، تېكەستىكىنىڭ كېيىن ئىكەنلىكىنى، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ داۋامى ۋە ۋارىسى قىلىنغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تېكەسىنىڭ 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى قەۋرىلەرنىڭ بىر قەدەر تىپىك ئالاھىدىلىكى ۋە خېلى كۆپ ئوغاق شەكىللىك سىزىقچىلىرى بار ساپال قازانلارنىڭ تېپىلىشىدىن قارىغاندا، ئۇلاردىن چىققان ئاسارە - ئەتىقىلەر ئازاتلىقتىن ئىلگىرى تۇرپاندىكى گۇبېي (شىمالىي جىلغا) دىن ۋە 1980 - يىلى لوپنۇردىكى پىڭتەي قەۋرىستانلىقىدىن تېپىلغان ئاسارە - ئەتىقىلەر بىلەن ياسىلىش شەكلى جەھەتتىن تامامەن ئوخشىشىدۇ، پەرقى شۇكى، كېيىنكى ئىككى جايدىن چىققان بۇيۇملار كىچىكرەك ياسالغان، خالاس.

تۇرپاندىكى گۇبېي قەۋرىستانلىقىنى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ بېكىتىلدى، ئۇنىڭدىن تېپىلغان ئاسارە — ئەتىقىلەر بولسا سىرتتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالماقتا؛ لوپنۇردىكى پىڭتەي قەۋرىستانلىقىدىن ئۇجۇ يامغىنىڭ چىققانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ يىل دەۋرى غەربىي خەننىڭ ئوتتۇرا ياكى كېيىنكى مەزگىلىگە توغرا كېلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئىككى جايدىن تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ تۈرى بىر خىل، كىچىك ياسالغانلىقىغا ۋە ئومۇمىي ماتېرىياللار يورۇتۇپ بەرگەن مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ يىل دەۋرى تېكەسىنىڭ 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى قەۋرىلەرنىڭكىدىن كېيىن ئىكەنلىكى ئېنىق. شۇڭا بىز تېكەسىنىڭ 1 - چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى قەۋرىلەردىن چىققان ئاسارە-ئەتىقىلەرنىڭ يىل دەۋرى غەربىي خەن دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن ياكى بولمىسا غەربىي خەن دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن كېيىن ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز، تېكەستىكى قەۋرىلەر بىلەن كۆنەستىكى قەۋرىلەرنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكىگە يۇقۇرقىدەك ھۆكۈم چىقارساق، كۆنەسىنىڭ يىقىلغانلىتاشتىكى قەۋرىلەرنىڭ دەۋرى تېكەستىكىدىن بۇرۇن، يەنى غەربىي خەننىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە ياكى ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

ئومۇمەن ئالغاندا، كۈنەسنىڭ يىقىلغانتاشتىكى ۋە تېكەسنىڭ 1 - چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى قەۋرىلەردە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت بىزگە تونۇشلۇق بولغان ئۇيسۇن مەدەنىيىتىدىن پەرقلىنىدۇ؛ ئۇ ئىككىسى ئەسلىدە بىر قەۋمنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت ئىزى؛ ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىنى ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدىن غەربىي خەننىڭ دەسلەپكى ياكى ئوتتۇرا مەزگىللىكىچە سۈرۈش مۇمكىن. شۇڭا يۇقۇرقى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن كۈنەس بىلەن تېكەستىكى قەۋرىلەرنى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ساكلار مەدەنىيىتىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى مەزگىلدىكى ئىزى دېيىشنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بار دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىككى تۈركۈم قېزىلما ماتېرىياللاردىن باشقا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نىلقا ناھىيىسىدىن تېپىلغان نۇراساي قەدىمقى مىس كان خارابىسى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن يىغىۋېلىنغان بىر قىسىم مىس بۇيۇملارمۇ ساكلارنىڭ مەدەنىيەت ئىزى ۋە ئاسارە - ئەتىقىلىرى بولۇشى كېرەك (قىستۇرما رەسىمگە قاراڭ). مەن بۇ مىس كان خارابىسى ۋە تىك قۇدۇقنى تەكشۈرۈشكە ئىشتىراك قىلغانلىقىم ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

نىلقا ناھىيىسىدىكى نۇراساي قەدىمقى مىس كانى ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان تىيانشاننىڭ نۇراساي جىلغىسىغا جايلاشقان بولۇپ، قاش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا يانداش. شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بۇ ۋادىدا، مىس كانى جىلغا بويلاپ جايلاشقان. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، كان خارابىسى مەدەن قېزىش ۋە تاۋلاشتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

كان خارابىسىدىن ئون نەچچە ئورۇندا تىك قۇدۇق ئىغىزى تېپىلدى، ئىغىزىنىڭ چوڭلۇقى بەش كۆپ مېتىر ئۆپچۆرىسىدە، ئىغىزلار ئاساسەن كەتكەن بولۇپ، تاش شېغىل ۋە ئوت - چۆپلەر تەرىپىدىن كۆمۈلۈپ قالغان. كان ئىغىزىنىڭ ئەتراپىدىن كۆپ مىقداردا رودا ۋە تاش قورال تېپىلدى. بىر جايدىكى تىك كان قۇدۇقىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 20 مېتىر ئەتراپىدا، ئۇنىڭ ئىچىدە توغرا تىرەپ قويۇلغان بىر مۇنچە لىملار بولۇپ، لىملارغا ئاساسەن ئۇلارنى قاتلاملارغا بۆلۈشكە بولىدۇ، لىملارنىڭ ئىككى ئۇچى رودا قاتلىمىغا قېقىپ كىرگۈزۈلگەن. لېكىن دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىرەلگەن لىملارنىڭ كۆپىنچىسى كان قۇدۇقىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپ، كۆپ مىقداردىكى رودا، تاش قورال، لاي - قۇملار بىلەن ئارىلىشىپ كېتىش نەتىجىسىدە 4 — 5 مېتىر قېلىنلىقتىكى دۆۋە قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەن.

يەر ئۈستىگە چىقىپ قالغان ئون نەچچە تىك كان قۇدۇقىنىڭ ئەھۋا- لىدىن قارىغاندا، تىك قۇدۇقلار يەر ئاستىدا بىر-بىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان يەر ئاستى يولىنى شەكىللەندۈرۈپ، بىر قەدەر مۇكەممەل، كۆلىمى خېلى چوڭ بولغان كان خارابىسى تۈزۈلمىسىنى ھاسىل قىلغان ( قىستۇرما رەسىمگە قاراڭ ).

مېتال تاۋلاش خارابىسى ئۇراساي جىلغىسىدىكى بىر قەدەر تەكشى جايدا بولۇپ، تىك كان قۇدۇقى بىلەن ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس، ئۇ ئورۇننى كەلكۈن سۈيى ئېقىتىپ كەتكەن. يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان كەڭلىكى 1.5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر، قېلىنلىقى يېرىم مېتىر كېلىدىغان داشقال قاتلىمىدىن ساپال پارچىلىرى، رودا، داشقال، ھايۋان سۆڭەكلىرى ۋە بىرىنچى قېتىم ئېرىتىپ چىقىلغان يۇمۇلاق مىس تېپىلدى. يۇمۇلاق مىسنى نۇر ئارقىلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭدىكى مىس تەركىبىنىڭ 60 % ئەتراپىغا يەتكەنلىكى ئېنىقلاندى، بۇ ئەھۋال ئۇ جاينىڭ مىس تەركىبى ناھايىتى مول كان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. كۆپ تۆشۈكلۈك، قارا داشقاللارنى تەكشۈرۈشكە، تاۋلانغان مىسنىڭ تۆشۈكچىلىرىدە ياغاچ كۆمۈر قالدۇقلىرى ۋە تالالىرىنىڭ ئىزلىرىنىڭ قېپقالغانلىقى، ئەينى چاغدا مېتال تاۋلاشتا ياغاچ كۆمۈر يېقىلغۇ قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ( يۇمۇلاق مىسنىڭ رەسىمگە قاراڭ ).

تىك قۇدۇقنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن زور مىقداردا تاش قورال تېپىلدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇمۇلاق ياكى سوقىچاق تۈۋرۈكسىمان ۋە بىگىزسىمان تاش قورال بولۇپ، قوپال ياسالغان، تاش قوراللارنىڭ تۇم تەرىپىگە شوينا باغلاش ياكى ساپ بېكىتىشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن كىرىست شەكلىدە نوكەش ئويۇلغان. تاش قوراللارنىڭ ئالاھىدىلىكى خۇبېي ئۆلكىسى تۇڭلۈي تېغىدىكى شەرقىي جۇ دەۋرىگە ئائىت قەدىمقى مىس كانىدىن تېپىلغان تاش قوراللارغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. تىك قۇدۇق ئىچىدىكى ياغاچنى كاربون 14 ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، ئىككى قېتىملىق سانلىق مەلۇمات يىل دەۋرىنىڭ بۈگۈندىن تەخمىنەن 2500 يىل ئىلگىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. بۇ ۋاقىت دەل ساكلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ، شۇڭا يۇقۇرقى تەھلىللەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ قەدىمقى مىس كان خارابىسىنىڭ ساكلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

نىلقىدىكى ئۇراساي قەدىمقى مىس كان خارابىسىنىڭ تېپىلىشى شىنجاڭ ئارخېئو- لوگىيىسىدە قولغا كەلگەن زور نەتىجە، ئۇ چۇنچيۇ، ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرلىرىدە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان ساكلارنىڭ كان چىقىرىش ۋە مېتاللىچىلىق تېخنىكىسىنى

ئىگەللىگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كانلارنى ئېچىش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش جەھەتتىمۇ بەلگىلىك سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالنى ۋە شىنجاڭنىڭ مېتاللىچىلىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا بىر تۈركۈم ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى موڭغۇلكۈرە، تېكەس، توققۇزتارا، نىلقا، كۈنەس ۋە چاپچال قاتارلىق ناھىيىلەردىن نۇراساي قەدىمقى مىس كان خارابىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قىسىم چوڭ ـ چوڭ تىپتىكى مىس بۇيۇملار، جۈملىدىن مىستىن ياسالغان لەشكەر، ئۈچ پۇتلۇق مىس داڭقان، تۆت پۇتى ھايۋان پۇتى شەكلىدە ياسالغان چاسا تاۋاق، كاناي شەكىللىك مىس كورا، ئىگىز مىس داڭقان، مىس قاچا، ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس بېزەك قاتارلىق يادى-كارلىقلاردىن 20 نەچچىسى تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ياسىلىش ئالاھىدىلىكىنى مۇناسىۋەتلىك باشقا رايونلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلارغا سېلىشتۇرۇشقا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىد-دىكى ئاز بىر قىسمى، مەسىلەن، ئىگىز مىس داڭقان بىلەن ئىچكى موڭغۇلدىكى كۆكخوت شەھىرىنىڭ مېبىيۈ كەنتىدىن تېپىلغان شىمالىي ۋېي دەۋرىگە مەنسۇپ شۇ-خىلدىكى يادىكارلىقلار پۈتۈنلەي ئوخشىشىدۇ⑦. لېكىن يىل دەۋرى كېيىنرەك بولغاچقا، سىيانپېيلارنىڭ يادىكارلىقى بولۇشقا تېگىشلىك. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ۋە «ۋېينامە» لەردە، سىيانپېيلارنىڭ تەسىر كۈچى شىنجاڭغا كېڭەيگەنلىكى ۋە شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ ئەلچىلىرى كەلگەنلىكىگە دائىر ئەھۋاللار كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ، مانا بۇ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان يادىكارلىقلارنىڭ تېپىلىشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن كۆپ قىسىم يادىكارلىقلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ يىل دەۋرى خېلى ئىلگىرى بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ 1983 ـ يىلى كۈنەستىكى 71 ـ تۈەن قۇرۇلۇش قىلىش داۋامىدا تېپىۋالغان ئالتە مىس بۇيۇم، جۈملىدىن ئۇلار ئىچىدىكى كاناي شەكىللىك مىس كورا، ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس بېزەك قاتارلىقلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىنمۇ تېپىلغان بولۇپ، ساكلار مەدەنىيە-تىنىڭ يادىكارلىقى دەپ قارالماقتا. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مىستىن ياسالغان لەشكەر قەددى ـ قامەتلىك، بېشىغا ئۈچى ئىلمەك ئىگىز قالپاق كەيگەن، ئىككى قولى بىلەن شەشەر تۇتۇپ تۇرغانىدەك كۆرۈنىدۇ، بۇيۇم يوقىلىپ كەتكەن، بىر تىزىنى يەرگە قويۇپ زوڭزىيىپ ئولتارغان ھەيكەلنىڭ ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگىرام، ئېگىزلىكى 40 سانتىمېتىر، ئاسان تېپىلمايدىغان بۇ قىممەتلىك مىس بۇيۇم ئەينى چاغدىكى ساكلارنىڭ رەڭگى ـ روھى ۋە كىيىم ـ كېچەك ئالاھىدىلىكىنى بىلىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە

ئىكەن. باشقا يادىكارلىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىمۇ روشەن. (قىستۇرما رەسىمگە قاراڭ)

نىلقىدىكى نۇرا ساي قەدىمقى مىس كانخارابىسىنىڭ نامايەن بولۇشى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن خېلى كۆپ مىس بۇيۇملارنىڭ تېپىلىشى، بىزنى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىلدىن ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاساسەن ساكلار پائالىيەت قىلغان بۇ مەزگىل، مىس قورال مەدەنىيىتى خېلى يۈكسەك تەرەققىي تاپقان مەزگىل بولغان دېگەن تونۇشقا كەلتۈرىدۇ. بۇ مەزگىلدىن كېيىن، تۆمۈر قوراللارمۇ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان، لېكىن تۆمۈر قوراللار ئاساسەن غەربىي خەن دەۋرىدىن كېيىن ئومۇملاشقان. بۇ تەھلىل، ھازىرچە مەلۇمكەت بويىچە تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئاساسەن توغرا.

ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ساكلار مەدەنىيىتىگە ئائىت يادىكارلىقلاردىن باشقا، يەنە بىر جايدىكى ماتېرىياللارمۇ ئىزدىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. بۇ ھەقتە، مۇناسىۋەتلىك ماقالىلاردا بەزى پايدىلىق مۇھاكىمىلەر يۈرگۈزۈلدى. بۇ يەردە مەنمۇ ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ماتېرىياللارنى تولۇقلاش مەقسىتىدە ئۇ ھەقتە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

1976 — 1977 - يىللىرى تاشقورغاندىكى شاڭباۋباۋ قەبرىستانلىقىدا 40 قەدىمقى قەبرە قېزىلدى. قەبرىلەر تاش بىلەن دۈۋىلەنگەن ياكى ئۈستىگە تاش ياتقۇزۇلغان، قەبرىلەردە جەسەت كۆلى دەپنە قىلىنغان ياكى جەسەت دەپنە قىلىنغان ئىككى خىل ئەھۋال چېلىقىدۇ، ئۇلاردىن 19 قەبرىگە جەسەت كۆلى، 21 قەبرىگە جەسەتنىڭ ئۆزى دەپنە قىلىنغان، جەسەت كۆلى دەپنە قىلىنغان قەبرىلەردىن ئاساسەن يادىكارلىق تېپىلمىدى. جەسەت دەپنە قىلىنغان قەبرىلەردىن ساپال ۋە مىس، تۆمۈر، ياغاچ بۇيۇملار تېپىلدى. ساپاللارنىڭ تۈرلىرىدىن داڭقان، ئىدىش، ئاياق، قاچا قاتارلىقلار بولۇپ، ھەممىسى ئاددىي ساپاللاردۇر. بۇ قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلاردا، ئۇلارنى چۇنچيۇ، ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىگە مەنسۇپ، بۇ قەبرىلەر چاڭلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ساكلارنىڭ بولۇش ئېھتىماللىقىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ دەپ قارالدى ⑧. بىزنىڭچە، بۇ مەسىلىنى قەبرىلەردىكى دەپنە قىلىش تۈزۈمى، دەپنە قىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە ساپال بولماسلىقتەك ئەھۋاللارغا قاراپ جەسەت كۆلى دەپنە قىلىنغان ۋە جەسەت دەپنە قىلىنغان ئىككى خىل تۈردىكى قەبرىلەرنى ئېنىق پەرقلەندۈرگەن ھالدا ئايرىم - ئايرىم تەتقىق قىلىش كېرەك، بىر تۈردىكىسىنى ئايرىپ قويۇش پايدىسىز. قېزىۋېلىنغان 23 دانە ساپال بۇيۇم جەسەت دەپنە قىلىنغان قەبرىلەرنى

تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز بۇ ساپال بۇيۇملار ئومۇمەن ئالغاندا ياسىلىش ئۇسلۇبى، رەڭگى، تۈرى ۋە بەزىلىرىنىڭ كونكرېت شەكلى جەھەتتىن، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدىن خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگىچە بولغان مەزگىلگە ئائىت قەۋرىلەردىن بولۇپمۇ تېكەس 1-چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى قەدىمكى قەۋرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مەلۇم جەھەتلەردە ئورتاق شەكىل ئالاھىدىلىكىگە ئىگە دەپ ھېساپلايمىز. قەۋرىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەزى تەرەپلەر بار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ رايونغا ئائىت ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ رايوندىكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ساكلار مەدەنىيىتىنىڭ يادىكارلىقى دېگەن قارىشىدا مەسىلە يوق. شۇنداقتىمۇ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ساكلارنىڭ قەۋرىلىرىنىڭ يىل دەۋرى ئاساسەن ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىلىدىن خەن دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە بولغان ۋاقىتقا، تاشقورغاندىكى قەۋرىلەر بولسا كاربون 14 ئارقىلىق تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا ئۇلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلاردا يىل دەۋرى ۋە رايون پەرقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشىماسلىقلارنىڭ بولۇشىنى نورمال ئەھۋال دەپ قاراشقا بولىدۇ. «خەننامە» دە، غەربىي خەن دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولغان ساكلارنىڭ جەنۇپقا كۆچۈپ پامىر رايونىغا بارغانلىقى، يەنە جۆەندۇ، ئېركەشتامىلىقلارنىڭ ساك قەۋمى ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرۇلغان. شۇڭا، بۇ ئەھۋاللار دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

جەسەت كۆلى دەپنە قىلىنغان قەۋرىلەرگە كەلسەك، ساپال بۇيۇم تېپىلمىغاچقا، ھازىرچە كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، چاغلارنىڭ يادىكارلىقى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمىز. بۇ خىل قەۋرىلەر بىلەن جەسەت كۆلى دەپنە قىلىنغان قەۋرىلەر ئوتتۇرىسىدا قايسى قەۋمنىڭ قەۋرىسى دېگەن پەرقتىن باشقا، يەنە يىل دەۋرى جەھەتتىمۇ پەرق بولۇشى مۇمكىن.

ئىزاھلار:

① «پامىر رايونىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ تارىخىدىن تەرمىلەر»، «سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر ماقالىلار توپلىمى»، 386 - بەت.

(داۋامى 79 - بەتتە)

# ئۇيغۇر خەلق پەلسەپىسى ۋە مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىسى

دۇشاۋيۈەن

## 1

ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق تارىخى تەرەققىياتى جەريانىدا، ھەر بىر مىللەت جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەكنىڭ ئىشتە تەقسىماتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، مەلۇم سەۋىيىدىكى يېزىق — مەدەنىيەتكە ئىگە بولغانلا بولسا، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتىدە، چوقۇم تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە تونۇشقا ئىگە بولغان بولىدۇ ھەمدە بۇ ئىككى جەھەتتىكى تونۇشىنى مەلۇم دەرىجىدە يىغىنچاقلاپ ۋە يەكۈنلەپ، ئۆز مىللىتىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ تىرىشچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ، ئاۋۇپ ۋە تىرىكچىلىك قىلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مول مەدەنىيىتىنى ياراتتى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز-نىڭ ئۇزاق پارلاق مەدەنىيەت تارىخىغا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز پەلسەپە ئىدىيىسى خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ماركسىزم «پەلسەپە — زامان روھىنىڭ جەۋھىرى، ھامان ئۆز دەۋرىنىڭ، ئۆز خەلقىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. خەلقنىڭ ئەڭ نەپىس، ئەڭ قىممەتلىك ۋە كۆرگىلى بولمايدىغان مېغىزى پەلسەپە ئىدىيىسىگە مەركەزلەشكەن بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. («ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 121 - بەت) بۇنىڭدىن پەلسەپىنىڭ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى مۇۋەپپەقىيىتى، شۇ مىللەتنىڭ مەنتىقىي تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى تەرەققىياتى، شۇ مىللەتنىڭ دەۋر روھىنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى زامان ئىدىيىۋى تارىخىدا مەخسۇس پەلسەپىۋى ئەسەرلەر كۆپ يېزىلمىغان بولسىمۇ، باشقا كۆپلىگەن ئەسەرلىرىگە قىممەتلىك پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر سىڭگەن ياكى ئۇلاردا پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنىڭ نۇرلىرى چاقنىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق توغرىسىدىكى قاراشلىرى ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەرنى تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىشكە، بىلىم ئېلىشقا، كېيىمدە تۇرۇشقا، سەممىي، ئادىل، كەمتەر - ئېھتىياتچان بولۇشقا رىغبەت-

لەندۈرۈش، ئاچكۆزلۈك، بېخىللىق، پو ئېتىپ يالغان گەپ قىلىشنى، مەغرۇرلىنىپ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشنى، راھەتنى ياخشى كۆرۈپ ئەمگەكنى يامان كۆرۈشنى ئەيىبلەش، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، بالىلارنى ئاسراش، كۆپ دوست تۇتۇشنى، مەرتلىك بىلەن باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى مەدھىيىلەش، كەڭ قوساق بولۇش، گەپ - سۆزنى چاغلاپ قىلىش ۋە مۇلايىم - ئەدەپلىك بولۇشنى تەرغىب قىلىش ۋاھاكازالار. ئەخلاق توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا توپلىغان ئېسىل ئەخلاقى، ئادەم بولۇش ۋە جاھاندارچىلىق قىلىشنىڭ ئۆلچىمى. شۇنداقلا مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىممەتلىك تارىخىي مىراسلاردۇر. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ئەدەپ - ئەخلاق بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، مول پەلسەپىۋى قائىدىلەرگە ئىگە تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆز، قوشاق ۋە رىۋايەتلەردىمۇ كۆپلەپ ئەكس ئېتىدۇ. بۇنى 11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدىبى ئەخمەت يازغان كىلاسسىك داستان «ھەقىقەت ئىشىكى» دىن، شۇ ئەسىردە ياشىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر داستانى «قۇتادغۇبىلىك» تىن، شۇنداقلا كېيىنكى بەزى ئەسەرلەردىن، بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە ئەسىردە ھەججىۋى يۇمۇرلار بىلەن داڭقى چىققان، كىشىلەر ياقتۇرىدىغان ئەپەندىنىڭ ھېكايىلىرىدىن كۆرۈش مۇمكىن.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ناھايىتى مول، ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش مەن ئۈچۈن تۇنجى قېتىم. تېخىمۇ ياخشى پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن، تۆۋەندە ئۆزەمنىڭ يۈزەكى كۆز قاراشلىرىمنى بايان قىلماقچىمەن. مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرى بولسا، تەنقىد قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

---

②④⑤ «ئۇيسۇن تەتقىقاتى» دېگەن كىتابقا قاراڭ.

③ «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» (2 - قىسىم).

⑥ خۇاڭ ۋېنبى: «قوچودىن تېپىلغان ساپاللارنىڭ رەسىملىك توپلىمى».

⑦ «ئاسارە - ئەتىقە، ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ 30 يىللىقى»، 76 - بەت.

⑧ چېن گې: «پامىر ئېگىزلىكىدىكى قەدىمقى قەبرە»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1981 - يىل 2 - سان.

ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى

## 2

ئىنسانىيەت تەبىئەت دۇنياسىدا ياشايدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىمۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئەلمىساقتىن تارتىپ، ئۇلار مۇرەككەپ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئۈزلۈكسىز كۆزىتىپ، ئۇلار ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، مول تەبىئەت بىلىملىرىنى توپلىدى، تەبىئەت دۇنياسىنى پەيدىن - پەي تونۇدى. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قۇرۇلمىدىكى تۈرلۈك ماددا شەكىللىرىنىڭ ئورگانىك ھالدا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكىنى پەيدىن - پەي تونۇپ يەتتى. بۇ كىشىلەر ئۇزاق مۇددەت كۆزىتىپ ۋە ئىزدىنىپ يىغىندىن تونۇپ يەتكەن ماددىي دۇنيا ۋە ئوبيېكتىپ چىنلىق. لېنىن ئېيتقاندەك: «ماددىنىڭ بىردىن - بىر «ئالاھىدىلىكى» ئوبيېكتىپ چىنلىقتا، ئۇ بىزنىڭ ئېڭىمىزنىڭ سىرتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.» («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى 2 - توم، 266 - بەت) كىشىلەر ماددىي دۇنيا ۋە ئوبيېكتىپ چىنلىق توغرىسىدا بىر قەدەر توغرا تونۇشقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ساددا تەبىئەت كۆز قارىشىنى پەيدىن - پەي شەكىللەندۈردى. قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئەنە شۇنداق قىلغان. قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ «4 زات» ۋە «4 خۇسۇسىيەت» ىمۇ شۇنداق ۋۇجۇتقا كەلگەن.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلغار پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى بولۇپ ھېساپلىنىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىلىرىمۇ ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، كونكىرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ۋە پانتېزىم كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

قەدىمقى زاماندا، ئۇيغۇر پەلسەپىسىدە ئىككى خىل دۇنيا قاراشنىڭ كۈرىشى بولغان ئىدى. قۇلدارلار، بەگلەر ۋە پومېشچىكلار ئۆزلىرىنىڭ قۇللارنى ۋە دېھقانلارنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ۋە ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى ئاللانىڭ ھۆكمى، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ دەۋالغان. لېكىن ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ۋەكىللىرى بولسا بۇ دىنىي خۇراپىي سۆزلەرگە قارشى تۇرۇپ، دۇنيانى تۇپراق، سۇ، ئوت ۋە يەلنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەن دىگەن ساددا ماددا ئىكۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تەبىئەتنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىدىكى ساددا تەبىئەت كۆز قارىشىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار مۇنداق يازغان: «ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل، ئۈچى بولدى ئوت، ئۈچى بولدى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇت» («قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇرچە نەشرى 69 - بەتكە قاراڭ).

تەخمىنەن 1944 — 1945 - يىللىرىدا، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «يېڭى ھايات» ئايلىق ژورنىلىدىكى بىر ماقالىدا قەدىمقى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىسى سۆزلەنگەن. ماقالىدا مۇنداق دېيىلگەن: قەدىمقى زاماندىكى ئۇيغۇرلار دۇنيا تۇپراق، سۇ، ئوت ۋە ھاۋادىن ئىبارەت «4 زات» تىن تەركىپ تاپقان، دۇنيادىكى ھەممە شەيئىلەر ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ دەپ قارىغان. ئۇ ھەممە شەيئىلەرنىڭ ياشاش ۋە راۋاجلىنىشىنىڭ ئاساسى، «4 زات» بولمىسا ھەممە نەرسىلەر بولمايدۇ، بىر زات كەم بولسىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، بىرىنچى، «تۇپراق» نى ئالساق، «تۇپراق» بولمىسا، ئۆسۈملۈكلەر نەدە بولىدۇ. ھايۋاناتلار نەدە بولىدۇ، ئادەم نەدە بولىدۇ، ئۇلار نەدە تىرىكچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ؟ «تۇپراق» يەر دېمەكتۇر. ئۇ ھەممە شەيئىلەر ياشايدىغان ۋە كۆپىيىدىغان ماكان. ئىككىنچى، «سۇ» نى ئالساق، سۇ بولمىسا، ئۆسۈملۈكلەر بولمايدۇ، ھايۋاناتلار بولمايدۇ. يېمەك ئىچمەك بولمايدۇ، ھاياتلىق بولىدۇ. ئۈچىنچى، «ئوت» نى ئالساق، «ئوت» — قۇياش ۋە ئىسسىقلىق دېمەكتۇر. قۇياش ۋە ئىسسىقلىق بولمىسا، ھېچقانداق نەرسە ئۆسەلمەيدۇ ۋە ھايات تۇرالمايدۇ. تۆتىنچى، «ھاۋا» نى ئالايلى، ھەر قانداق نەرسىگە «ھاۋا» لازىم بولىدۇ، ھاۋا بولمىسا، دۇنيا تۇنجۇقۇپ كېتىدۇ. «4 زات» زەنجىرگە ئوخشاش گىرەلىشىپ بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان ۋە بېقىنغان بولىدۇ. بىرى كەم بولسا بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «4 زات» تىمۇ ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش «4 خۇسۇسىيەت» يەنى: سوغاق، ئىسسىق، ھۆل ۋە قۇرغاق دەپ ئاتىلىدۇ. «4 زات» ئاساسلىق بولۇپ، «4 خۇسۇسىيەت» «4 زات» نىڭ تاشقى ئىپادىسى بولىدۇ. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان بۇ «ماددا» لارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئارا باغلىنىشلىق نەرسىلەر بولۇپ، توختىماي تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ فارابى ماددىنىڭ سۇبستانتسىيىسىنى بايان قىلغاندىمۇ تۇپراق، سۇ، ئوت ۋە ھاۋادىن ئىبارەت 4 زاتنىڭ ئاساسلىق، تۈپ ماددى مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى؛ قۇرۇق، ھۆل، سوغاق ۋە ئىسسىقلىقنىڭ 4 زاتنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. فارابى 4 زاتنى ۋە ئۇلارنىڭ 4 خىل تۈپ خۇسۇسىيىتىنى رۇبائىدىن تەركىپ تاپقان ئالەم دەپ ئاتىغان. فارابى 4 زات ۋە 4 خۇسۇسىيەت مۇرەككەپ بىرىكمىلەر بولۇپ شەكىللىنىپ، دۇنيادىكى تۈرلۈك جىسىم ۋە ھادىسىلەرنى تەشكىل قىلغان، ئاسمان جىسىملىرىدىن ئادەمگىچە بولغان شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن تەركىپ تاپقان دەپ بايان قىلغان

( ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىننىڭ « فارابى پەلسەپىسى سىستېمىسى » دېگەن كىتابىنىڭ 61-بېتىدىن نەقىل كەلتۈرۈلدى ).

بۇ يەردە ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى زامان ساددا ماددا كۆز قارىشىدىن ئىبارەت. بۇلار ئالەمنىڭ ماددىدىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ساددا ماتېرىيالىستلار: دۇنيا « 4 زات » تىن تەركىب تاپقان، 4 زات بولمىسا، ئىنسانىيەت ياشىيالمايدۇ، جەمئىيەت تەرەققىي قىلالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. تەقدىرچىلىك كۆز قارىشىدىكىلەر، ھەممە نەرسىنى تەقدىر بەلگىلەيدۇ، ئادەم دۇنياغا كېلىش بىلەنلا، ئۇنىڭ تەلىيى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولىدۇ، تەقدىرگە تەن بېرىش كېرەك، تەبىئەت ۋە ئالەمدىكى بارلىق نەرسىلەر ئاسمان ھادىسىسى، ياراتقۇچى خۇدانىڭ قۇدرىتى، ئادەم شۈكرى قىلىشى، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرغۇنلىغان ماقال - تەمسىللىرىدە ساددا ماتېرىيالىزىم تەشۋىق قىلىنىپ، تەقدىرچىلىك تەنقىت قىلىنغان. ئىشنى تەقدىرگە باغلىماي، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاش تەشەببۇس قىلىنغان. « ئىشلىمەك چىشلىمەيسەن، ئىشلىمەك چىشلىمەيسەن » دېگەن تەمسىلدە، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش كېرەك دېگەن يوشۇرۇن مەنە، « كۆككە باقما، كۆپكە باق » دېگەن تەمسىلدە « ئادەم چوقۇم تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ » دېگەن ئىدىيە تەرغىب قىلىنغان. كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە تەن بەرمەي، تەبىئەتنىڭ خوجايىنى بولۇشى، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ماقال- تەمسىللەردە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: « جاپا چەكمىسەڭ، ھالاۋەت يوق »، « نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن » « بەخت كېلىدۇ نەدىن، پېشانەڭدىكى تەردىن »، « گەپ ئادەمگە باغلىق »، « ھوسۇلۇڭ ئاز بولسا ھاۋادىن كۆرمە »، « گەپ يەردە ئەمەس، ئەردە » « ئادەمنىڭ قولى گۈل » « تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولار ». ساددا ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىۋى دالىللار بۇ ماقال - تەمسىللەردە نېمە دېگەن ياخشى سۆزلەنگەن. بۇلارنىڭ ئومۇمى مەنىسى كۆككە باقماي ئۆزىگە بېقىش، تىرىشىپ ئىشلەپ، باياشات ياشاش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغانغا ئوخشاش ماقال - تەمسىللەر ئەمگەكچى خەلقنىڭ « تەقدىرچىلىك » نىڭ ئاسارەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈشىگە ئىلھام بەرگەن.

## 3

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسى — تەقدىرچىلىك. ئۇ ئادەمنىڭ باي ۋە ئېزىز بولۇشى، ياشاش ۋە ئۆلۈشى، ئىشىنىڭ روناق تېپىش - تاپماسلىقى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ياكى «ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن بولغان» دەپ قاراپ، تەقدىرگە تەن بېرىش، شۈكرى قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ساددا ماتېرىيالىزىملىق كۆز قاراشنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى — تەبىئەت توغرىسىدىكى دىيالېكتىكىلىق كۆز قاراش بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ باي ۋە ئېزىز بولۇشى، ياشاش ۋە ئۆلۈشى، ئىشىنىڭ روناق تېپىش - تاپماسلىقى ئادەمنىڭ پېشانىسىغا پۈتۈلگەن بولماستىن، بەلكى ئىش «ئادەمگە باغلىق» بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تەقدىرچىلىككە قارشى تۇرىدىغان مۇنداق قوشاقلار بار:

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
يا ئاقمايدۇ، تاشمايدۇ؛
ئۆلۈم ھەر كىمگە كېلىدۇ،
ياش - قېرىغا باقمايدۇ.

سايرام كۆلى شىنجاڭنىڭ ئېلى رايونىدىكى مەنزىرىسى گۈزەل تاغ جىلغىسىدا بولۇپ، ھەر يىلى باھاردا قاردىن ئېرىگەن تاغ سۇلىرى كۆلگە قۇيۇلىدۇ. ئىسسىق تومۇز كۈنلىرىدە كۆلدىكى سۇنىڭ بىر قىسمى پارغا ئايلىنىپ كۆل سۈيى ئازلاپ كېتىدۇ. ئەتىيازلىقى ئېقىپ كىرىپ، يازلىقى ھورغا ئايلىنىپ كېتىپ، كۆلنىڭ ئاقمىنىنى ياكى تاشقىنىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ خۇدانىڭ قۇدرىتى ئەمەس، بەلكى تەبىئەت ھادىسىسى. ئادەمنىڭ ياشاش ۋە ئۆلۈشىمۇ ئوخشاش. ئۆلۈم ھەممە كىشىگە كېلىدۇ. ئۇ ياش - قېرىغا باقمايدۇ. پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئەمەس، خۇدانىڭ قۇدرىتىمۇ ئەمەس، ئۇ سايرام كۆلىگە ئوخشاش بىر خىل تەبىئەت ھادىسىسى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە كەڭ تارقالغان قوشاق بولۇپ، كىشىلەرگە تەقدىرچىلىككە ئىشەنمەسلىكنى، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇنداق ساددا تەبىئەت دىيالېكتىكىلىق كۆز قاراش دىنىي خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش ۋە ئىدىيىنى ئازات قىلىشتا خېلى ئەملىي رول ئوينىغان ئىدى.

ماددىنىڭ ئۆزىدىكى ئۆزگىرىش تەرەققىياتىنىڭ تۈپ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ: دۇنيادىكى ھەممە شەيئىلەر ۋە كائىنات ھەركەت قىلىپ تۇرغان بىر پۈتۈن گەۋدىدىن ئىبارەت، ئۇلار پەيدا بولۇش، تەرەققى قىلىش ۋە يوقىلىشتىن ئىبارەت قانۇنىيەت بويىچە توختىماي ھەركەت قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ھەركەت كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمايدۇ، دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. مەسىلەن: «تولۇن ئاينىڭ كەمتۈك بولۇشى» («قۇتادغۇبىلىك»، خەنزۇچە نەشرى، 98 - بەتكە قاراڭ).

شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، «ئاستا - ئاستا ئۆتكەن ئۇزۇن كېچىدىن كېيىن، قۇياش چىقىپ جاھاننى يورۇتىدۇ» (خەنزۇچە نەشرى، 211 - بەت)، بۇلار ئۆزگەرمەيدىغان شەيئىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ساددا دىيالېكتىك كۆز قارىشى يەنە شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى زىددىيەتلىك ئىككى تەرەپتىن تەركىب تاپىدۇ. زىددىيەت تەرەپلىرى مۇئەييەن شارائىتتا بىر بىرىگە ئۆزگىرىدۇ دەپ ھىساپلايدۇ. پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ مەسىلىگە شۇنداق قارىغان. مەسىلەن، ھايات بىلەن ئۆلۈش، ئىچى بىلەن سىرتى، ئۈستى بىلەن ئاستى، بېرىش بىلەن كېلىش، ئېلىش بىلەن بېرىش، دېمەك ئالماقنىڭ بەرمىگى بار. پايدا ئېلىش بولىدىكەن، زىيان تار- تىشمۇ بولىدۇ. ئامەت بار يەردە ئاپەت بار بولىدۇ. ياخشىلىق بولىدىكەن يامانلىق بولىدۇ. توغرا بار يەردە خاتامۇ بولىدۇ. بىلىم بار يەردە بىلىمسىزلىكمۇ بولىدۇ. بۇلاردىن ئۇنداق بولمايدىغىنى يوق.

«ھاياتلىق ۋە ئۆلۈش» دىگەننى مىسال ئالساق، ئادەم تۇغۇلمىسا ئۆلۈشمۇ بولمايدۇ. تۇغۇلۇش بولىدىكەن ئۆلۈشمۇ بولىدۇ. ئۇ — تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى، شۇنداق- لا تەبىئەت دىيالېكتىكىسى كۆز قارىشى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماقال - تەمسىللىرىدە بۇنداق ئىدىيە چاقناپ تۇرىدۇ. بىر تەمسىلدە «دۇنيادا ئىككى ئۆلۈم يوق، بىردىن قۇتۇلغان ھېچكىم يوق» دىيىلگەن. دېمەك ئادەم ھامان ئۆلىدۇ. ئۆلۈمدىن ھېچكىممۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، چۈنكى ئادەمدە تۇغۇلغان كۈنىدىن باشلاپلا ئۆلۈش ئامىللىرى پەيدا بولىدۇ. ھاياتلىق ھادىسىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆلۈش مۇقەررەر بولىدۇ. ئۆزىنى كۈتۈشى ۋە دوختۇرنىڭ داۋالىشى پەقەت ئۆمرىنى ئۇزارتىشقىلا پايدىلىق، ئۆلۈشنى توسالمايدۇ. بۇ — تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى. لېكىن ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆلۈش ئەھۋالى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. ياكى ئەجەل تۇپەيلىدىن ياكى باشقا سەۋەپلەر تۇپەيلىدىن ئۆلۈشى مۇمكىن، ۋاھاكازالار. پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ: «ھاياتلىق بولىدىكەن مۇقەررەر ھالدا ئۆلۈشمۇ بولىدۇ، مەيلى پادىشا بولسۇن ياكى

قىزىل بولسۇن، سۆيۈملۈك جان ھامان كېتىدۇ.» (خەنزۇچە نەشرى، 271 - بەت) «ئادەم ئۆلسە قايتا تىرىلمەيدۇ. بۇ ساڭا ھەممىگە ئوخشاش بولىدۇ» (خەنزۇچە نەشرى، 272 - بەت) دەپ قارىغان. يەنە: «ياشلىقنى تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ. ھاياتىڭمۇ چېكى بولىدۇ. ئاخىرقى ھېساپتا سەن ئۆزەڭمۇ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىسەن» دېگەن. چۈنكى ئادەم ماقال - تەمسىللەردە ئېيتىلغىنىدەك، «قېرىلىق بىلەن ئۆلمەس، ياشلىق بىلەن قالماس». ئادەم قېرىپ ۋاقتى يەتكەندە چوقۇم ئۆلىدۇ. بۇ مۇقەررەرلىك. ئادەمنىڭ ياشانغاندا تۇساتتىن ئۆلۈشى ياكى ياشلارنىڭ بالدۇر ئۆلۈشى بولسا تاسادىپىلىق. بۇ — شەيئىلەر تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەرلىك بىلەن تاسادىپىلىقنىڭ بىرلىكى.

ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىدا: «زىددىيەت — شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ياكى بىر شەيئى بىلەن باشقا شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ - قارشىلىقنىڭ بىرلىك مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پەلسەپە كاتېگورىيىسىدىن ئىبارەت، زىددىيەت — قارىمۇ - قارشى تەرەپلەرنىڭ بىرلىكى دېمەكتۇر» دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، شەيئىلەر جەريانىنىڭ ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىككى تەرەپ بىر بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ ۋە بىر بىرىنى چەتكە قاقىدۇ. بۇ بىر بىرىنى چەتكە قاقىدىغان ئىككى تەرەپنىڭ باغلىنىشى، قارىمۇ - قارشىلىقنىڭ بىرلىكى دېگەنلىك بولىدۇ.

«توغرىلىق بىلەن خاتالىق» مەسىلىسىدە، ئۇيغۇر خەلقىدە: بىرى، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتا كەمچىلىك - خاتالىق بولمايدۇ. يەنە بىرى، ئۆلگەن ئادەمدە كەمچىلىك - خاتالىق بولمايدۇ، ئادەم ھايات بولىدىكەن، كەمچىلىك - خاتالىق سادىر قىلماي قالمايدۇ، دېگەن سۆز بار. بۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ ھەممىسىلا دۇرۇس، ئىزچىل توغرا بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ «توغرىلىق بىلەن خاتالىق» مەسىلىسىگە ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكا بويىچە قارىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلۇغ پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ «توغرىلىق بىلەن خاتالىق» مەسىلىسىگە مېتافىزىكىلىق ھالدا قاراشقا قارشى تۇرۇپ، ئالدىغا قاراشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئادەمزاتنىڭ نامى ئۇنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىدە، ئادەملا بولغان ئىكەن، خاتالىق سادىر قىلىدۇ. جاھاندا خاتالىقسىز ئادەم بولمايدۇ. خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەر كۆرمىڭ .» (خەنزۇچە نەشرى، 30 - 31 - بەتلەر) «ئاپەت بىلەن ئامەت» مۇتلەق بولمايدۇ، بەلكى نىسبىي بولىدۇ. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئەگەر بەختى مەڭگۈ كەتمەيدىغان نەرسە بولغان بولسا، كۆن ئۆتۈپ تۈنمۇ كەلمىگەن بولاتتى.» دېگەن (خەنزۇچە نەشرى، 67 - بەت).

«قىزىم يىغلىسا تاغ بولار»، «ئەل يىغلىسا باغ بولار»، «كۆپ تۈكۈرسە كۆل بولار» دېگەن تەمسىللەر سانىنىڭ سۈپەتكە ئۆزگىرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى ئالدى بىلەن سان ئۆزگىرىشىدىن باشلىنىدۇ. بۇنى شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت تەرەپلىرىنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى بەلگىلەيدۇ، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىدا دەسلەپكى باسقۇچتا، ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان تەرەپ كۈچلۈك بولىدۇ، يەككە - يېگانە تەرەپنىڭ كۈچى بولسا ئاجىز بولىدۇ. سان ئۆزگىرىشىنىڭ نەتىجىسى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان تەرەپنى ئاجىزلىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شەيئىلەردە سۈپەت ئۆزگىرىشى پەيدا بولىدۇ. بۇ ئاددىي داۋلىلار كىشىلەرگە ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشتە، سان - سۈپەتنىڭ ئۆز ئارا ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە توغرا چۈشەنچىدە بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. «شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ» دېگەن بۇ تەمسىل كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشى ۋە ئىگەللىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شامال چىقمىسا دەرەخ ئۆزلۈكىدىن لىڭشىمايدۇ. بۇ ھەر قانداق شەيئىدە سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كىشىلەر شەيئىلەرنىڭ سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى تونۇغان ۋە ئىگەللىگەندىلا، ئاندىن شەيئىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە يۈزلىنىشىنى بىلەلەيدۇ. بۇمۇ ئەمەلىي پائالىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولىدۇ. بۇنى چۈشەنمىگەندە، قارىغۇلارچە ئىش قىلىپ خىزمەتنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپى، مۇتەپەككۇرى، شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ رەڭدار قەلىمى بىلەن سۈرەتلىگەن غايىۋى دۆلەت يانى دۇنيادىكى «ئادىل، بەختلىك، ئەقىل - ئىدراكلىق، گۈزەل ئەخلاقلىق» دۆلەت بولغان. بۇ دۆلەتنى ئەقىل — ئىدراك، بىلىم ۋە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش شەرت قىلىنغان. ئۇنىڭ كونكرېت دۆلەت سىياسىتى» ۋە «لايىھە» سى:

1. سىياسىي جەھەتتە «خەلقنى بېيىتىش»، «پۈتۈن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش». ئۇ: «پوخرالارنى كۆپرەك ئويلاش كېرەك» (تۆۋەندە نەقىل كەلتۈرۈلگەندە كىتابنىڭ ئىسمى ئاتالماي بېتىلىرىلا كۆرسىتىلىدۇ.) خەلق بېيىغاندا دۆلەت گۈللىنىدۇ دەپ قارىغان (خەنزۇچە نەشرى، 110 - بەت). «قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش» (خەنزۇچە نەشرى، 236 بەت) نى، «خەلققە ئادىل قانۇن قوللىنىشنى ھەمدە ھەقىقىي ئىجرا قىلىش» (خەنزۇچە نەشرى، 289 - بەت) نى تەلەپ قىلغان. «دۆلەت ياخشى ئىدارە قىلىنسا خەلق بېيىيدۇ، خەلقنى بېيىتىش — ھۆكۈمرانلارنىڭ مەقسىدى» (خەنزۇچە نەشرى، 34 - بەت)

دېگەن، «ھەر تەرەپتىن ئاڭلىساڭ ئەھۋال ئېنىق بولىدۇ. بىر تەرەپتىن ئاڭلىساڭ ئەھۋال تۇتۇق بولىدۇ» دېگەننى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ: «ئۆزەڭ گاڭگىراپ قالغاندا، باشقىلارنىڭ داۋلىسىغا قۇلاق سال، بىرەر ئىشقا دۇچكەلگەندە باشقىلار بىلەن مەسلىھەت قىل، ئىش ئۆتكەندە پۇشايمان قىلىشتىن ساقلان» (خەنزۇچە نەشرى، 242 - بەت)، «سىياسەت پاك، قانۇن - قانۇندەك بولغاندىلا، دۆلەت گۈللەپ ياشناپ، كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىدۇ» دېگەن (خەنزۇچە نەشرى، 84 - بەت).

2 . ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئەمگەكچىلەرنى ھۆرمەتلەش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ: دۆلەتمۇ گويا بىر ئائىلىگە ئوخشايدۇ، تۇرمۇشتا ئىنچىكە ھېساب بولۇش كېرەك. ئىسراپچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ، شۇڭا ھېساب «بىكەتكۈچى كۆزەتسۇن كىرىش ھەم چىقىش، يېزىپ ھەم كۆزەتسۇن پۈتۈن تۇرلۇك ئىش. يىل، ئاي، كۈن يېزىلسا ۋاقىت ھەم ئېنىق، بىلىنگەي رەقەم - سان. ئايرىم ۋە ئوچۇق. ھېساب ساقلىغىلى چىن يازۇ بىرلە ئول، ھساۋات يېزىلسا، كەلگ ئېچىلۇر يول» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 589 - بەت)، «پۈتۈلسە، قالۇر سۆز، غەپلەتتە كېتەر، ھساۋاتتا غاپىل ئازاپلار چېكەر.» «بۇ ئىلمى ھەدسە ئىنچىكە ئىشتۇر، يەر - ئاسمان ھساۋى شۇ بىلەن بولۇر.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 589 - بەت)، «ئىنچىكە ۋە تۈز يول تۇتاي مەن دېسەڭ، ئى پاك دىل، بولۇر گالغا ھالال يېمەك.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 913 - بەت) دېگەن. ئۇ يەنە ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانسا «بېيىپ خەلق، مەملىكەت تەختىڭ تۈزىلۇر، غەزىنىنى قانچە دېسەڭ تېپىلۇر» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 1133 - بەت)، خەلق بېيىسا «جاھان خەلق خۇشال. بەختىيار ئارام» بولىدۇ. (ئۇيغۇرچە نەشرى، 421 - بەت) چۈنكى «بۇ دۇنيا زىننىتى بۇلاردىن بولۇر، جاھاندا تالاڭ ئىشلار بۇلاردىن كېلۇر.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 923 - بەت) ئۇلار «نەمە سورىسا بەرگىن، كېرەك بولسا ئال، ئۇلار ھىلە بىلمەس، كۆردۈم ئۇشبۇ ھال.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 919 - بەت) مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان ئاكتىپلىقى تېخىمۇ ئېشىپ»، «خەلقى خۇشال» ھەم «بەختىيار ئارام» بولىدۇ (ئۇيغۇرچە نەشرى، 421 - بەت) دەپ قاراپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجىگەندە، ھەم باج مەنبەسىگە كاپالەتلىك قىلىشقا دىققەت قىلىشنى، ھەم ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئومۇمەن «باج تۆلەشنى رەت قىلغانلار باجنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشى كېرەك» (خەنزۇچە نەشرى، 240 - بەت). دېھقان، چارۋىچىلارنى خاتىرجەم ئىشلەيدىغان قىلىش لازىم، چۈنكى «دۇنيانى بېزەش ئۇلارغا باغلىق. ئالەمدىكى مېۋىلەرنى ئۇلار يارىتىدۇ» (خەنزۇچە نەشرى، 240 - بەت). «ئۇلارغا سەممىمى مۇئامىلە

قىلىش كېرەك» (خەنزۇچە نەشرى، 210 - بەت)، «ئۇلارغا نېمە لازىم بولسا، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش كېرەك» (خەنزۇچە نەشرى، 202 - بەت). شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئۇلارنى «خۇشال - خۇرام ياشايدىغان قىلغىلى» (خەنزۇچە نەشرى، 210 - بەت). ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرغىلى، ئۇلارنى ئۆز كەسپى بىلەن خۇشال-خۇرام شۇغۇللىنىدىغان قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن.

3. قانۇن جەھەتتە. ئۇ «قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشى باراۋەر بولىدۇ، مەيلى يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەر بولسۇن، قۇللار بولسۇن، ھەممىسى قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولىدۇ، دەرىجە پەرقى بولمايدۇ. مەملىكەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش كېرەك» دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «نىمكى تۈز بولسا، پۈتۈن ئۈز بولۇر، نىمكى ئۈز بولسا، دېمەك تۈز بولۇر.» «نىمكى ئەگىلسە، ئۇ ئەگرى بولۇر، پۈتۈن ئەگرى، يامانلىق ئورۇغى بولۇر»، «قايسى تۈز ئەگىلسە، ئورماس يىقىلار، نىمكى تۈز ئولسا يىقىلماي تۇرار»، «قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن، ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن» «كېرەك ئوغلۇم ئۆلسۇن، يېقىن تۇققىنىم، يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونغىنىم، ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا، بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 209 - 211 - بەتلەر). ئوتتۇرا ئەسىردە بىرەر پەيلاسوپنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش ئوتتۇرىغا چىقىپ قۇل بىلەن مەرتىۋىلىكلەرنىڭ قانۇن ئالدىدا باپ - باراۋەر دېگىنىنى تېخى ئاڭلىغىنىم يوق، لېكىن ئۇ مەسىلىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئۇنىڭ دانالىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «قىلىچ بىرلا كەسسۇن يېغى بوينىنى، قانۇن بىرلە تۈزسۇن ئېلى - خەلقىنى.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 99 - بەت). ئۇ يەنە گۇناسىز قىلغان يامان ئادەملەرگە مۇنداق قىلىش كېرەك دېگەن: «تۇتۇشۇپ ماڭا كەلسە قىلسام ھۆكۈم، ئوراغۇن ئىچكەندەك بولۇر چوقۇم»، «نە ياخشى نىزام قويدى بەگلەر بېگى، يامانغا جازا بەردى زىندان تېگى.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 211 - بەت) «ئەگەر بولسا خەلق باشچىسى، پۈتۈن ياخشى بولۇر ئۇنىڭ ئىشچىسى»، «ئۆزى ياخشى بولسا بۇ بەگلەر ئەگەر، ھەممە خەلق، جاھان تۈزۈلەر.»

(ئۇيغۇرچە نەشرى، 225 - 226 - بەتلەر)

4. كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش، دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە ھۈنەرۋەنلەرگە ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ دۇنيا زىننىتى بۇلاردىن بولۇر، جاھاندا تاڭ ئىشلار بۇلاردىن كېلۇر.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 923 - بەت) چۈنكى بىزنىڭ يېمەك - ئىچمەك كىيىمىزنى شۇلار تەمىنلەيدۇ. «قىمىز، سۈت، يا يۇڭ، ياغ، قېتىق يا قۇرۇت، بىسات يا كىگىز ھەم ھوزۇر

ئۆزىگە تۇت.» «يېمەك - كېيىمەك، ئۇلاغ - ئات ئايغىر ۋە يۈك — توشۇغۇچى بولاردىن چىقار بەلگۈلۈك.» «بۇلاردۇر پايدىلىق كىشىلەر تامام، تولا ياخشى كۆرگىن ئۇلارنى بۇتام.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 919 - بەت) شۇڭا ئۇلار بىلەن مۇنداق چىقىش دەپ ئۆگىتىدۇ: «قېتىلغىن، قوشۇلغىن، يېيدۇر ھەم ئىچۇر، دوروسلۇق ئىچىندە تىرىكلىك كۆچۈر. نېمە سورىسا بەرگىن، كېرەك بولسا ئال، ئۇلار ھىلە بىلمەس، كۆردۇم ئۇشبۇ ھال.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 919 - بەت). بىرقانچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئەمگەكچى خەلقنى كەمسىتىپ كەلگەن. بىراق يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ داستانلىرىدا ئەمگەكچى خەلقنى مەدھىيىلەپ: «جاھاندا تالاي ئىشلار بۇلاردىن كېلۇر» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 923 - بەت) دېگەن. بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئىدىيىسى. ئۇنىڭ ئىلغار نۇقتىئىنەزەرلىرى «مەرتىۋىلىكلەر ئەقىللىق، پۇقرالار نادان بولىدۇ، بۇ ئۆزگەرمەيدۇ.» دېگەن نۇقتىئىنەزەرگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

ى). مەدەنىيەت - مائارىپ جەھەتتە، ئۆگىنىشنى، بىلىم ئېلىشنى ۋە ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنى ھۆرمەتلەشنى تەشەببۇس قىلغان.

ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە تارىخىدا، ئاساسلىقى ئەقلىچىلىككىنىڭ بەزى ئاساسلىرى تىكلىنىپ، ئادەم ئۆز بىلىمى بىلەن قىممەتلىك بولىدۇ دەپ ھېساپلانغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەپ قارىغان: «ئەقىلدۇر چىراقنىڭ قاراڭغۇ تۈنى، بىلىم - ئۇ يۇرۇغلۇق، يورۇتقاي سېنى. ئۆسەر ئەر ئەقىلدىن، بىلىمدىن بويۇر، بۇ ئىككى بىلەن ئەر قەدىرلىك بولۇر.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 101 - بەت) «بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئوقۇشنى تولۇق، بۇ ئىككى يۈكسەلتۇر قۇلنىمۇ تولۇق.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 71 - بەت) «ئەقىلدۇر يورۇندۇق، ئاڭا يەتسە ئەر، تۈمەن مىڭ تىلەكى ھەم بولسا يېتەر» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 73 - بەت) «بىلىم بىر دېڭىزدۇر، ئۇچى يوق تۈۋى، نېچە لىك سومۇرگەي سۇ سۇندۇك شۇرا» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 1351 - بەت) شۇڭا ياشلىقنى بىكار ئۆتكۈزمەي تىرىشىپ ئۆگەن، «ئىست زايا قىلدىم تىرىكلىك ئاۋۇنچىن، پۇشايماندا قان ياشنى كۆزدىن ئېقىتتىم» دېمەيدىغان بول دەپ دەۋەت قىلىدۇ. چۈنكى: «ئوغۇلنى كىچىكتە ئوقۇتماق زۆرۇر، كىچىكلىكتە بىلسە ئۇتۇغلۇق بولۇر»، «كىچىك چاغدا بىلسە بالا نېمىنى، قېرىسىپ ئۆلمىگىنىچە ئۇنۇتماس ئۇنى»، «ئوغۇل - قىز ئايىماي تاياق بىرلە ئۇر، تاياق قىز - ئوغۇلغا بىلىم ئۆگىتۇر.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 343 - بەت) بۇ يەردە ئۇ كىشىلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئالغا بېسىشنى، بىلىم ئىگىسى بولۇشنى دەۋەت قىلغان. ئۇ بىلىم ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىلىمنى بۈيۈك بىل. ئوقۇشنى ئۇلۇغ»، «ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر. بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر»

( ئۇيغۇرچە نەشرى، 71 - بەت)، «ئەقىل ئەرز ئېتەر، كور، بىلىك بىلدۈرۈر، قارارسىز جاھاننى ساڭا ئۇقتۇرۇر.» ( ئۇيغۇرچە نەشرى، 123 - بەت). يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنى ھۆرمەتلەشنى دەۋەت قىلغان. ئۇ «يەنە بىر گۆرۈھ ئۇ ئالىملار ئېرۇر، ئۇلار ئىلمى خەلقنىڭ يولىن يۇرۇر» «قاتتىق سۆي ئۇلارنى، قەدىرلە سۆزىن، تولا ياكى ئازدۇر ئۆگەن بىلگىنىن.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 893 - بەت) چۈنكى «بىلىمسىز يۈرەك، تىل نىمىگە يارار، بىلىم بىرلە سۆزەك ئومۇمغا يارار. نىچە بىلگەن ئولسالە، يەنە ھەم تىلە، بىلىملىك يېتەر، كۆر، تىلەككە، سورا.» ( ئۇيغۇرچە نەشرى، 1351 - بەت) دېگەن. بۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ۋە ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنى قەدىرلەش ئىدىيىسى. ھەممىگە مەلۇم، فېئودال ھۆكۈمرانلار پۇقرالارنى «نادان تۇتۇش سىياسىتى» نى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋاستىسى قىلىپ كەلگەن دەۋردە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇنداق يېڭىلاش روھىغا ئىگە بولۇشى ناھايىتى قىممەتلىكتۇر.

6 . سودا ۋە قاتناش جەھەتتە، سودىنى قوغداش، بۆلەكچىلىكلارنى تازىلاش ۋە پۇلنىڭ قىممىتىنى ساقلاشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ، «سودىگەرچىلىكنىڭ دۆلەتكە زور مەنپەئەت كەلتۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى كۆرگەن. چۈنكى قاراخانىلار خانلىقىدىكى قەشقەر رايونى، تارىختا مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەر بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىدىغان مۇھىم يولى جۇڭگو ۋە چەتئەلگە مەشھۇر «يىپەك يولى» ئىدى. تاۋار ئوبوروتىغا ئەھمىيەت بەرگەندىلا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى مۇقەررەر ھالدا ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ئۇ: «ئىمىن قىل پۈتۈن يوللىنى، يوقاتقىن قاراقچى ۋە ئوغرىلىنى.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 1139 - بەت) چۈنكى سۆدىگەرلەر «ئۇلاردا بولۇر بۇ جاھان ئارزۇسى، خەلق كۆرگى سەرخىل جىمى ياخشىسى»، «شەرقتىن-غەرپكە يۈرۈپ ئايلىنۇر، تىلىگىڭنى ئەسەر ساڭا كەلتۈرۇر. ئەگەر كەزمىسە سودىگەرلەر جاھان، قاما جۇۋا كىيەتتىڭ قاچان؟» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 915 - بەت) شۇڭا «تىرىش سەن، ئۇلارنى تولا ياخشى تۇت.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 917 - بەت) . پۇلنىڭ كۆچىنى ساقلاش جەھەتتە ئۇ: «ئۆز ئېلىڭدە كۈمۈشنى پاك ئەت، ئەي ئىلمى كۆپ ئەرسەن ئايارىن * كورەت.» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئاپتور بۇ يەردە تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە — سودىنىڭ رولى ۋە پۇلنىڭ قىممىتىگە ئەھمىيەت بەرگەن. ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ،

* ئايار — ئالتۇن كۈمۈش پۇلنىڭ ساپلىقى

جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى قۇۋۋەتلىگەن. بازارنىڭ ئىشلەپچىقارغۇچىلار بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭشىگۈچىلىك رولىغا ئەھمىيەت بەرگەن.

7. ھەربىي ئىشلار جەھەتتە، ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇش، ۋەتەننى قوغداپ، خەلققە پايدا يەتكۈزۈشنى تەكىتلىگەن. ئۇ: «زىيان قىلما خەلققە، يەتكۈز مەنپەئەت.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 471 - بەت) «بەگ ئولماق كېرەك ساق، يەنە بەك ھوشيار.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 447 - بەت) «بەگ ئولغاي خەلق ئۈچۈن جەسۇر، قەھرىمان، بۇنىڭلە قىلىنۇر چوڭ ئىشلار ھامان.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 439 - بەت) «بەگ ئولماق كېرەك تەقۋا، دىلى ئېرىنغ، ئېرىنغلىق تىلەر دائىم ئەمەلى ئېرىنغ. كىشى بولسا تەقۋا، دىل قورققاق بولۇر، دىلى قورقسا بەگلەر ئىشەن تۈز بولۇر.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 443 - بەت) «ئىككى نەرسە ئەلگە باغ، ئاچقۇچ ئۆزى: ھوشيارلىق ۋە قانۇن — ئەلنىڭ يىلتىزى. قايۇ بەگ ساق ئولسا ئېلىن ساقلىدى، ياۋ بويىنىن يەنچىدى ھەم باغلىدى.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 447-بەت) «بۇ ھىممەت بىلەن ھەم سىياسەت كېرەك، سىياسەتكە بەگلىك رىياسەت كېرەك. تۈزەر ئەلنى قانۇن، سىياسەتلە خان، ئاۋام خەلقنى ئىلتەر شۇ تامان.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 465-بەت) دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئاپتور بۇ بۇ يەردە سىياسى بىلەن كەسىپنىڭ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى ئالاھىدە سۆزلىگەن. ئاپتور 11 - ئەسىردىلا مۇنچىلىك تونۇشقا ئىگە بولغان، بۇ مەدەنىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ناھايىتى چوڭقۇر ئىدىيىدۇر.

8. ئەخلاق ئۆلچىمى جەھەتتە، ئادەمگەرچىلىكنى تەكىتلەپ، ئەخلاققا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ مۇنداق دەپ قارىغان: «... مىجەزى بېسىق»، «... ئاڭلىق ئەقىللىق» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 135 - بەت) «بېسىقلىق، سىلىقلىق ئاقىل خۇلقى ئول، ئەقىلسىز كىشىلەر تامام يىلقى ئول» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 161 - بەت)، «ئۆتەر بولسا كىمنىڭ خەلققە سۆزى، چۈچۈك بولسۇن تىلى مولايىم سۆزى» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 151- بەت)، «كىشى ئەمگەك ئەتسە ساڭا بەلگۈلۈك، ئۇنۇتما ئۇل ئەمگەكنى بولما ئۆلۈك. كىشىلىكنى قويما. ئەي ئىسىل كىشى، كىشىگە كىشىلىك قىلىشىن تەگ تۇشى. بىرەرسى سىڭدۇرسە گەر ئەمگەك ساڭا، ئۇنىڭدىن تولىراق جاۋاپ قىل ئۇڭا.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 365 - بەت) «نە لازىم تاۋار مال، كېرەك ياخشى خۇلق، تېپىلغاي ياخشى مال، ئۆز بولسا ياخشى قىلىق،» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 309 - بەت) «يامانىدىن يىراق بول، قىل ياخشىلىق، كېلەر ياخشىلىقلار، يا ئولتۇر يا قوپ.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 307 - بەت) «كۆنادىن يىراق بول ئۆزۈڭ ساقلىغىن»، «ھامان ياخشىلىق قىل، يامان بولمىغىن.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 313 - بەت) دېگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇنۇلارنى دېگەن: «مەي ئىچمە، بۇزۇقلۇقتىن بولغىن يىراق، زىنا قىلما، پاسىق دەپ

ئالما ئاتاق.»، «مۇبارەك بەخت بۇ قىلمىقتىن قاچار، ئۇ ئەرگە پەقىرلىق يولنى ئاچار.» «مەي ئىچمە، زىنادىن سەن ئەيلە ھەزەر، بۇ ئىشلار گادايلىق تونىن كەيدۈرەر.»، «ھارلىق مىڭ گۇناغا پاتۇرار سىنى، قاچار بەخت زىنادىن، يۈزلۈك تۆكلەر.». ئەخلاقنا ھۆرمەت قىلىپ ئەخلاقلىق بولغاندا «كىشىلىككە كىشى ئاتاندى كىشى، كىشىلىك بىلەن ئات كۆتەردى كىشى» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 367 - بەت)

9. جاھانىدارچىلىق قىلىش ۋە كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە، ئۇ سەممىي بولۇش، شەخسىي پايدىغا بېرىلمەسلىك، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى تەكىتلىگەن. ئۇ مۇنداق دىگەن: «ھەر ئىشتا شېرىن تىل بولۇش يولىن تۇت، تىلىڭ بولسا شېرىن، كېلۇر ساڭا قۇت.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 311 - بەت)، «كىشىگە ھەم ئۆزگە قىلما سەن زىيان، ھەۋەسنى قويۇپ قىل ياخشىلىق ھامان. نە ئىشقا كىرەرسەن، چىقىشنى ئويلان، چىقىشنى ئويلىماسلىق يەتكۈزەر زىيان.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 311 - بەت) «تىلىڭدىن چىقارما ھېچ يالغان سۆزۈڭ، يالغان بىلەن خار بولۇرسەن ئۆزۈڭ.» (313 - بەت) «تايانما تېرىكلىككە چۈشتەك كېچەر، قۇۋۋاتىڭ بۇ بوش بەختكە، قۇشتەك ئۇچار». (ئۇيغۇرچە نەشرى، 311 - بەت) «ھاياتنى زايا قىلما، قىل ياخشىلىق». «بەختلىك كىشى ئۆزىنى ساقلاش كېرەك، پۈتۈن ئەسكى ئىشتىن يىراقلاش كېرەك. ئۆزى پاكىزە، توغرا بولسا ئىشى، بەختىنىڭ باغى شۇدۇر، بىلە كىشى.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 193 - بەت)

10. ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىش جەھەتتە ئۇ مۇنداق دىگەن «ئادەمنى بەلگىلەش، ئۇنى جايىدا ئىشلىتىش، ئىشلىتىلىدىغان ئادەم كىشىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىش، بىلىملىك بولۇش، قەددى - قامىتى دۇرۇس بولۇش، قائىدە يوسۇنلۇق، ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ تۇرىدىغان بولۇش كېرەك». «كېرەك خىل كىشى»، «مۇكەممەل يېتىشكەن، خوش پېئىل كىشى»، «ئەقىللىق ھەم بىلىملىك، سىلىقلىق بەھەم تېپىكلىك كىشى»، «ۋاپالىق بولۇر ئۆزى پاكىز كىشى»، «قانۇنلۇق كىشى بولۇر ئەل يېشى»، «چىرايى ھەم كېلىشكەن كۆزى توق كىشى»، «قىلمىغى دۇرۇس بولسا، خۇلقى ئوڭاي، تېگەر ياخشىلىق ئەلگە ئوندىن يىل - ئاي» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 479 - 481 - بەتلەر) «دۇرۇس بولمىسا ئىشچى بېشى، بۇلار ئەگرى پۈتۈنلەي بەگلەر ئىشى.» «كىشىكى كۆزەلدۇر يۈزى ھەم ئۆزى، تېشىدەك چىرايلىق بولۇر ئىچ يۈزى.» «نىمە دەر، ئىشتىكىن سېغىن كىشى، سىناپ - ياخشى يامانىنى بىلگەن كىشى» (ئۇيغۇرچە 479 - 483 - بەت) «كىچىك دىل ئۇلۇغلۇق سۆرە كۆپ زامان، تەكەببۇر تەگمە ئۇلۇغلار ھامان.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 485 - بەت) «گەر ياخشى بولسا بەگ، خىزمەتچى ھامان

ياخشى پىل، تەككۈزمەس زىيان». (ئۇيغۇرچە نەشرى، 487 - بەت) «قىلىقى ياخشىلارنى پۈتۈن خەلق سۆيەر، خۇيى - پەيلى دۇرۇسلار تۆرگە چىقار. كىشى بولسا سىلىق، قىلىقى كۆنى، بولار ئىككى دۇنيادا بەختلىك كۆنى» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 379 - بەت) شۇڭا ئىشقا سالساق ئادەمنىڭ ياخشىسىنى بولىدۇ: «جاھان خەلقى خۇشال، بەختىيار ئارام.» (ئۇيغۇرچە نەشرى، 421 - بەت)

12. پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش مەسىلىسى توغرىسىدا: ئۇ مۇنداق دەپ تەشەببۇس قىلغان: «ئوغۇل - قىزلار داۋلى بىلىشى، ماھارەت ئىگەللىشى، تىرىشچىلىك قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك».

«ئوغۇل قىزغا ئۆگەت بىلىم ھەم ئەدەپ»
«ئوغۇل - قىز ئۆسەر ۋە ساغلام بولۇپ.»

«ئوغۇلنى - بىكار بوش يۈرمەسەن قويۇپ،
بىكارچى بولۇر ئۇلاغايلاپ يۈرۈپ.»

«ئوغۇلنى ئۆلەندۈر، قىزنى ئەرگە بەر،
ياشا دەت - ئەلەمسىز، ئايا قۇتلۇق ئەر.»

سەن پەرزەنتلىك بولساڭ، ئۇلارنى ئائىلەڭدە ياخشى تەربىيىلە. ياخشى ئەخلاق-لىق كىشىلەرنى پەرزەنتىڭنىڭ ئائىلە تەربىيىچىسى بولۇشقا تەكلىپ قىل. شۇنداق قىلساڭ پەرزەنتلىرىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

پەرزەنتلىرىڭگە بىلىم ۋە ئەخلاق ئۆگەت، شۇنداق قىلساڭ، ئۇلار ئەسقاتىدىغان ئادەم بولىدۇ. ئوغلۇڭغا قىز، قىزىڭغا يىگىت تېپىپ بەر، ئەي بەختلىك كىشى، شۇنداق قىلساڭ، ئاندىن تۇرمۇشىڭنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزەلەيسەن.

ئوغلىڭغا ماھارەت ئۆگەت، ئۇنى ماھارىتىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان قىل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن كىتابى — قامۇس، ئۇنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول، مەن پەقەت قىسقىچىلا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. تولۇق خاتالىقلار ۋە مۇۋاپىق بولمىغان جايلاردىن ساقلىنىش تەس. تەنقىت قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىشىڭىزلارنى سورايمەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ 11 - ئەسىردىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس نۇرغۇن ئىلغار ئىدىيىلىرى بار، بەزىلىرى دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئىلغار ئىدىيىسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىدىيە غەزىنىسىنى بېيىتتى. بۇ،

بىز جۇڭگوۋا مىللەتلىرىنىڭ ئىپتىخارى ۋە شان - شەرىپى، ئۇنىڭ شانلىق ئەدىبىي تارىختا مەڭگۈ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇر چاچىدۇ. ئەلۋەتتە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تارىخىي ۋە سىنىپىي چەكلىمىلەردىن خالى ئەمەس ئۇنىڭ ئەسىرىدە دىنىي ۋەز - نەسىھەتلەر ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنى مەدھىيىلەيدىغان بىرمۇنچە گەپلەر بار. ئۇنىڭ ئىجتىمائى كۆز قارىشى تارىخىي ئىدىيالىزىملىق پوۋراقلاردىن خالى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىلغار ئىدىيىدىكى ساددا ماتېرىيالىزىمنى ۋە مەلۇم ساددىلىقتا ئىگە دىيالېكتىكىلىق كۆز قاراشلىرىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. «ئالتۇن ساپ بولماس، ئادەم كەمچىلىكسىز بولماس» دېگەن تەمسىل بار. بىز ھازىرقى تەلەپ بويىچە قەدىمقى كىشىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويساق بولمايدۇ. مەن قەدىمقىلەرنى مەدھىيىلەپ ھازىرقىلارنى يوققا چىقارماقچى ئەمەسمەن، بەلكى تارىخىي پاكىتقا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەملىكىتىمىزدىكى مۇتەپەككۇر ۋە پەيلاسوپلار قاتارىدا تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە قىلمىسا، بۇندىن كېيىن جۇڭگونىڭ پەلسەپە تارىخىنى يازغاندا ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى تارىخىنىمۇ شۇنىڭغا كىرگۈزسەك دېمەكچى، خالاس.

## تېلىنغۇت (多滥葛)

قەدىمقى دەۋردىكى تېلې (تۇرا) قەبىلىلىرىنىڭ بىرى، 6 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇلا دەرياسى بويلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان، سۇر تاردۇشلار قۇدرەت تاپقاندا ئۇلارغا بەيئەت قىلغان. جېنگۈەنىڭ 5 - يىلى (مىلادى 631 - يىلى) چوڭ قەبىلە باشلىقى تېلىنغۇتمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى تاڭ تەيزۇڭ — لى شىمىن بىلەن كۆرۈشكەن. سۇر - تاردۇشلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، تېلىنغۇتمۇ قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلغان. تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ زېمىنىدا يەنە تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، تېلىنغۇتمۇنى تۇتۇقبەگلىككە تەيىنلىگەن.

# «سابالاق» داستانىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە مۇلاھىزە

جاقىپ مىرزاقان

«سابالاق» — قازاق تارىخىدا 18 - ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئابلايخان توغرىسىدا يېزىلغان قەھرىمانلىق داستانى. داستانىنىڭ ھەجمى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ قازاق تارىخىدىكى ئەڭ ئېغىر يىللار «ئاقتابان شۇبىرىندى، ئالقا كۆل سۇلاما» (يەنى سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن دەرت - ئەلەم قاپلىغان يىللار) دەۋرىنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغانلىقى ۋە مەشھۇر ئابلايخان ھەققىدە تارىخىي مەلۇماتلار بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بىراق، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ تارىخىي داستان ئاخىرلاشماي قالغاندەك تۇرىدۇ... داستانىنىڭ ئاپتورى داۋامىنى يازمىغانمۇ، ياكى «سابالاق» نى خەلق ئىچىدە تاراتقۇچىلاردىن سەۋەنلىك ئۆتۈپ داۋامىنى كۆچۈرمىگەنمۇ، ھازىرچە بۇ تەرىپى بىزگە نامەلۇم. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، مەن تۆۋەندە «سابالاق» داستانىدا يېزىلغان تارىخىي دەۋر ۋەقەلىرى ۋە ئۇنىڭ داستاندا قانداق ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

## 1 . «سابالاق» داستانىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

«سابالاق» داستانى — جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «مۇرا» (يەنى «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ قازاقچىسى) نىڭ 1982 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسىدا قالى ئەدىلبەكوۋ نامىدىن تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنىدۇ:

«سابالاق» ئابلايخاننىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىدىكى لەقىمى، ئۇنىڭ دادىسى ۋەلىخان خانلىق تەختىگە ئولتۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز يۇرتىدىن كۆچۈپ ئانىسىنىڭ دادىسى ئولتۇراقلاشقان يۇرتقا (قازاقچە «ناغاشىسىنىڭ يۇرتى» دېيىلىدۇ)، يەنى قايىپخانغا قاراشلىق يۇرتقا كېلىدۇ. قايىپخاننىڭ تەۋەلىگىدىكى يەرلەرگە جوڭغارلار

تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن چاغدا، ۋەلى باتۇر جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ بالىسى ئەبلەمنسۇر قېچىپ چىقىپ ئۆز يۇرتىنى ئىزدەپ كېتىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن قازاق ئۇلۇغ يۈزىگە كېلىپ تۆلەبىي* قولىدا تۇرۇپ قالىدۇ. قازاق خەلقى ئۈچ چوڭ قەبىلە ئىتتىپاقىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلۇغ يۈز تەۋەسىگە بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى تەرىپى ۋە شەرقىي - جەنۇب تەرىپىدىن تاكى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ يۇقۇرقى ئېقىنلىرىغىچە بولغان يەرلەر قارايتتى. تۆلەبىي مۇشۇ ئۇلۇغ يۈز قازاقلىرىنىڭ 18 - ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاغلىق بىيى بولۇپ، ئەبلەمنسۇر دەسلىۋىدە ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئىسمىنى يوشۇرىدۇ. «ئىسمىنى سورىماڭ، سىز نىمە ئىسىم قويسىڭىز مەن قوبۇل قىلىمەن» دەيدۇ. تۆلەبىي ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرىغا، بېشىدىكى ئۇزۇن يۇڭلۇق تېرە قۇلاقچىسىغا قاراپ «سابالاق» دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئۇ تۆلەبىينىڭ قولىدا دەسلەپتە قوي، كېيىن تۆگە باقىدۇ.

تۆلەبىي بىر قېتىم چوڭ بىر نەزىرىگە قاتنىشىپ قايتىشىدا قوينىڭ كاللىسىدىن بىرنى «سارقىت»* دەپ ئالغاچ كېلىپ ئەبلەمنسۇرنى سىناپ باقىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بالىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ھەم يىلقا باققۇزۇپ، ئۇنىڭ يورغا بەيگە ئاتلىرنى مىنىشىگە يول قويىدۇ.

شۇ مەزگىلدە قازاق ئوتتۇرا يۈزىنىڭ ئارغىن قەبىلىسىدىن چىققان ئاتاغلىق باتۇر بۆگەنباي چوڭ يۈز بىيى تۆلەگە مېھمان بولۇپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئەبلەمنسۇرغا كۆزى چۈشۈپ، قايتىش ۋاقتىدا تۆلەبىيدىن سابالاقنى ئارزۇلاپ سوراپ ئالىدۇ. تۆلە-بىي سابالاقنىڭ بېلىگە ئاق ئالماس قىلىچ باغلاپ، يىلقىسىدىن تاللاپ «شامال يېتەل-مەيدىغان، كۈن تەگمەيدىغان» ئاتقا مىندۈرۈپ دۇئاسىنى بېرىدۇ.

سابالاق بۆگەنباي باتۇر بىلەن بىللە سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. «تېخى ياش بولسىمۇ قەھرىمان ئىكەن» دەپ رازى بولغان بۆگەنباي باتۇر: «ئات قارا تىسل بولغاندا جەڭگە ئاتلىنىمەن، شۇ چاغدا كېلىپ ماڭا ھەمرا بول» دەيدۇ. شۇ يىلى قىش ئۆتۈپ ياز بولغاندا، قازاق - قالماق ئارىسىدا بىر قەپەس چوڭ ئۇرۇش بولىدۇ. داستاندا بۇ ئۇرۇش:

* تۆلەبىي دىگەن تۆلە، ئادەم ئىسمى، بىي — مەنسەپ ئىسمى، تارىختا قازاقلار ئارىسىدىكى قانۇن مەنسەپدارلىرى «بىي» دەپ ئاتالغان.

* چوڭ ئادەملەر توي - نەزىرلەردىن قايتقاندا، ئۆيدە قالغان بالىلىرىغا ئالغاچ كېلىدىغان تاماق.

« بۇ قېتىم قازاق ئۈچىنى ئالماق ئىدى،
ھېچقايسى ئۆيدە ئادەم قالماپ ئىدى ».

دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. نــاھــايىتى قــاتتىق جەڭ بولغان بۇ قېتىمقى ئــۇرۇشتا، قالماقــلارنىڭ چارىش ناملىق باتۇرىغا يەكمۇ - يەك* چىققان قــازاق بــاتۇرلىرى دەسلىۋىدە ھەممىسى دېگۈدەك مەغلۇپ بولىدۇ. قازاق خانى ئەبلەمابەت ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. داڭلىق باتۇر بۆگەنباي قېرىپ قالغانلىقتىن يەكمۇ - يەك چىقالمايدۇ. دەل مۇشۇ ھەل قىلغۇچ پەيتتە، « سا بالاق » ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئــالدى بىلەن ئەبلەمابەت خاندىن دۇئا ئېلىپ، ئاندىن كېيىن قالماق باتۇرى چارىش بىلەن يەكمۇ - يەك چۈشىدۇ. ئۇ چارىشنى ئۆلتۈرۈپ غالىپ بولىدۇ. باتۇرى ئۆلۈپ مەغلۇپ بولغان قالماق قوشۇنى قاچقاندا، « سا بــالاق » « ئابىلاي »! ئابىلاي! دەپ شوئار تــوۋلاپ دۆشمەننى قــوغلاپ كېتىدۇ...

مۇشۇ غەلىبىلىك جەڭدىن كېيىن، بــاتــۇرلىقى بىلەن داڭ چىقارغان ســا بالاق ئۆزىنىڭ خان ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئەبلەمابەت خانغا ئېيتىپ بېرىدۇ. خان ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ ۋە « سا بالاق » قــا:

« خان بولالماي ئاغرىنىپ كەتكەنتى ئــاكام،
رازى بولغىن تەختىمنى بېرەي ســاڭا » — دەيدۇ.

خەلق ئېغىزىدا ساقلىنىپ كەلگەن « سا بالاق » ناملىق تارىخىي داستانىڭ بۇ ۋارىــيانتى شۇنىڭ بىلەن ئــاساسەن ئــاخىرلىشىدۇ. داستانىڭ بو ۋارىيانتىغا ئــوخشىمايدىغان باشقا ۋارىيانتىنى بىز ھازىرغىچە ئۇچراتمىدۇق. داستاننى يادلاپ ساقلىغان ئەنۋەر قوڭقاي ئوغلى بىلەن « سا بــالاق » نى نــەشرگە تــەييــارلىغان يــولداشلار داستانىڭ ئــاپتورى ھەققىدە مەلۇمات بەرمىگەن. داستاننى بايان قىلغۇچى قــالى ئــەدىلبەكوۋ بۇ داستانىڭ ئاپتورىمۇ ۋە ياكى يادلاپ ساقلىغۇچىمۇ، بۇ مەسىلە ھەققىدىمۇ ئەسكەرتىش بېرىلمىگەن.

قازاق سوۋېت قامۇسىنىڭ 6 - توم، 8 - بېتىدە، « سا بالاق » داستانىڭ ئاپتورى كۆكباي جانابايى ئــوغلى، دەپ يېزىلغان. كــۆكباي نــاملىق بۇ شــائىر 1863 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1927 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ ياش ۋاقتىدا شەمەي شەھىرىدىكى مەدرىستە ئوقۇغان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا قازاقنىڭ ئاتاغلىق شائىرى ئاباي قۇنانبايېۋنىڭ شاگىرتى ۋە دوستى ئىدى.

---

* بىردىن باتۇر چىقىپ ئېلىشىدىغان جەڭنى يــەكمۇ - يەك دەپ ئاتىغان.

«سابالاق» داستانىنىڭ ئاپتورى كۆكباي ئىكەنلىكى ئېنىق دېيىلگەن تەقدىردە، بۇ داستان ئۆزىدە تەسۋىرلەنگەن تارىخىي ۋەقەلەردىن بىر يېرىم ئەسىر (ھەتتا ئىككى ئەسىرگە يېقىن) ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يېزىلغان بولىدۇ. دېمەك، بۇ تارىخىي داستان ئابلايخاننىڭ ئۆزى بىلەن زاماندash ئادەم تەرىپىدىن يېزىلمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ داستان ئاساسەن خەلق ئاغزىدىكى ھېكايىلەر، خەلق ئارىسىدىكى ئاغزاكى تارىخچىلارنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن يېزىلغانلىقتىن، داستاندا تەسۋىرلەنگەن بەزى ۋەقەلەرنىڭ شۇ دەۋرگە دائىر يازما مەلۇماتلار بىلەن ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى بار.

مېنىڭ يۇقۇرىدا بۇ تارىخىي داستاننىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇشۇمدىكى مەقسەت — تۆۋەندە داستاندىكى باش قەھرىمان سابالاق (يەنى ئابلايخان) ھەققىدىكى يازما مەلۇماتلار بىلەن داستاندىكى تەسۋىرنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچىمەن. مەن بۇ تارىخىي داستاننىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ۋە كۆپچىلىكنىڭ داستاندا بايان قىلىنغان تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدىكى قىزىقىشىنى قوزغاشقا پايدىلىق بولار، دەپ ئويلايمەن.

## 2 «سابالاق»تا تەسۋىرلەنگەن تارىخىي دەۋر ۋە ئابلايخاننىڭ ئەجدادى ھەققىدە

«سابالاق» داستانىدا مەدھىيىلەنگەن ئابلايخان — دەسلەپتە قازاق ئوتتۇرا يۈزنىڭ ئابرويلۇق سۇلتانى، كېيىن قازاق ئوتتۇرا يۈزنىڭ ئاتاغلىق خانى بولغان مەشھۇر تارىخىي شەخس. ئۇ توغرىلىق داستاندا:

«قازاقنىڭ خانى ئىدى ئۇ، قولى يەتكەن،
ئۈچ يۈزنىڭ ھەممىسىگە ھۆكۈم ئەتكەن»

دەپ يېزىلىدۇ. ئابلايخاننىڭ ئۆز ئىسمى داستاندا يېزىلغاندەك ئەبلەمەنسۇر ئىدى، 1711 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ۋەلى، بوۋىسىنىڭ ئىسمى ئابلاي ئىدى. بوۋىسى ئابلاي بىلەن دادىسى ۋەلى ئۆز زامانىسىدا تۈركىستان شەھىرىگە ئىلگىرى - كېيىن سۇلتان بولغان ئادەملەردۇر.

قازاق تارىخىدىكى ئاتاغلىق ئەسىمخاننىڭ مىراسخورى جاڭگىرخاننىڭ زامانىدا (1628 — 1652 - يىللاردا) جۇڭغار قالماقلىرى بىلەن قازاقلار ئارىسىدا، ئوتلاقلارنى، سودا كارۋان يوللىرىنى تالىشىپ ئۇزاق ۋاقىت ئۇرۇش بولغان ئىدى. ئەبلەمەن-

سۇرنىڭ بوۋىسى ئابلاي تۈركىستان سۇلتانى بولۇپلا قالماستىن، ساۋران شەھىرىنىڭمۇ ھۆكۈمرانى بولغان ئادەم. 1616 - يىلى ئۇ ساۋران ھۆكۈمرانى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، چارروسىيە ھۆكۈمىتى توبولسكىنىڭ ھاكىمى كۆراكىنگە: «ساۋراندىكى قازاق خانى ئابلاي بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئويىراتلارنى ئىگىلىۋالغان ئوتلاقلىرىدىن قوغلىۋېتىش ۋە رۇسلار بىلەن بۇخارالىق سودا كارۋانلىرىنىڭ خەۋپسىز ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالاش» ① توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. بۇ جاڭگىرخانىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇشىدىن بۇرۇنقى ئىشتۇر. شۇڭا بەزى مەلۇماتلاردىكى تۈركىستان سۇلتانى ئابلاي جاڭگىرخانىنىڭ نەۋرىسى ئىدى دېگەن مەلۇمات ئىشەنچلىك ئەمەس. ئۇ جاڭگىرخان تەختكە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇنلا ساۋرانىنىڭ تۈركىستانىنىڭ سۇلتانى بولغان مەشھۇر شەخس تۇرسا، قانداقچىسىگە ئۇنىڭ نەۋرىسى بولۇپ قالىدۇ؟! ئۇ ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ جاڭگىرخان بىلەن بىر زاماننىڭ ئادىمى بولىدۇ.

لېكىن قازاق شەجەرىسى (ئاغزاكى تارىخ) ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارىلىپ كېلىپ، كېيىن رەسمىي يازما مەلۇماتلارغا يېزىلغان ۋاقىتتا، بەزىبىر خاتالىقلارنىڭ بولۇشىدىن ساقلىنىش ھەم قىيىن ئىدى. شۇڭا ئابلايخان (يەنى ئەسلىدىكى ئەبلەيمەنسۇر) ۋە ئۇنىڭ بوۋىسى ئابلاي سۇلتان ھەققىدىكى شەجەرىلەردىمۇ ئوخشىماسلىقلار يەنىلا ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن، «تاۋارىخ خەمسە شەرقى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى تاتار تارىخچىسى قۇربانئالى خەلىدى ئابلايخاننى قازاق خانى ئەسىم خاننىڭ ئوغلى، چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئايالىدىن تۇغۇلغان ۋەلي خاننىڭ ئوغلى دەيدۇ. ئۇ جاڭگىرخاننى چىڭگىزخان دەپ ئالماشتۇرۇپ ئېيتقاندىن سىرت، ئابلايخاننىڭ چوڭ بوۋىسى دېيىلگەن ۋەلي ۋە ئۆز بوۋىسى دېيىلگەن ئابلاي سۇلتان ھەققىدىمۇ تەپسىلى سۆزلىمەيدۇ.

شوقان ۋەلىخانوۋ «ئابلاي» ناملىق ماقالىسىدا: «ئابلاي رۇس تارىخىي كىتابلىرىدا سىبىر خانزادىسى دېيىلىدۇ. ئابلاي قازاق ئوتتۇرا يۈزىنىڭ خانى، 18 - ئەسىردە ياشىغان ئادەم، ئابلاي ئوتتۇرا يۈزىنىڭ كىچىك سۇلتانلىرىدىن چىققان. ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئاتىسى ئەبلەمبەت خان بىلەن تۇغقان ئىدى» ② دەپ يازىدۇ.

سۇڭ جۈن دېگەن ئادەمنىڭ ئەسىرى «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە ساۋات» ناملىق كىتابنىڭ «ئوتتۇرا يۈز» (يەنى 左部) دېگەن قىسىمدا قازاق شەجەرىچىلىرى ئاغزىدىن يېزىلغان مەلۇماتقا ئاساسەن، ئەبلەمبەت خاننى تاۋكە خاننىڭ بالىسى دەپ، ئابلايخاننى (ئەبلەمەنسۇرنى) ئابلاي سۇلتاننىڭ نەۋرىسى ③ دەپ يازىدۇ. لېكىن بۇ مەلۇماتتا تاۋكە خان بىلەن ئابلاي سۇلتاننىڭ (ئەبلەمەنسۇرنىڭ

بوۋىسى چوڭ ئابلايىنىڭ ) جاڭغىر خاننىڭ قانداق ئەۋلادى ئىكەنلىكى ھەققىدە توختالمايدۇ.

سۇڭ جۇن موڭغۇل مىللىتىدىن چىققان، چىڭ خاندانلىقى ۋاقتىدا ( 1754 - 1835 - يىللاردا ياشىغان ) ئىلى جياڭجۈنى بولغان ئادەم بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا تەرجىمانلىقتىن ئۆسۈپ مەنسەپكە كۆتۈرۈلگەن ئىدى.

1781 - يىلى ئابلايخان ۋاپات بولغان ۋاقىتتا سۇڭ جۇن 27 ياشتا بولۇپ، 1756 - 1757 - يىللاردىن كېيىنكى ئابلاي خاننىڭ ھاياتى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلار بەرسىمۇ، ئابلايخاننىڭ دادىسى ۋەلىي، بوۋىسى ئابلاي سۇلتانلار ھەققىدە مەلۇمات بەرمىگەن.

دېمەك، سۇڭ جۇن ۋە شوقان ۋەلىخانوۋلارنىڭ يازما مەلۇماتلىرى ئانچە ئېنىق بولمىغاندىن تاشقىرى، «سابالاق» داستانىنىڭ ئۆزىدىمۇ پەقەت ئابلايخاننىڭ دادىسى ۋەلىي سۇلتان ھەققىدىلا بايان قىلىنىدۇ:

دادىسى ئابلايىنىڭ باتۇر ۋەلىي،
خان بولماي ئاغرىنىپ يۇرتتىن كەتكەن،
ئاغىسى قايىپ خانغا باردى كۆچۈپ،
تىنچلىق ئۇ يەردە ئاز بولدى نېسىپ.

ئۆلتۈردى باتۇر ۋەلىنى جۇڭغار دۈشمەن،
يۇرتىغا قايىپ خاننىڭ كېلىپ بېسىپ.
شۇ زاماندا بولدى ئېغىر ئاچارچىلىق،
ئادەملەر ھەر تەرەپكە كەتتى قېچىپ.

ياش بالا ئەبىلمەنسۇر ئەلنى ئىزدىدى،
بىكارغا ئۆلۈشنى ئۇ كۆردى خەۋپ،
تورۇنلاشتى تۇغۇلغان ماكانىدىن،
چوڭ يۈزدىكى تۆلەبىينى ئىزدەپ تېپىپ.

«سابالالىق» داستانىدا ئېغىزغا ئېلىنغان قايىپ خان ئاتاغلىق قازاق خانى تەۋكە خاننىڭ تۇغقىنى ئىدى. ئۇ 1716 — 1719 - يىللىرى خان بولغان. ئۇنىڭ «ئىچكى ۋە تاشقى سىياسى خىزمەت ھەققىدە مەلۇمات ناھايىتى ئاز». «ئۇنىڭ خاندانلىقىغا شەرقتىن جۇڭغار فېئوداللىرى، غەربتىن باشقىرت ۋە قالماق ھۆكۈمرانلىرى داۋاملىق خەۋپ تۇغدۇرۇپ تۇراتتى» [1].

دېمەك، قايىپنىڭ خانلىق تەختكە ئولتۇرۇشى ئابلايخاننىڭ بوۋىسى ئابلاي سۇلتاننىڭ تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ۋاقتىدىن يۈز يىل كېيىنكى ئىش. شۇڭا، «سابالاق» داستانىدا تەسۋىرلەنگەندەك، ئابلايخاننىڭ دادىسى ۋەلى سۇلتاننىڭ قايىپ خانغا جىيەن بولۇپ چىقىشى ناتايىن ئىش. مۇنداق پەرەز قىلىشىمىزدىكى سەۋەپ بولسا، 1616 - يىلى ساۋراندا سۇلتان بولۇپ تۇرغان ئابلاي سۇلتان، 1716 - يىلى خان بولغان قايىپنىڭ قىزىنى ئالغان دېيىلسە، بۇنىڭغا قانداقسىگە ئىشەنگىلى بولسۇن؟! شۇنىڭدەك ئابلاي سۇلتاننىڭ (ئەبلەمەنسۇرنىڭ بوۋىسى) دادىسى ۋەلى دېگەن ئادەمنىڭ جاڭگىرخاننىڭ بالىسى بولۇشى، قايىپ خاننىڭ قىزىدىن تۇغۇلغان بولۇشى مېنىڭچە تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا مەن ئۆزۈم كۆرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئابلاي خاننىڭ ئەجدادى سۈرۈشتۈرۈلگەندە ئېغىزغا ئېلىنىدىغان ئۇنىڭ بوۋىسى ئابلاي سۇلتاننىڭ دادىسى ئىدى دەپ ئېيتىلىدىغان ۋەلى دېگەن ئادەم مەۋجۇت بولمىسا كېرەك، دېگەن قاراشتىمەن.

مېنىڭچە ئابلايخاننىڭ ئۆزى (ئەبلەمەنسۇر) قايىپخاننىڭ جىيەنى بولسا كېرەك. چۈنكى ئابلايخان 1711 - يىلى تۇغۇلغان. قايىپ 1716 — 1719 - يىللىرى خان بولغان ئادەم. ئۇ 1716 - يىلى چار روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ سىبىرىيەدىكى گوبېرناتورى م. گاگارىنغا بەكبولات ئەكەسوۋ، جانابايې دۆۋلەت نورىيەۋ دېگەن ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىدۇ. ⑤ جاڭگىرخان تەختكە ئولتۇرۇشتىن (يەنى 1628 — 1656 - يىللاردىن) بۇرۇنلا، 1616- يىللاردا تۈركىستان، ساۋران شەھەرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان ئابلاي سۇلتاننىڭ 1716 — 1719 - يىللىرى خان بولغان قايىپخانغا جىيەن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىشتۇر. مېنىڭچە، «سابالاق» داستانىدىكى «ناغاشىسى قايىپ خانغا بارغان كۆچۈپ» دېگەن سۆز ئابلايخان (ئەبلەمەنسۇر) ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقتىن ئۇنىڭ دادىسى ۋەلى خان خانلىق تەختكە ئولتۇرالمىغاندىن كېيىن، ئەبلەمەنسۇرنىڭ ناغاشىسى قايىپ خاننىڭ يېرىگە كۆچۈپ باردى دېگەننى بىلدۈرسە كېرەك. مۇنداق پەرەز قىلىشىمىزدىكى ئاساسىي سەۋەپ، 1716-1719 — يىللىرى قايىپخانلىق قۇرغان ۋاقىتلاردا ئەبلەمەنسۇر 8 ياشلىق بالا ئىدى. ئەبلەمەنسۇرنىڭ دادىسى ۋەلى سۇلتاننىڭ خانلىق تەختكە ئولتۇرالماي ئاغرىنىپ كۆچۈپ كېتىشى، مېنىڭچە، 1718 - يىلدىن كېيىنكى ئىش. 1718 - يىلى قازاقلارنىڭ مەشھۇر خانى تەۋكە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قازاق ئۈچ يۈزىنىڭ ئىتتىپاقلىقى بۇزۇلغان ئىدى. چوڭ يۈزنىڭ خانى پولات، ئوتتۇرا يۈزنىڭ خانى سامەكە، كىچىك يۈزنىڭ خانى ئەبلەخەيىر، ھەر قايسى ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇرغان ئىدى. شۇ چاغدا تۈركىستان سۇلتانى ۋەلىنىڭ (يەنى ئەبلەمەنسۇرنىڭ دادىسى) ئۈچ يۈزنىڭ بىرسىنىڭ خانلىق تەختىنى

تاما قىلىشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. ۋەلىي سۇلتاننىڭ جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى 1723 - يىلى ئەتىيازدا باشلانغان جۇڭغار فېئوداللىرىنىڭ ھىچقانداق تەييارلىقى بولمىغان قازاقلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىدىن كېيىن بولغان ئىش.

قازاق تارىخىدىكى ئېغىر بالايى - ئاپەت باشلانغان بۇ يىللاردا «... ۋەيران بولۇپ يۇرتىدىن ئايرىلغان قازاق ئاۋۇللىرى سىر دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتتى. چوڭ يۈز بىلەن ئوتتۇرا يۈز قازاقلىرىنىڭ بىر قىسمى چىرچىق دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. دۈشمەندىن قاچقان قازاق خەلقىنىڭ ئاز بىر قىسمى ئالقا كۆل ئەتراپىدىن بۇخارا ۋە سەمەرقەنتكە قاراپ ئاقتى. چوڭ يۈز بىلەن ئوتتۇرا يۈز قازاقلىرى ئارىسىدا بۇ ۋەقە (ئالقا كۆلدىكى ئاپەت) نامى بىلەن مەشھۇر. كىچىك يۈز قازاقلىرى ساۋران شەھىرىنى ئايلىنىپ (ساۋران ئايلانغان دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغان) ھازىرقى شىيەلى، قىزىلئوردا تەرەپتىن خىۋەگە قاراپ كۆچكەن». ⑥

شۇڭا، «سابالاق» داستانىدىكى بۇ دەۋر ھەققىدە «ئادەملەر ھەر تەرەپكە كەتتى قېچىپ» دەپ تەسۋىرلىنىشى ناھايىتى توغرىدۇر. «ياش بالا ئەبلەمەنسۇر» نىڭ «چوڭ يۈزنىڭ بىيى تۆلەنى ئىزدەپ تېپىشى» ھەم شۇ دەۋرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن.

لېكىن، شۇقان ۋەلىخانوۋ ئۆزىنىڭ «ئابلاي» ناملىق ماقالىسىدا: «خوشنا يۇرت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بىرى تۈركىستاننى بېسىۋېلىپ، ۋەلىينى ئۆلتۈردى، قۇللىرىنىڭ بىرسىنىڭ سادىقلىقىدىن ۋەلىينىڭ 13 ياشلىق ئوغلى ئابلاي ساق قالدى. ئۇ قول ئۆزىنىڭ ئابلايىنى ئېلىپ قازاق دالىسىغا قاچتى. مەشھۇر تۇققانلىرى دىققەت قىلمىغان ياش ئابلاي جاقسىلىق قەبىلىسىدىن چىققان بىر باي قازاققا بىرىپ خىزمەت قىلدى» ⑦ دەپ يازدۇ.

شۇقان ۋەلىخانوۋ بىرسىنچىدىن ئابلايخاننىڭ دادىسى ۋەلىينىڭ جۇڭغار فېئوداللىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېنىق ئېيتمايدۇ، ئىككىنچىدىن چوڭ يۈزدىكى مەشھۇر تۆلەبىينىڭ قولىغا بېرىپ توختاپ سابالاق دېگەن ئىسىم ئالغانلىقىنىمۇ ئېنىق يازمايدۇ. لېكىن، 1711 - يىلى تۇغۇلغان ئەبلەمەنسۇرنىڭ 1724 - 1725 - يىللاردا 13 — 14 ياشلىق بالا ئىكەنلىكى ئېنىق. 1723 - يىلدىكى جۇڭغار فېئوداللىرىنىڭ تاجاۋۇزىدىن بۇرۇن تاشكەنت ۋە تۈركىستان شەھەرلىرىنىڭ قازاق خانلىقلىرىغا قاراشلىق ئىكەنلىكىمۇ راست، بۇ شەھەرلەرنى جۇڭغارلار بېسىۋالغاندىن كېيىن، «سابالاق» داستانىدا يېزىلغانغا ئوخشاش ئەبلەمەنسۇرنىڭ ئۆزىگە يۆلەنچۈك ۋە پانا جاي ئىزدەپ كېتىشىمۇ تەبىئىيدۇر. مەيلى ئۇ نەگە بېرىپ پانا ئىزدىسۇن، سابالاق نامىنى ئالغان ئەبلەمەنسۇرنىڭ ئەسلىدىكى تۈركىستان شەھىرىنىڭ سۇلتانى ۋەلىينىڭ بالىسى ئىكەنلىكى ھەم ئېنىقتۇر.

لېكىن، « سابالاق » داستانىدا ۋە شوقان ۋەلىخانوۋنىڭ ماقالىسىدا 1723 - يىلدىكى قازاقلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرغۇچى جۇڭغار قوڭتەيجىسى گالدان سېرىن ئىدى دەپ خاتا يېزىلغان. بۇ چاغدىكى جۇڭغار قوڭتەيجىسى سىۋاڭ ئارابدان ئىدى. ئۇ، 1665 - يىلى ( كاڭشىنىڭ 4 - يىلى ) تۇغۇلغان. 1697 - يىلى جۇڭغار قوڭتەيجىسى بولغان. 1698 - 1699 - يىللاردا قازاق يەرلىرىگە ( ئىرتىش، چۇ، تالاس دەريالىرى بويلىرىغا ) دەسلەپكى قېتىملىق ھۇجۇملارنى ئۇيۇشتۇرغان ئىدى.

1616 - 1617 - يىللىرى سىۋاڭ ئارابدان ئۆزىنىڭ سىرىن دوگدۇبو قاتارلىق ئادەملەر قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلىرىنى شىزاڭغا ( لاساغا ) ئەۋەتكەن ئىدى. زاڭزۇلار چىڭ خاندانلىقى ئەسكەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى مەغلۇپ قىلدى. ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى 1721 - يىلى 2 - ئايدا ئىلىغا قايتىپ كەلدى. بۇ مەغلۇبىيەت سىۋاڭ ئارابدانغا نىسبەتەن ئېغىر دەككە ئىدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنىڭ ئامالىنى ئىزدىدى، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقتىكى شىزاڭ، چىڭخەي يەرلىرىدە قولغا كەلتۈرەلمىگەن نەرسىنىڭ ئورنىنى غەربتىن تولدۇرۇشنى ئارزۇ قىلدى.

جۇڭغارلار بىلەن قازاقلار ئارىسىدىكى ئوتلاق، سودا يوللىرىنى تالىشىدىغان ئۇرۇشلار 17 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن تارتىپلا داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن مەشھۇر قازاق خانى تەۋكە ( 1680 — 1718 - يىللار ) زامانىسىدا قازاقلار جۇڭغار فېئوداللىرىنىڭ تاجاۋۇزلىرىنى داۋاملىق چېكىندۈرۈپ، ئۇلارغا بوزەك بولمىغان ئىدى. تەۋكە خان ۋاپاتىدىن كېيىنكى قازاق خان - سۇلتانلىرى ئارىسىدىكى ماجرالارنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرغان جۇڭغار قوڭتەيجىسى سىۋاڭ ئارابدان 1723 - يىلنىڭ ئەتىيازىنى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى قىلىپ تاللىۋالغان ئىدى. سىۋاڭ ئارابدان قوڭتەيجى قازاقلارنى ئانا يۇرتىدىن قوغلاپ، بىپايان قازاق يايلاقلىرىنى ۋە قازاق خاندانلىقىغا قاراشلىق بارلىق شەھەرلەرنى ئىگىلىۋالماق بولدى. « سابالاق » داستانىدا تەسۋىرلەنگەن تارىخىي دەۋر 1723 - يىلدىن 1728 - 1729 - يىللىرىغىچە بولغان، قازاقلارنىڭ بېشىغا ئەڭ ئېغىر بالايى - ئاپەتلەر تۇغۇلغان يىللار ئىدى.

## 3. « سابالاق » قا « ئابىلاي » دېگەن نامنىڭ قاندىق كەلگەنلىكى توغرىسىدا

سابالاقنىڭ چوڭ يۈزنىڭ بېيى تۆلەنىڭ قولىغا كېلىپ تۇرغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات داستاننىڭ ئۆزىدىلا يېزىلىپ قالماستىن، باشقا تارىخىي كىتابلاردىمۇ يېزىلغان.

«تارىخى خەمسە شەرقى» ناملىق كىتاپتا قازاقنىڭ مەشھۇر ئاغزاكى تارىخچىسى، ئابلايخاننىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان بۇقارجىراۋنىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن مۇنداق بىر باھا بار:

«سەن ئابلاي، ئابلاي،
تۈركىستاندىن كەلگەن ئوغۇل ئىدىڭ،
ئۇ يەردىن كەلگەندىن كېيىن،
چوڭ يۈزدىكى تۆلە بىينىڭ
تۆگىسىنى باققان ئىدىڭ،
شەرەپ كەلدى بېشىڭغا،
خىزىر كەلدى قېشىڭغا،
بەخت ئوردىسىغا كېلىپ قوندۇڭ،
ئالتۇن تەختكە چىقىپ،
ئاق شۇڭقاردەك ياشىندىڭ.» ⑧

ئابلايخان ھەققىدىكى بۇ باھا «سابالاق» داستانى بىلەن «تارىخى خەمسە شەرقى» دە ئوخشاش بولغىنى بىلەن بەزى بىر تارىخى مەلۇماتلاردا باشقىچە يېزىلغان. مەسىلەن، يۇقۇرىدا شوقان ۋەلىخانوۋنىڭ ئۇ ھەققە: «... ياش ئابلاي جاقىلىق قەبىلىسىدىن چىققان بىر باي قازاققا بېرىپ خىزمەت قىلىدۇ...» دەپ يازغانلىقى توغرىسىدا ئېيتقان ئىدىم. «ئىلى دەرياسى» ژورنىلى (قازاقچىسى) دا ئېلان قىلىنغان جاقىپ جۇنۇس ئوغلىنىڭ ئابلايخان ھەققىدىكى ماقالىسىدا، بۇ تارىخى مەلۇمات باشقىچە بېرىلگەن. يەنى ئارغىن قەبىلىسىدىن چىققان ئىز باستى دەگەن شەشەن بىيى (ناتىق ئادەملەرنى قازاقلار شەشەن دەيدۇ) ئاغزىدىن بېرىلىدۇ. بىي ئابلايغا ئۆرگەنچ شەھرىدە ئۆسكەن ئىدىڭ دەيدۇ، تۈركىستان شەھرى ھەققىدە ئېغىز ئاچمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ «چوڭ يۈز يېرىگە كېلىپ، سابالاق سىرىق دىگەن نامنى ئېلىپ، تۆلە بىينىڭ مېلىنى باققان قۇل ئىدىڭ» دىگىنى ھەم «سابالاق» داستانى بىلەن «تارىخى خەمسە» دىكى مەلۇماتقا ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن ئوتتۇرا يۈزگە كەلگەندە، تۆمۈرنىڭ تون كەيگەن ئوغلى ئىدىڭ» دىگىنى يەنە باشقىچە بولۇپ چىقىدۇ.

مېنىڭ تارىخى يازما مەلۇماتلار بىلەن «ئابلاي» توغرىسىدىكى باشقا ئاغزاكى ھېكايىلاردىكى ئوخشىماسلىقلار توغرىسىدىكى كۆز قارىشىم بولسا «سابالاق» داستانى بىلەن يازما مەلۇماتلاردىكى ئوخشاشلىقلارغا ھۆرمەت قىلىشتۇر. مېنىڭچە، ئەبىلمەنسۇرنىڭ دادىسى ۋەلى جوڭغارلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، چوڭ يۈزدىكى تۆلە بىينىڭ

قولىغا كېلىشى، پەۋرەسەت كۆتۈپ دادىسى ئۈچۈن ۋە دەرت - ئەلەم تارتقان خەلق ئۈچۈن ئاتا دۈشمەنلەردىن ھېساپ ئېلىشنى ئويلىشى تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن. داستاندا سابالاق بۆكەنباي باتۇرغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەگىشىپ كېتىدۇ. ھېچقاچان باشقا بەزى مەلۇماتلاردا يېزىلغاندەك تۇلەبىيدىن خاپا بولۇپ كېتىپ قالمايدۇ. داستاندا ئۇنىڭ ئوتتۇرا يۈزدىكى تەمىر ئاملىق بايىنىڭ قولىغا بارغانلىقى ھەققىدە يېزىلمايدۇ. شۇڭا ۋەلىخانوپ ۋە قۇربان غالى خالىدىلەرمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن.

قازاق سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسىدە « ئابلاي 15 يېشىدا قازاقنىڭ جۇڭغارلارغا قارشى ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتتى » ⑨ دېيىلىدۇ. شۇقان ۋەلىخانوپنىڭ ماقالىسىدا بولسا: « ... ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا، قان دەريا بولۇپ ئاققان پەيتتە، ئابلاي سۇلتان بارلىق خەلقنىڭ كۆزىگە چۈشىدۇ. دەسلەپتە قاتاردىكى ئەسكەر بولۇپ، بارلىق جەڭلەرگە قاتنىشىپ يۈرۈپ، ئابلاي ئالاھىدە باتۇرلۇق كۆرسەتتى. پايدىلىق مەسىلىلەر تىلىرى ۋە ئىستىراتېگىيىلىك تەدبىرلىرى ئۇنى دانىشمەن قىلىپ تونۇتتى ». ⑩ دېيىلىدۇ. « سابالاق » داستانىدا، ئەبىلمامبەت خان قوماندانلىق قىلغان جۇڭغارلارغا قارشى بىر قېتىملىق جەڭ تەسۋىرلىنىپ:

بۇ قېتىم قازاق ئۈچىنى ئالماق ئىدى،
ھەر قانداق ئۆيدە ئادەم قالماپ ئىدى،
ۋەيران قىپ يۇرتىمىزغا قىلغان ھۇجۇم،
قۇنتەيجى غالدان سېرىن قالماق ئىدى.

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلىنىدۇ. مۇشۇ قېتىملىق قاتتىق جەڭدە ئىككى تەرەپ ئالدى بىلەن پەلۋانلىرىنى يەككە - يەكە چىقىرىدۇ. قالماقنىڭ چارىش دېگەن باتۇرىغا قارشى سابالاق چىقىدۇ. ئۇ غالىپ بولۇپ چارىشنى ئۆلتۈرىدۇ. قازاق قوشۇنى شۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ قەددىنى كۆتىرىپ قالماقلارغا قارشى قايتا رما ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئۇنداق بولسا بۇ جەڭ قايسى يىلى بولغاندۇ ؟

مەن داستاندا تەسۋىرلەنگەن بۇ ۋەقەنى مۇناسىۋەتلىك تارىخىي مەلۇماتلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. ئابلاينىڭ 15 يېشىدا قەھرىمانلىق داڭقى چىققان دېيىلىشى بويىچە، بۇ ۋەقە 1726 — يىلىغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئابلاي 1711 - يىلى تۇغۇلغان. لېكىن 1726 - يىلى جۇڭغارلار بىلەن قازاقلار ئارىسىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە جەڭ بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئادەتتە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان چوڭ جەڭلەرنىڭ

بىرسى 1728 - يىلى شۇبار دېڭىز كۆلىنىڭ ئەتراپىدا، بولانتى دەرياسىنىڭ ياقىسىدا بولغان جەڭ. يەنە بىرسى بولسا، 1729 - يىلى ئىلى دەرياسى ۋە قاراتال دەرياسى ياقىسىغا يېقىن جايدا بولغان جەڭ.

بۇ ئىككى قېتىملىق چوڭ جەڭدە قازاق قوشۇنلىرىغا ئوتتۇرا يۈزنىڭ نايمان قەبىلىسىدىن چىققان قارا كېرەي قابانباي باتۇر، ئارغىن قەبىلىسىدىن چىققان قانچغالى بوگەنباي باتۇرلار قوماندانلىق قىلغان بولۇپ، شۇ قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن جۇڭغار فېئوداللىرىنىڭ قوشۇنلىرى مۇداپىئەگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇلار ئۆز دۈشمىنىنى ئۇنچىۋالا ئاسان بويسۇندۇرالمايدىغانلىقىنى سېزىدۇ. قازاق قوشۇنلىرى بولسا، كۈندىن كۈنگە تولۇقلىنىپ، جەڭگىۋارلىق روھى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

«سابالاق» داستانى رەسمى يازما تارىخىي ھۆججەت ئەمەس، ئۇ، خەلق ئېغىزدىكى ھېكايىلەرگە ئاساسەن يېزىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ يازما تارىخىي مەلۇماتلارغا ئوخشىماي قالغان يەرلىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

«سابالاق» داستانىدىكى «ياش بالا ئەبلمەنسۇر» نىڭ ئۆز بوۋىسى «ئابلاي» نىڭ نامى بىلەن داڭقى چىققانلىقى ھەققىدە يېزىلغان ۋەقەلەرنىڭ يازما تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئوخشىمايدىغان يەرلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، داستاندىكى «ۋەيران قىلىپ يۇرتىمىزنى قىلغان ھۇجۇم، قۇنتەيجى غالدان سېرىن قالماق ئىدى» دېگەن مىسرالارنى تەھلىل قىلايلى. ئەگەر بۇ مىسرالار جۇڭغار فېئوداللىرىنىڭ دەسلەپكى تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا قارىتىلغان دېيىلسە، ئۇ 1723 - 1724 - يىللىرىدىكى ۋەقە بولىدۇ. ئۇ چاغدىكى جۇڭغارلارنىڭ قۇنتەيجىسى غالدان سېرىن ئەمەس، بەلكى سېۋاڭ ئارابداندۇر. ئەگەر بۇ ۋەقە ئەبلمەنسۇرنىڭ (سابالاقنىڭ) 15 يېشىدا بولغان دېيىلگەندە، ئۇ 1726 - يىلغا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا سېۋاڭ ئارابدان تېخى ھايات ئىدى. سېۋاڭ ئارابدان 1727 - يىلى ئۆلىدۇ. ئاندىن كېيىن غالدان سېرىن قۇنتەيجىلىك تەختكە چىقىدۇ. ئەگەر سابالاقنىڭ «ئابلاي» دەپ داڭقى چىققان بۇ قاتتىق جەڭ غالدان سېرىن تەختكە چىققاندىن كېيىن بولغان دېيىلسە، ئۇ چاغدا چوقۇم 1727 - يىلدىن كېيىنكى ۋەقە بولىدۇ. مەن سابالاقنىڭ ئابلاي نامى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان 1728 - 1729 - يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق چوڭ ئۇرۇشنىڭ بىرىدە چىققان بولسا كېرەك دېگەن قاراشتىمەن. چۈنكى بۇ چاغلاردا سابالاق 17 — 18 ياشلارغا كەلگەن يىگىت بولىدۇ. بۇ چاغلاردا ئۇنى دۈشمەن باتۇرى بىلەن يەكمۇ-يەك چىقىتى دېيىلسە، ئەقىلغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئىككىنچى، «سابالاق» داستانىدىكى ئەبىلمەنسۇر يەككمۇ - يەك ئېلىشقان قالماق باتۇرى چارش دېگەن شەخس ئۈستىدە ئازراق توختىلايلى: شوقان ۋەلىخانوپ «ئابلاي» ناملىق ماقالىسىدا ئابىلاي «گالداننىڭ سۈيۈملۈك ئوغلى چارچانى ئۆلتۈرگەن» دەپ يازىدۇ. (13) لېكىن داستاننىڭ ئۆزىدە ۋە جاقىپ جۈنىسنىڭ ماقالىسىدا قالماق باتۇرى چارش گالداننىڭ ئوغلى دەپ يېزىلمىغان. باشقا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ھۆججەتلەردىمۇ بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات تاپالمىدىم.

مېنىڭچە، قازاق — قالماق قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان قاتتىق بىر جەڭدە «سابالاق» نىڭ مەلۇم بىر قالماق باتۇرى بىلەن يەككمۇ - يەككە ئېلىشقا چىققانلىقى چوقۇم. ئۇنىڭ ئىسمى چارش ياكى چارشا بولۇشى ھەم مۇمكىن. لېكىن بۇ باتۇرنىڭ سۇئاڭ ئارابدان ياكى غالدان سېرىننىڭ ئوغلى بولۇشى ناتايىن. مەن جۇڭغار قۇنتەيجىسى باتۇر ئەۋلادلىرىنىڭ شەجەرىسى تارىلىشى كۆرسىتىلگەن ماتېرىيالنى ئاختۇرۇپ كۆردۈم. سۇئاڭ ئارابدان ئۆزى باتۇر قۇنتەيجىنىڭ نەۋرىسى، غالدان سېرىن ئۇنىڭ چەۋرە ئوغلىدۇر. بىراق، غالدان سېرىننىڭ بالىلىرىنىڭ ئىسىملىكى ئارىسىدا چارش (ياكى چارشا) نامى ئۇچرىمىدى. شۇڭا مەن شوقان ۋەلىخانوپنىڭ ماقالىسىدىكى ئابلاي «گالداننىڭ سۈيۈملۈك ئوغلى چارشانى ئۆلتۈرگەن» دېگەن مەلۇمات ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەس، دېگەن قاراشتىمەن.

ئۈچىنچى، «سابالاق» داستانىدا، ئەبىلمەنسۇر قالماق باتۇرى بىلەن يالغۇز ئېلىشىش ئالدىدا ئەبىلمامبەت خاندىن رۇخسەت ۋە دۇئا ئالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ دۈشمەن باتۇرى چارشنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، قازاق قوشۇنىنى باشلاپ دۈشمەننى «ئابلاي - ئابلاي» دەپ شۇئار توۋلاپ قوغلايدۇ. مەغلۇپ بولغان دۈشمەن قوشۇنى ئالاتاۋ تاغلىرىدىن ئېشىپ قاچىدۇ. ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ھەيۋىتىگە «ئابلاي» دەپ شۇئار توۋلىشىغا ھەيران قالغان ئەبىلمامبەت خان ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سابالاقنى ئۆز ئالدىغا چاقىرىپ:

ئېلىڭ، يۇرتۇڭ، ئاتا - ئاناڭ، تۇققىنىڭ كىم؟
ئەھۋالىڭنى تەپسىلى ئېيتقىن ماڭا، - دەيدۇ.
ئىسمىم ئەبىلمەنسۇر دادام قويغان،
جەڭ ئۈستىدە قۇربان بولۇپ كەتتى دادام
سورىساڭ دادام ئىسمى ۋەلىي خان،
ئۇنتۇلۇپمۇ كەتكەندۇر ئۆلگەن ئادەم.

«ئابلاي» نامىنى تۇۋلاپ دۈشمەنگە يولۋاستەك ئېتىلغان ياش باتۇرنىڭ خانلىق تەختىگە چىقالمىغانلىقتىن قېيداپ كۆچۈپ كەتكەن ئاكىسى ۋەلىي خاندىن قالغان بىر ئەۋلات ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن ئەبىلمامبەت خان ھۆكۈرەپ يىغلاپ ئاتتىن چۈشۈپ سابالاقنى باغرىغا بېسىپ كۆرۈشىدۇ. داستان خاننىڭ ئەبىلمەنسۇرغا «تەختتىن چۈشۈپ ئورنۇمنى بېرەي، سەن رازى بولغىن ...» دەپ ئاساسەن ئاخىرلىشىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئەبىلمەنسۇرنىڭ ئىسمى قازاق ئىچىدە بۇۋىسىنىڭ ئىسمى بىلەن «ئابلاي» ئاتىلىپ كېتىدۇ.

«سابالاق» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن ئەبىلمامبەت خان 1723 — 1729 - يىللاردا قازاق ئوتتۇرا يۈزىنىڭ ئاتاغلىق سۇلتانلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ داستاندا تەسۋىرلەنگەندەك چوڭ بىر جەڭگە قوماندانلىق قىلغان بولۇشى ئېھتىمالدۇر. ئۇنىڭ ئۆز تۇققىنىنىڭ بالىسى ئەبىلمەنسۇرنى بىر قانلىق جەڭ ئۈستىدە ئۇچرىتىشى مۇمكىن. بۇ شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا بولۇدىغان ئەھۋالدۇر. لېكىن ئەبىلمامبەت ئۇ چاغدا تېخى رەسمىي خانلىق تەختىگە چىقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ رەسمىي خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇشى 1734 - يىلى ئوتتۇرا يۈز خانى سامەكە ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى ئىش.

«سابالاق» داستانى شۇ دەۋردە ياشىغان ئادەم تەرىپىدىن يېزىلمىغانلىقى ئۈچۈن، تارىخىي پاكىت جەھەتتە بەزى خاتالىقلارنىڭ سادىر بولۇشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. يىل ھېساۋى ئېنىق بېرىلمىگەن، خەلق ئېغىزىدىكى ھېكايىلارغا ئاساسەن، كېيىنكى دەۋر ئادىمى تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ تارىخىي داستان ئومۇمىي جەھەتتىن (داستاننىڭ داۋامى يوق بولسىمۇ) ئىنتايىن قىممەتلىك ئەسەردۇر. ئۇ ناھايىتى ئىخچام داستان بولسىمۇ، ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي دەۋر تەسۋىرلەنگەن، ۋەتەنلىكى ئىشەنچلىك تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە بېرىدىغان مەلۇماتى ھەم مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇشقا ئەرزىيدۇ.

مەسىلەن، «سابالاق» داستانىنىڭ ئېلان قىلىنغان ۋارىيانتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۇبلېتتا ئەبىلمامبەت خان ئابلايغا «تەختتىن چۈشۈپ خانلىقنى ساڭا بېرەي» دېگەندىن كېيىن:

«قازاقنىڭ چاقچاجانبەك ئۆلگىسى ئىدى،
چوڭ دانىشمەن ۋە مۆتىۋەر موللىسى ئىدى،
سەن بېرىپ جانبەكتىن دۇئا ئالغىن
ئۇنىڭ ئەقلى بىپايان مول كىشى ئىدى»

دەپ داستان تاماملىنىدۇ. شۇ چاغدا (يەنى 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا) قازاقتا مۇشۇنداق بىر ئاتاغلىق تارىخىي شەخس ياشىغانلىغى ھەم راست. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى چاقشاق جانىبەك بولۇپ، قازاقلارنىڭ ئاتاغلىق باتۇرلىرىدىن بىرى ئىدى. چاقشاق جانىبەكنىڭ ئەجدادى يەنى چوڭ بوۋىلىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى كوشەي، كوشەينىڭ ئوغلى قوشقار، قوشقارنىڭ ئوغلى جانىبەك، ئۇ توغرىدا يېزىلغان «چاقشاق جانىبەك باتۇر» دىگەن تارىخىي داستانمۇ بار ئىكەن. ئۆز زامانىسىدا قازاقتا تۇنجى قېتىم بۇ ئادەمگە «تارخان» ئۇنۋانى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ داڭلىق تارىخىي شەخس 1751 -يىلى (ئابلايخاندىن 30 يىل بۇرۇن) ۋاپات بولۇپتۇ. شۇڭا، ئەبلمامبەت خاننىڭ ئۆز تۇققىنى ۋەلىينىڭ بالىسى ئەبلمەنسۇرنى (يەنى كېيىنكى ئابلايخاننى) بۇ ئاتاغلىق باتۇردىن مەسلىھەت ئېلىشقا ئەۋەتىشى ئەلۋەتتە ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىشتۇر.

## ئاخىرقى سۆز

«سابالاق» داستانى، مېنىڭچە، يېزىلىپ ئاخىرلاشمىغان داستان. ئەگەر يېزىلىپ بولغان دىگەندىمۇ ئاخىرى يوقۇلۇپ كەتكەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇ ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر. داستاندا ئابلايخاننىڭ باللىق ۋە ياشلىق دەۋرى تەسۋىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ شۇ ئېغىر كۈنلەردىكى سابالاق دىگەن قوشۇمچە ئىسمى داستاننىڭ نامى بولۇپ قېلىشىمۇ تەبىئى ئەھۋالدۇر. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بەلكى ئاپتور داستاننىڭ سابالاق ناملىق قىسمىنى ئاخىرلاشتۇرغان دىيىشكىمۇ بولىدۇ.

مەشھۇر ئابلايخان ھەققىدىكى بۇ قەھرىمانلىق داستانى خاننىڭ كېيىنكى ھاياتى ۋە ئىشلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرەلمىگەنلىگى ئۈچۈن، مەن ماقالامنىڭ ئاخىرقى خۇلاسە قىسمىدا ئابلايخان ھەققىدە مەلۇمات بەرمەكچىمەن:

ئابلاي 15 — 20 ياش ۋاقتىدا قازاق ئوتتۇرا يۈزىنىڭ ئاتاغلىق سۇلتانلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان تارىخىي دەۋرلەردە قازاق خەلقىنىڭ جۇڭغار فېئوداللىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەشلىرى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، قەھرىمانلىق كۆرسىتىپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ ھەربى ئىشلاردىكى ئەقىل - پاراستى، قوماندانلىق جەھەتتىكى چېۋەرلىگى ئارقىلىق قازاق خەلقىغە «ئۇلۇغ ئىشلار ئىشلەش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن» ⑭ «دانىشمەن» ئادەم بولۇپ تونۇلىدۇ.

ئابلايخان ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ھۆججەتلەرنى كۆرسەك، خەلق ئارىسىدىكى ئۇ ھەققىدە تارقىلىپ يۈرگەن ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرساق ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھەقىقەتەن «ئەقىللىق، چېۋەر تەشكىلاتچى، جۈرئەتلىك قوماندان، مەشھۇر دىپلومات ۋە ئامال - تەدبىرى كۆپ ئادەم» ⑮ بولغانلىقىغا قايىل بولىمىز.

بۇنىڭدىن ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن بۇ مەشھۇر شەخسنىڭ كۆچمەن فېئوداللىق خانلىق دەۋرىدە ياشاۋاتقان قازاقلار ئارىسىدىن چىقىپ داڭقى دۇنياغا تونۇلغان ھەربىي قوماندان، تەدبىرلىك خان ۋە مەشھۇر دىپلومات بولۇپ يېتىلىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇنى شۇ چاغدىكى ئالاھىدە تارىخىي دەۋر ئۆزى چېنىقتۇرغان ۋە يېتىلدۈرگەن بولۇپ، قازاق خەلقى تاكى ھازىرغىچە جۇڭغار فېئودال لىرىنىڭ ۋە چار روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلغان بۇ ئاتاغلىق خاننى يادىدا ساقلاپ مەدھىيىلەپ كېلىۋاتىدۇ.

1728 - 1729 - يىللىرىدىن باشلاپ 1756 - 1757 - يىللىرىغىچە داۋاملاشقان جۇڭغار فېئودال لىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش جەريانىدا باشتا پارتىزان ئەترەتلىرى ئۇيۇشتۇرغان قازاق باتۇرلىرى كېيىن ئاستا - ئاستا ھەممىسى دېگۈدەك ئابلايخاننىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ. ئۇ تېخى خانلىق تەختىگە ئولتۇرماستىنلا خەلق ئۇنى خان دەپ تونۇيدۇ. خوشنا دۆلەتلەر ۋە خەلقلەرمۇ قازاق ئۈچ يۈزىنىڭ خانلىرىدىن بۇرۇنراق ئابلاي بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا ئالدىرايدۇ.

«تارىخىي خەمسە شەرقىي» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى تاتار تارىخچىسى قۇربانغالى خالىدى: «قازاقلارغا تەۋە خانلار ئارىسىدا ئاخىرقى خانلارنىڭ ئەڭ داڭلىق ۋە مەشھۇرى ئابلايخان ئىدى» دەيدۇ. ئابلاي قوماندانلىق قىلغان ئۇرۇشلار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان قازاق باتۇرلىرى ھەققىدە ئاپتور تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ.

18 - ئەسىردىكى قازاق تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ كۆرسەك، چار روسىيە ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگونىڭ چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى، قازاق خان - سۇلتانلىرى ئارىسىدا ئابلاينىڭ ئورنىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

1723 - يىلدىن 1756 - 1757 - يىللارغىچە ئوتتۇز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت قازاقلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش يۈرگۈزگەن جۇڭغار فېئودال قۇنتەيجىلىرىدىن غالدان سېرىن، سۇۋاڭ دورجى، لاما دارجا، داۋاچى ۋە ئامۇرسانالار ھەممىسى دېگۈدەك ئابلاينىڭ ئەڭ ئىقتىدارلىق، ئەڭ قەتئىي قازاق سۇلتانى ۋە خانى ئىكەنلىكىگە قايىل بولىدۇ، ئۇ ئۇرۇش مەيدانىدىكى چېۋەر قوماندان بولۇپلا

قالماستىن، تەدبىرلىك دىپلومات ئىدى، ئۇ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىنىكى زىددىيەتلەردىن ئىنتايىن چېۋەرلىك بىلەن پايدىلانغان بولۇپ، بەزىدە ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئۇلار بىلەن كېلىشىمگە كېلىپ، ئۆز كۈچىنى ساقلىسا، بەزىدە ئوڭۇشلۇق پۇرسەتلەرنى غەنىمەت بىلىپ، غەلىبىلىك ئۇرۇشلارنى قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئەدىپىنى بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەۋردىكى قازاق باتۇرلىرى (يەنى قازاق خەلق قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرى) قاراكېرەي قابانباي، قانجىغالى بوگەنباي، چاقشاق جانىبەك، ئەرجانىبەك، ئەسپانىبەك، نايمان باراق، ماتاي شۇنكەي، سەنتەمان مالايسارى، بوراقباتاي ۋە باشقىلار ھەممىسى دىگەدەك ئابلايخاننىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ. ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى قازاق قوشۇنى جۇڭغار فېئوداللىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ قالدى ۋە بارغانسېرى ئۆرلەيدۇ.

چاررۇسسىيە ھۆكۈمىتى پۈتۈن قازاق دالىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قازاق فېئودال خانلىرىنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئالدى بىلەن قازاق كىچىك يۈزىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان ئىدى. شۇڭا، 1731 - يىلى قازاق كىچىك يۈزىگە ئۆزىنىڭ ئەلچىسى تەفكەلەۋنى ئەۋەتكەن ئىدى. قازاق كىچىك يۈزىنىڭ خانى ئابۇلقايىر چاررۇسسىيە ھۆكۈمىتىگە قاراشقا مايىل بولغاندا، ئابلاي ۋە ئابۇلمامبەت قاتارلىق قازاق سۇلتانلىرى بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇردى. رۇسسىيە ئەلچىسى تەفكەلەۋ شۇ چاغدا ئابلايىنى «قازاق ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ تەدبىرلىكى ۋە ئەڭ ئابرويلىقى [16]» ئىدى، دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ.

شوقان ۋەلىخانوپ ئۆزىنىڭ «ئابلاي» ناملىق ماقالىسىدا: «1739 - يىلغا كەلگەندە ئابلاي ئوتتۇرا يۈز ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرى بولۇپ چىقىدۇ... قازاق ئېلىگە (يۇرتىغا) ئەۋەتىلگەن رۇسلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ھەقىقىي خانلارنىڭ ئۇ چاغدا ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغان [17]» دەپ يازىدۇ. چۈنكى، بۇ چاغلاردا ئابلاي تېخى رەسمىي خانلىق تەختىگە چىقمىغان ئىدى.

1755 — 1757 - يىللىرى ئارىلىقىدا جۇڭغار فېئوداللىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىكىنى تىنجىتىشقا ئەۋەتىلگەن چىڭ خاندانلىقى قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرىمۇ، قازاق خان سۇلتانلىرى ئارىسىدىن ئالدى بىلەن ئابلاي بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ، ئۇنى قازاقلارنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانى دەپ تونۇيدۇ. 1771 - يىلغا كەلگەندە چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا رەسمىي خانلىق مەرتىۋە بېرىدۇ. ئابلاي خان 1731 - يىلدىن 1781 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر، قازاق خەلقىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن چوڭ دىپلوماتىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ ۋە دۇنياغا تونۇلىدۇ. بىز

ئىشلارنى تەپسىلى بايان قىلىش «سابالاق» داستانىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەتقىق قىلىش دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرچە بۇ ماقالىدا بۇ ھەقتە توختالمايمىز.

«سابالاق» داستانى ھەققىدىكى بۇ ماقالىدا تارىخى پاكىتلاردىن خاتا بولغانلىرى ۋە داستانغا باھا بېرىشتە كەتكەن سەۋەنلىكلەر بولسا، تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ئىزاھلار

① «قازاق س س ر تارىخى»، 1 - توم، 1957 - يىل نەشرى، 241 - بەت.
② شۇقان ۋەلىخانوپ: «ماقالىلار ۋە خەتلەر» (قازاقچە) 11 - بەت.
③ سۇڭ جۇن: «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە ساۋات» نىڭ «ئوتتۇرا يۈز» ( ) قىسمى.
④ «قازاق سوۋېت قامۇسى» 6 - توم.
⑤ «قازاق س س ر تارىخى»، 1 - توم، 1957 - يىل نەشرى، 243 - بەت.
⑥ «قازاق سوۋېت قامۇسى»، 1 - توم، 220 - بەت.
⑦ شۇقان ۋەلىخانوپ: «ماقالىلار ۋە خەتلەر»، 1956 - يىل، قازاقچە نەشرى، 11 - 12 - بەتلەر.
⑧ قۇربانغالى خالىدى: «تارىخى خەمسە شەرقى».
⑨ «قازاق سوۋېت قامۇسى»، 1 - توم، 35 - بەت،
⑩ شۇقان ۋەلىخانوپ: «ماقالىلار ۋە خەتلەر»، 1956 - يىل قازاقچە نەشرى، 13 - بەت.
⑪ بۇلانتى دەرياسى — سوۋېت قازاقىستانىدىكى جەزقازغاننىڭ غەربىدىن باشلىنىپ غەربىي جەنۇپقا ئاقىدىغان دەريا.
⑫ قاراتال — تىيانشاندىن باشلىنىپ بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدىغان دەريا.
⑬ شۇقان ۋەلىخانوپ: «ماقالىلار ۋە خەتلەر»، 1956 - يىل نەشرى، 13 - بەت.
⑭ يۇقۇرقى كىتاپ.
⑮ «قازاق سوۋېت قامۇسى»، 1 - توم، 35 - بەت.
⑯ شۇقان ۋەلىخانوپ: «ماقالىلار ۋە خەتلەر» 13 - بەت.
⑰ 16 - ئىزاھات بىلەن ئوخشاش.

# ئۆزبېك تىل - يېزىغى توغرىسىدا قىسقىچە بايان

## ئابدۇغەنى ھەسەن ( ئۆزبېك )

ئۆزبېك تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركى تىللار ئائىلىسىگە ( تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتساق، ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەرنى، ئىچىگە ئالغان قارلۇق تارمىقىغا ) كىرىدىغان تىللارنىڭ بىرىدۇر.

بۇ تىل ئۆزبېك مىللىتىنى تەشكىل قىلغان ئۇرۇغ، قەبىلە، خەلقلەرنىڭ جانلىق سۆزى ئاساسىدا، ئۆزبېك خەلقىنىڭ پۈتۈن تارىخى داۋامىدا يۈزلەرچە ئەۋلادلار تەرىپىدىن يارىتىلغان؛ ئۆزبېك خەلقى ئورۇنلاشقان ماكان ۋە مۇھىتتىكى ھەر خىل شارائىتلار دائىرىسىدە راۋاجلانغان. ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى بىر پۈتۈن ئۆزبېك مىللى تىلى تەرەققىياتىنىڭ يۇقۇرقى فورمىسى ۋە ئۆزبېك مىللى مەدەنىيىتىنىڭ بىر خىل شەكلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئىلمىي، مەدەنى تىلى سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە تېگىشلىك، تىل نۇسخىسىدۇر.

ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت بايلىقى ۋە گىرامماتىكىسىنى ئۆزبېك مىللىتى قەدىمقى زامانلاردىن بۇيان قوللۇنۇپ كەلگەن. ئۆزبېك تىلىنىڭ دەسلەپكى لۇغەت بايلىقى ۋە گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ھەتتا قوللۇق دەۋرىنىڭ ئىلگىرىكى باسقۇچلىرىدىن باشلىنىدۇ. مىلادىمىزنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىگە ئائىت ئايرىم يادىكارلىقلار تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا خەلقلەر تىللىرى قاتارىدا ئۆزبېك تىلىنىڭمۇ ئەڭ بالدۇرقى تىللاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۆزبېك تىلى پۈتۈن تارىخ داۋامىدا ئۆزىنىڭ بارلىق ئاساسىي قىسىملىرىنى، ئاساسىي لۇغەت بايلىقى ۋە گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى ساقلاپ كېلىپ، تەرەققى قىلدۇرۇپ، ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىغا يېتىپ كەلگەن.

تارىخي نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، ئۆزبېك تىلى لېكسىكىسىدىكى تۈركى تىللار ئۈچۈن ئورتاق بولغان سۆز بايلىقلىرى ئۆزبېك تىلىنىڭمۇ لۇغەت سۇستاۋىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تارىخي مەلۇماتلار ۋە يازما يادىكارلىقلارغا قارىغاندا، ئۆزبېك تىلى 11 - 12 - ئەسىرلەردە يازما تىل بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ يادىكارلىقلاردا، ئالىملارنىڭ

ئىسپاتلىشىچە، ئۆزبېك تىلىنىڭ تەركىپلىرى ھەر جەھەتتىن ئاسارتۇقراق ۋە كۈچلۈكرەك ئورۇن ئالغان. يەنە چوڭقۇرراق قارىساق، 6 — 8 - ئەسىر يادىكارلىقلىرىدا، كۆلتېكىن ئابىدىلىرىدە ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىنىڭ لۇغەت تىلى تەركىۋىگە ئائىت سۆز ۋە ئىبارىلەر بار. بۇ يادىكارلىقلاردا ئالتۇن، كۈمۈش، كىشى، تاش، ئىنە، ئوغلى، ئاپەم، يەر - سۇ (ۋەتەن مەنىسىدە)، ئاغىر، ياغۇ (ياۋ مەنىسىدە)، قىلىچ، كۆز، قاش قاتارلىق ئىسىملار، كىچىك، كۆك، بوز قاتارلىق سۈپەتلەر، بىر، تۆرت، يېتى، توققۇز، يەگىرمە، ئوتتۇز، ئىككى، ئۈچ قاتارلىق سانلار؛ ئۆزۈم، قول، بۇ قاتارلىق ئالماشلار، تۆكەدى (تۈگىدى مەنىسىدە)، قىلتىم (قىلدىم مەنىسىدە)، بىلتىمىز، سەنچىتىمىز قاتارلىق پېئىللار، بىرلە، ئىچرە، ئۈچۈن، ئۆزرە، ئۆزرە قاتارلىق ياردەمچى سۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز.

ئەمما تېررىتورىيە ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمدە ئومۇملىق ۋە تولۇق بىرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزبېك تىلى تولۇق مەنىسى بىلەن مىللى تىل شەكلىگە كىرىشكە كېچىكىپ ئۈلگۈردى. بۇندىن باشقا تاتارىزىم ۋە غەربىي تۈرك تەركىپلىرىنىڭ تەسىرى خېلى يېقىنقى زامانلارغىچە ئۆزبېك تىلى بىلەن ئارىلىشىپ كەلدى. شۇڭا شۇ دەۋرلەردە ئۆزبېك مەتبۇئاتلىرىنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرى ساپ ئۆزبېك مىللى تىلى بويىچە يېزىلالمىدى. نەتىجىدە، ئۆزبېك خەلقى مىللەتنى تەشكىل قىلىدىغان شەرتلەرنىڭ تىل بىرلىكى شەرتىنى باشقا شەرتلەرگە قارىغاندا ئەڭ كېيىن يېتىشتۈردى.

ئۆزبېك مىللىتىنىڭ مىللەتلىك خۇسۇسىيىتىنى بەلگىلەيدىغان بەلگىلەردىن بىرى ئۇنىڭ مىللى تىلىدۇر. مىللەتنىڭ تىل بىرلىكى مىللەتنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. تىل بىر خىل بولمىسا، مىللى بىرلىكنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھازىرقى بىرلەشكەن ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىنىڭ تەقدىرى ئۆزبېك مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن مەھكەم باغلانغان. ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقلەر ئۆزبېك مىللىتىگە ئايلىنىشى بىلەن ئۇلارنىڭ تىللىرىمۇ مىللى تىلغا ئايلانغان. مىللەتنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن بۇ مىللى تىلمۇ راۋاج تاپقان ئىدى. ئەگەر مىللەت ئۆزىنىڭ مىللەتلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقۇتىدىكەن، ئۇنىڭ تىلى ھەم مىللى تىللىق خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىدۇ.

* * *

ھازىرقى ئۆزبېك مىللى تىلى بىلەن بۇرۇنقى خەلق تىلى، قەبىلە، ئۇرۇغ تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت بايلىقى، گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئېگىزى بىر. ئۆزبېك تىلىنى دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىنى ئۈچ تەرەپتىن كۆزەتكەندە ئاندىن ئېنىقراق چۈشەنگىلى

بولىدۇ. بىرىنچى، تىل خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن ئىككى خىل دىئالېكت بار: بىرى، ئاتە دەپ سۆزلەيدىغان، يەنە بىرى، ئەتە دەپ سۆزلەيدىغان ئۆزبېكلەر دىئالېكتى. بۇ ئىككىنچى گۇرۇپپىغا كىرىدىغان ئۆزبېك دىئالېكتى يەنە: «ھالىمگە» دەپ، «ھالىمە» دەپ سۆزلىگۈچى ئۆزبېكلەر دىئالېكتى دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. ئىككىنچى، تېررىتورىيە جەھەتتىن ئۆزبېك دىئالېكتلىرى ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلىنىدۇ: ( 1 ) مەركىزىي دىئالېكت؛ ( 2 ) خارەزىم دىئالېكتى؛ ( 3 ) قىشلاق شىۋىلىرى. ئۈچىنچىسى، ئېتنىك جەھەتتىن ئۆزبېك دىئالېكتى ئۈچ خىلغا بۆلىنىدۇ: ( 1 ) چاغاتاي دىئالېكتى؛ ( 2 ) قىپچاق دىئالېكتى؛ ( 3 ) ئوغۇز دىئالېكتى. بۇلاردىن باشقا يەنە بەزى كىچىك دائىرىلىك شىۋىلەرمۇ بولغان ئىدى. ئۇلار كېيىنچە چوڭ شىۋىلەرگە قوشۇلۇپ، سىڭىشىپ كەتتى.

بىر مەزگىل ئايرىم كىشىلەر ئۆزبېك دىئالېكتىنى ئېتنىك جەھەتتىن ئۈچ خىل تۈركى تىلدىن كەلگەن دەپ قارىغان. مەركىزىي دىئالېكتىنى ئۇيغۇر تىلىغا ياكى چاغاتاي ئۇرۇغلىرى ئارقىلىق موڭغۇل تىلىغا، «ھالىمە» دەپ سۆزلىگۈچى ئۆزبېكلەر دىئالېكتىنى قازاق ۋە قىرغىز تىللىرىغا، جەنۇبىي خارەزىم دىئالېكتىنى بولسا تۈركمەن ۋە ئەزەربەيجان تىللىرىغا باغلايدۇ. ئۇلار ئۆزبېك تىلىنى گويا ئۈچ خىل تۈركى تىلدىن تەركىب تاپقان بىر تىل دەپ ھېساپلايدۇ. بەزىلەر ئۆزبېك تىلىنى ئىرانلاشقان، ئىرانلاشمىغان دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكىمۇ ئۇرۇنىدۇ. بۇنداق ھېساپلاش تىلنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىنى ئىنكار قىلىش، ئۆزبېك تىلىنىڭمۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىغا ئوخشاش قانۇنىيەت ۋە جەريانلار ئارقىلىق مۇستەقىل مىللىي تىل بولۇپ يېتىشكىنىگە كۆز يۇمۇش، رىيال ئىلمىي پاكىت ۋە تارىخىي مەلۇماتلارنى ساختىلاشتۇرۇش بولىدۇ. ئۇزاق تارىختىن بىر مىسال ئالساق، «ئۇزىلە ئوت» لىق شىۋە دەپ ئاتالغان نەمەنگان شىۋىسى كېيىن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارغا ئالاقىدار بولغان ئۇرۇغلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان بولسىمۇ، بۇ شىۋە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قەدىمقى ئۆزبېك دىئالېكتى خاراكتېرى ۋە بەلگىسىنى ساقلاپ قالغان.

يۇقىرىدىكىلەرنى يىغىپ ئېيتساق، ئۆزبېك تىلىدىكى دىئالېكتلار تۆۋەندىكىچە:

1 . ئورتا ئۆزبېك دىئالېكتى ( ئورتا ئۆزبېكىستان ۋە شىمالىي ئۆزبېك شىۋىلىرى )؛

2 . شەيبانى — ئۆزبېكلەر دىئالېكتى ( ئۆتمۈشتە كۆچمەن ياكى يېرىم كۆچمەن ياشىغان خىتاي، قىپچاق، مانغىت، نەيمەن، مىڭ، يۈز، قىرىق ئۇرۇغلىرىنىڭ شىۋىسى، بۇ شىۋىدە سۆزلىشىدىغان ئۆزبېكلەر 16 - ئەسىردىن باشلاپ ھازىرقى شىنجاڭ تېررىتورىيىسىگە كەلگەن).

3. جەنۇبىي خارەزىم دىئالېكتى (ئاساسەن شەھەر ئەتراپى قىشلاق شېۋىلىرى بولۇپ، ناۋايى بۇ دىئالېكتنى تۈركچە - خارەزىمچە دەپ ئاتاپ ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

4. ئالاھىدە ئۆزبەك شېۋىلىرى (يۇقۇرىدىكى شېۋىلەرگە كىرمەيدىغان ئىمقات، مەنكىت قاتارلىق كەڭ رايونلارنىڭ شېۋىلىرى ئەسلى ئوغۇز شېۋىسىدىن بولۇپ، 9 - 10 - ئەسىرلەردىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ھازىرمۇ ساقلاپ قالغان.

يۇقۇرىدىكى دىئالېكتلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ۋە قىسمەن لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئايرىم قارىغاندا، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھازىرقى ئۆزبەك مىللى ئەدەبىي تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە تولۇق ماس كەلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدۇ.

دىئالېكتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، ھازىرقى زامان ئۆزبەك ئەدەبىي تىلى مەركىزىي شەھەر شېۋىلىرىگە تايىنىدۇ. مەركىزىي شەھەر شېۋىلىرى ھازىرقى ئۆزبەك ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسىدۇر. قالغان ئۆزبەك دىئالېكتلىرىگە كەلسەك، بۇ شېۋىلەر ئومۇم مىللەت تىلىنىڭ قانۇن - قائىدىلىرىگە بويسۇنىدۇ. مەركىزىي شەھەر شېۋىلىرىگە تەدرىجى سىڭىپ كىتىدۇ.

شەھەر شېۋىلىرى ئۆزبەك تىلى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي فورمىسى ئۈچۈن ئاساس بولالايدىغان كۆپلىگەن ئومۇمى خاراكتىر ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگىدۇر. شۇڭا ئۆزبەك مىللى ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىجابى تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە مەركىزىي شەھەر شېۋىلىرى ئومۇمى فونېتىك بەلگىلىرى بىلەن ئايرىم شېۋىلەرگە سىڭىپ بارماقتا.

شىنجاڭدىكى ئۆزبەكلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمۇ ئەنە شۇ دىئالېكت ۋە شېۋىلەرنى ئىشلىتىپ يۇرۇپ تەرەققى قىلىپ ھازىرقى زامان ئۆزبەك ئەدەبىي تىلىنى ئىشلىتىشكە يېتىشكەن ئىدى. يۇقۇرقى دىئالېكتلاردا سۆزلىشىدىغان ئۆزبەكلەر شىنجاڭنىڭ ھەر تەرىپىگە تارىلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، بىر مەھەللىدە قاتار ئولتۇرغان ئۆزبەك ئائىلىلىرى بىر بىرىگە ئوخشىمىغان خىلمۇ - خىل دىئالېكتتا سۆزلىشىدۇ. شىنجاڭدا ئورتا ئۆزبەك شېۋىسىدە سۆزلەيدىغان ئۆزبەكلەر ئىچىدە تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا شېۋىلىرىدە سۆزلەيدىغانلار كۆپرەك، فونېتىكا جەھەتتىن پەرغانە شەھەرلىرى (نەمەنگاندىن باشقا) شېۋىلىرىدە سۆزلىشىدىغانلار كۆپرەك، مورفولوگىيە جەھەتتىن ھازىرقى ئەدەبىي تىلنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ماسلىشىدۇ.

* * *

باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغان شارائىتتىكى ئوبيېكتىپ ئېھتىياج، ئىجتىمائىي مۇھىت تەقەززاسى بىلەن ئۆزبېكلەر شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە ۋە ئۆزبېكچە ئىككى تىلدا سۆزلىشىدۇ. ئەسەرلىرىنى ئىككى تىلدا يازىدۇ (گاھىلىرى تاجىك تىلىدىمۇ يازغان)، ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ. ئۆيدە ۋە ئۆزبېكلەر يىغىلغان يەرلەردە ئۆزبېكچە سۆزلىشىدۇ. تاشقىرىدا، خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئۇيغۇرچە سۆزلىشىدۇ (شىمالىي چېگرىلاردا قازاق تىلىدىمۇ سۆزلەيدۇ). يەنە قېرىلار كۆپرەك ئۆزبېك تىلىدا، ياشلار كۆپرەك ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكە مايىلىشىپ كەتكەن.

شىنجاڭدا ئۆزبېك تىلىنىڭ باشقا مىللەتلەر تىلى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن قەدىمدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن مۇستەھكەم ئالاقىسى بار، ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرى ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمقى يەرلىك ئاھالىلىرىدىندۇر. بۇ ئىككى خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتى بىر خىل بولۇپ، ھەممە ئىشتا دائىم ۋە ئۈزلۈكسىز ھەمكارلىشىپ كەلگەن. بۇ ھەمكارلىق تىل قۇرۇلۇشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە ئۇيغۇر ئۇرۇغلىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە ئۆزبېك ئۇرۇغلىرى ئارىلىشىپ، سىڭىشىپ كەتكەن. ئۆزبېك تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا، ئۇيغۇر تىلىدىن ئۆزبېك تىلىغا ئۆتكەن خىلمۇ خىل سۆز - ئىبارىلەر سۆز - ئىبارىلەر ئاز ئەمەس، ئايرىم گىرامماتىك فورمىلارمۇ ئۆتۈشكەن.

يەنە بىر ياخشى ئەھۋال، ياشلار، زىيالىيلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يۈرۈش قىلىش يولىدا خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنمەكتە. خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىپ دوتسېنت، ۋىراچ، ئىلمىي تەرجىمان، يازغۇچى، ژۇرنالىست بولۇپ ئىشلەۋاتقانلار كۆپ.

ئۆزبېك مىللىتى نوپۇسىنىڭ ئازلىقى، تارقىلىپ ئولتۇرغانلىقى ۋە ئۆزبېك تىلىدا مەكتەپ، يېزىق، سەنئەت، ئەدەبىيات بولمىغانلىقى، شىنجاڭدا مەكتەپ، مەتبۇئات ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ يېزىقى قوللىنىلغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەرەب ئالفاۋىتىدىن ئۆزگەرتىپ، ئۆزبېك تەلەپپۇزىغا مۇۋاپىق تۈزۈلگەن يېزىق ئۆزبېكلەر ئارىسىدا ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلىدۇ.

ئۆزبېك مىللىتى يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار بىلەن سۆزلەش ۋە يېزىشتىكى ئېھتىياجىنى ھازىرچە قاندۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۆز تىلىنىڭ ئوي - پىكرى، مەقسىدىنى بايان قىلىشتا بۇ يېزىق بىلەن كەڭ - كۇشادە ۋە راۋان ئىپادىلىيەلمەيدۇ. بولۇپمۇ «4 كىشىلىك گۇرۇھ»

مىللەتلەرنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپلا قالماي، ئۆزبەك تىلىدىكى مەكتەپلەرنى ئۆزگەرتىۋەتكىنى، ئۆزبەك مىللىتىنىڭ ئەدەبىي سەنئەت ئورگانلىرىنى يېپىۋەتكىنى ئۈچۈن، شارائىت قىيىنلىشىپ، شىنجاڭدىكى ئۆزبەكلەرنىڭ تىلى ئۆزبەك ئەدەبىي تىلىنىڭ كۈندىن كۈنگە سىقىلىشىغا، تازا تەرەققىي قىلىشىغا ماسلىشالماي، بىر نۇقتىدا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، پارتىيە ئۆزبەك تىلىنىڭ راۋاجلىنىشىغا يار - يۆلەك بولدى. شىنجاڭ داشۆدە ئۆزبەك تىلى كەسپىي سىنىپلىرىنى ئېچىپ بەردى.

* * *

ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، قاراقالپاق، ئەزەربەيجان، قومىق، نوغاي، تاتار، باشقىرت خەلقلىرىگە ئوخشاش، ئۆزبەك خەلقىمۇ ئۆتمۈشتە تۈرك نامى بىلەن، بۇ خەلقلەرنىڭ تىلى تۈرك تىلى دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ناۋائىينىڭ مەخسۇس تىل مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» دېگەن ئەسىرىدە ئۆزبەك خەلقىنى تۈرك ۋە ئۆزبەك تىلىنى تۈرك تىلى دەپ كۆرسەتكەن. ناۋائىيدىن كېيىن ئۆزبەك خەلقى ئۆزىنى ئۆزبەك خەلقى دەپ، ئۆز تىلىنى ئۆزبەك تىلى دەپ ئاتاشقا باشلىغان. ناۋائىي زامانىسىدا تاجىكلار «سارت» دەپ ئاتىلاتتى. «سارت» دېگەن سۆز 11 — 13 - ئەسىر يادىكارلىقلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. 19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ 1870 - يىلدىن كېيىن بېسىلغان گېزىت - ژۇرنال، كىتابلاردا ئۆزبەك خەلقى سارت، سارتىيە دەپ، تىلى سارت تىلى دەپ ئاتالدى. دېمەك، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا قەدەر ئۆزبەك تىلى «تۈرك تىلى»، «سارت تىلى»، «ئۆزبەك تىلى» دېگەن ناملار بىلەن تۈرلۈك ئاتىلىپ كەلگەن. ئەمما، قانداق ئاتالمىسۇن، بۇ تىل ئۆزىنىڭ لۇغەت بايلىقى، گىرامماتىك قۇرۇلۇشىغا ئىگە مۇستەقىل بىر تىل بولۇپ، ئۆزبەك خەلقىنىڭ بىردىن - بىر ئالاقە ۋاستىسى ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش قورالىدۇر.

ئۆزبەك تىلى تىل قۇرۇلۇشى، لۇغەت سۇستاۋى، گىرامماتىك قائىدىلىرى جەھەتتىن ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش ئومۇملىقىمۇ، ئۇ تىللاردىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگىمۇ ئىگىدۇر. تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى ۋە باشقا تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر بىلەن ئۆزبەك خەلقىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلغان تارىخىي ئالاقىلىرى نەتىجىسىدە ئۇ تىللاردىن ئۆزبەك تىلىغا كۆپ سۆزلەر كىرىپ، خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشتى، سىڭىپ كەتتى. ئۆزبەك تىلىنىڭ لۇغەت سوستاۋىغا قوشۇلۇپ، ئۆزبەك تىلىنىڭ سۆز بايلىقىنى تەشكىل قىلدى. ئۆزبەك

تىلىنىڭ لېكسىكىسىدىن ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئالدى. ئۆزبەك تىلى تۈركى تىل ئائىلىسىدىكى تىللاردىن ئېشىپ، ئەرەپ، خەنزۇ ۋە رۇس تىللىرى بىلەنمۇ قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن. ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزبەك تىل بايلىقىدىن ئەرەپ تىلىمۇ مەلۇم سالماقتا ئورۇن ئالدى. ئەرەپ تىلى ئۆزبەك كىلاسسىك ئەدىبىياتىغا، شائىر، ئەدىپ ۋە ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىگىمۇ تەسىر قىلدى. ئۆزبەك تىلىغا كىرگەن ئەرەپچە سۆزلەر گىراماتىكا جەھەتتىن ناھايىتى چەكلەنگەن، مەنا جەھەتتىن كۆپرەك ئابستىراكىت خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، ئەپسۇسكى، تىلىمىزغا چۈشۈنۈش قىيىن بولغان بىر مۇنچە سۆز - ئىبارىلەر قوشۇلۇپ قالدى.

ئۆزبەك تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا، خەلق تىلىنىڭ مىللى تىل بولۇپ تەشكىللىنىشى ۋە تاكامۇللىشىشىدا، ئەلۋەتتە، ھەر بىر مىللەت تىلىنىڭ رولى ۋە ھەسسىسى بار. بۇ مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇستەھكەم ئىقتىسادىي، سىياسى ۋە مەدەنى ئالاقىلار بۈگۈنكى ئومۇمى ئۆزبەك تىلىنىڭ راۋاجلىنىشىغا غايەت زور ياردەم بولدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزبەك تىلى ئۆزىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئاساسىي لۇغەت بايلىقى ۋە گىراماتىكىسى ۋە مىللى تىلىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ كەلدى. ئۆزبەك تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنى، گىراماتىك قائىدىلىرى، تەلەپپۇز نورمىلىرى باشقا تىلدىن كىرگەن سۆزلەرنى ئۆزىگە بوي سۇندۇردى. نەتىجىدە بۇ تىللار ئۆزبەك تىلىنىڭ بايلىقى بولۇپ خىزمەت قىلىش بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىغا سىڭىپ بارماقتا.

* * *

ئۆزبەك خەلقى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا تۈرلۈك يېزىق سىستېمىلىرىدىن پايدىلىنىپ كەلگەن. ئۆزبەكلەر ئاسىيادىكى تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تارىخىدا كەڭ تارقالغان ئېلىپبە ۋە خېلى كۆپ يازما يادىكارلىقلارغا ئىگە بولغان تۆۋەندىكى يېزىق سىستېمىلىرىنى ئىشلەتكەن ئىدى: (1) رۇنىك ياكى ئورخۇن - يېنىسەي يېزىقى ( 5 — 8 - ئەسىرلەر )؛ (2) كونا ئۇيغۇر يېزىقى ( 6 — 15 - ئەسىرلەر )؛ (3) ئەرەپ يېزىقى؛ (4) ئەرەپ ئېلىپبەسىدىن ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى، بۇلاردىن باشقا، ئەلۋەتتە، خارەزىم يېزىقى، سۇغدى يېزىقى قاتارلىق باشقا يېزىق سىستېمىلىرىمۇ بولغان. ئەمما بۇ يېزىقلاردا يېزىلغان تولۇق يادىكارلىقلىرى تولۇق ئۆگىنىلمىگەن. ئۆزبەك ئەدەبىي تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات يولىنى ئۈچ ئاساسىي دەۋرگە بۆلۈپ كۆرسىتىش مۇمكىن: (1) قەدىمقى تۈركى ئەدەبى تىل ( ئېرامىزدىن 3 — 4 ئەسىر ئىلگىرى باشلانغان)؛ (2) كونا ئۆزبەك ئەدەبىي تىلى ( 14 — 12 - ئەسىرلەردە باشلانغان )؛ (3)

هازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى ( 20 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدىن باشلانغان ).

كونا ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلار ئەرەپ ئېلىپبەسى ئىگىزىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىش يۈرگۈزۈپ 18 - ئەسىرگىچە داۋام قىلغان. بەزىبىر تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئايرىم يازما يادىكارلىقلار 15 - ئەسىردە ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە يېزىلغان. مەسىلەن، « بەختىيار نامە » ( 1432 )، « تەزكىرەئى ئەۋلىيا » ( 1436 )، « مىراجنامە » ( 1437 ) ۋە باشقا يادىكارلىقلار هىرات شەھىرىدە ئۇيغۇر ئېلىپبەسىگە كۆچۈرۈپ يېزىلغان. ئۆزبېك تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىگە بىر قانچە سۆز يېڭىدىن كىردى. كونىراپ قالغان سۆزلەر چىقىپ كەتتى. دەستار، قەلپاق، نەۋرۇزى، توپپى، شىرداغ، دەكمە، يەلەك، ياغلى دىگەندەك كىيىم - كېچەك ناملىرىدىن قەلپاق، دوپپى سۆزلىرىدىن باشقا سۆزلەر ئەدەبىي تىلدا قوللىنىلمايدۇ. چۈنكى كىيىملەر- نىڭ قالغان تۈرلىرى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا هازىر ئۇچرىمايدۇ. ئوزۇق - تۈلۈكنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئارىسىدا ئۇلابە، ۋۈركەمەچ، باخسۇم، توقماق سۆزلىرى هازىرقى ئەدەبىي تىلدا ئۇچرىمايدۇ. بىراق شۇ ۋاقىتتىكى ئەسەرلەردە يېزىلغان قەيماق، قەتلەمە، بولەماغ، مەنتۇ، قۇيماغ، قىمىز، سۇزمە، ئوماچ، كوماچ، تالغان ( تالقان ) دىگەندەك تاماق ئىسىملىرى هازىرمۇ ساقلىنىپ قالغان. دىمەك، كونا ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى ئۆزىنىڭ بەزىبىر فونېتىك، مورفولوگىك، لېكسىك خۇسۇسىيەتلىرىگە بىنائەن قەدىمقى تۈركى ئەدەبىي تىلىدىنمۇ، هازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىدىنمۇ پەرقلىنىدۇ. ئەمما بۇ خىل پەرقلەردىن قەتئىي نەزەر، كونا ۋە يېڭى ئەدەبىي تىل ئوتتۇرىسىدا ئومۇمىي ئۆزبەكلەرنىڭ ئاساسىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى ۋە تەرەققىيات يوللىرىنى ئەكس ئەتتۈرى- دىغان بىرلىك ۋە ئوخشاشلىق بار، بۇلار ئۆزبېك تىلىنىڭ پۈتۈن تارىخىي داۋامىدا بىردىن - بىر خەلق تىلى سۈپىتىدە ئۆسكەنلىكىدىن ۋە بارغانسېرى تاكامۇللىشىپ كېلىۋاتقان- لىقىدىن گۇۋالىق بېرىدۇ. 15 — 19 - ئەسىر يازما يادىكارلىقلىرى تىلىنىڭ بىر خىللىقى ئۆزبېك تىلىنىڭ چوڭ ئۇتۇقى.

ئۆزبېك تىلى بىر قانچە دەۋر مابەينىدە ئۆزبېك خەلقىگە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەن. ئەمدى دۆلىتىمىزدە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا، كوممۇنىزمنىڭ رەھبەرلىكىدە تېخىمۇ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن هازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى تەتقىقاتىنى مۇنۇ تەرەپلەردىن كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ:

1. ئۆزبېك تىلىنىڭ بىر ئومۇمىي مىللەت تىلى ۋە دىئالېكتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.

( داۋامى 192 - بەتتە )

# گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش

## نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىكى مەنتىقىي كۈچ توغرىسىدا

ئابدۇخېلىل روزى

نەسىردىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى بىلەن ئاز - تولا تونۇشلۇقى بار كىشىلەرگە مەلۇمكى، ئەقىل - پاراسىتىنىڭ يۈكسەكلىكى، ئوي - پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، خۇلقى - مىجەزىنىڭ خۇشخۇيلۇقى، گەپ - سۆزلىرىنىڭ قىزىقلىقى، مۇناسىۋەت دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن خەلقئالەمگە تونۇش بولغان نەسىردىن ئەپەندى 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇرپاننىڭ لوكچون دېگەن يېرىدە ياشاپ ئۆتكەن موللازەيدىن ۋە 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەر كونىشەھەرنىڭ ئوپال دېگەن يېرىدە ئۆتكەن سەلەي چاققانلارغا ئوخشاش تارىخىي شەخس بولماستىن، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق سىنىپىي كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە مەدەنىي ھايات ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەنگەن غايىۋى قەھرىماندۇر.

باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىللىق ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇمغا بولغان قارشىلىقىنى، ئۆز دۈشمەنلىرىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى، ئۆز دوستلىرىغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتىنى، ئەركىنلىك، بەخت - سائادەت يولىدىكى ئىستەكلىرىنى، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى تەڭلىك بىلەن تەڭسىزلىك، راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىق، ئاددىيلىق بىلەن ساختىپەزلىك، كەڭ قوساقلىق بىلەن ھەسەتخورلۇق، تىرىشچانلىق بىلەن ھورۇنلۇق، ئاددىي - ساددىلىق بىلەن ھەشەمەتۋازلىق ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئەدەبىياتنىڭ ئۆتكۈر، ئىخچام، يېنىك، ئاممىباپ، نەقجاۋاپ، كۈلكىلىك لەتىپە شەكلى بىلەن ئىپادىلەپ، ئۇنى نەسىردىن ئەپەندىدىن ئىبارەت غايىۋى قەھرىماننىڭ نامى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىپ كەلدى. دېمەك، بۈگۈنكى نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ كۈرەشچانلىق روھى بىلەن ئىنقىلاۋىي جاسارىتىنى، ئۆتكۈر زېھنى قۇۋۋىتى بىلەن روشەن مۇھەببەت - نەپرىتىنى، خۇش پېئىل ۋە قىزىقچىلىق خىسلەتلىرىنى ئۆزىگە تىپىكلەشتۈرگەن ئۆلمەس ئوبراز — نەسىردىن ئەپەندىدىن ئىبارەت ئۈزۈلمەس پولات يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مەرۋايىتلارنىڭ يىغىندىسى دېيىشكە بولىدۇ.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، مەركىزىي ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، قۇرۇلمىسىنىڭ زىچ ۋە ئىخچاملىقى، قايىل قىلىش كۈچىنىڭ تولۇقلىقى، تىلىنىڭ

ئاممىباپلىقى، بايان قىلىش ئۇسۇلىنىڭ قىزىقلىقى، ئەمەلىي ئۈنۈمىنىڭ لەقچاۋاپلىقى قاتارلىق ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. مەن بۇ ماقالامدا پەقەت بىر نەچچە مىسال ئارقىلىقلا نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولغان ئۆتكۈر مەنتىقىي كۈچى توغرىسىدا ئۆزەمنىڭ دەسلەپكى تەسىراتىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىكى مەنتىقىي كۈچ دېگىنىمىزدە، مۇھىمى لەتىپىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئوي - پىكىرنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى لوگىكىلىق باغلىنىشىنىڭ زىچلىقىدىن ھاسىل بولغان چوڭ قايىل قىلىش كۈچىنى كۆزدە تۇتىمىز. قايىل قىلىش كۈچى، مۇھىمى، لەتىپىدە قوللىنىلغان ئۇقۇمنىڭ ئېنىق، ھۆكۈمنىڭ مۇۋاپىق، ئەقلىي خۇلاسىنىڭ لوگىكىغا ئۇيغۇن بولغانلىقىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىكى بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن:

I . ئۇقۇم بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ مەنتىقىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇقۇم بىلەن سۆز بىر بىرىگە تايانغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسى بىر بىرىسىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. بارلىق ئۇقۇملار سۆز بىلەن ئىپادىلەنسىمۇ، ئەمما سۆزلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇقۇمنى ئىپادىلەۋەرمەيدۇ. مانا بۇ — مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى. مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى، ئۇقۇم بىلەن سۆز دەلمۇ - دەل ماس كەلمەيدىغان ئەھۋالمۇ بولىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بەزىدە بىر ئۇقۇم ئوخشىمىغان بىر نەچچە سۆز بىلەن ئىپادىلەنسە، بەزىدە ئوخشىمىغان بىر نەچچە ئۇقۇم بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل — پاراسىتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن نەسىردىن ئەپەندى ئۇقۇم بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى مانا شۇنداق مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، ئالتۇن تاج، ئېسىل لىباسنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان دۆت، نادان پادىشا، ۋەزىرلەرنى، قازاندەك

2 . تايانچ ۋە يېتەكچى شۇئىلەرنىڭ فونېتىك سىستېمىسى.

3 . ئومۇمىي خەلق تىلى لۇغەت تەركىۋىنىڭ سان ۋە سۈپىتى، دائىرىسى، مەزمۇنى، مەنبەسى.

4 . گىراماتىك قائىدىلەرنىڭ ھەجمى ۋە ماھىيىتى.

5 . تېۋرلۇك ئىستىلىستىك ئۇسلۇپلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ.

6 . باشقا مەملىكەتلەردىكى ئۆزبەكلەرنىڭ تىل تەرەققىياتى جەريانىدىكى بىزگە پايدىلىق تەرەپلىرى.

سەللىمىنىڭ سايىسىدا قان شوراۋاتقان مۇتەئەسسىپ قازى بايلارنى، قاللىق قامچىسىدىن تامچىغان قان - ياشلارنى شاراپ قىلىپ بەزمە ئويناۋاتقان زالىم بەگلەرنى، ياغاچ مىتىگە ئوخشاش تويماس جازانىخورلارنى كۆلكە ئاستىغا ئېلىپ مەسخىرە قامچىسى بىلەن ساۋىداپ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدۇ. مەسىلەن، مەھەللە ئىمامى ئەپەندىمنىڭ روزا تۇتمىدى دەپ ئەيىپلەپ قازىخانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. قازى ئەپەندىگە كايىپ:

— ئەپەندىم، دىنىڭدىن تانىدىڭمۇ؟ نېمىشقا روزا تۇتمايسىز؟ - دەپتۇ.

— تەخسىر يىلىدا بىر قېتىم كېلىدىغان روزىنى تۇتۇپ نېمە قىلىمىز، ئەركىن - ئازادە ئويناۋالسۇن، - دەپتۇ ئەپەندىم.

بۇ يەردە ئەقىللىق ئەپەندى ئويغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆز «تۇتۇش» نىڭ كۆنكرېت تىل شارائىتىدا ئوخشىمىغان ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، قازىنى مات قىلىدۇ.

بىر كۈنى كېچىدە ئەپەندىم بازاردا كېتىپ بارسا، ئۇنى مىرشاپ بەگ تۇتۇۋېلىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، كېچىسى بازاردا نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟

— بۈگۈن ئۇيقۇم قېچىپ كېتىپ، زادى ئۇخلىيالمىدىم، شۇڭا ئۇيقۇمنى ئىزلەپ يۈرىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

ئەپەندى بۇ لەتىپىدىمۇ ئوخشاشلا تىلىمىزدىكى «قېچىپ كېتىش» دېگەن ئاھاڭداش سۆزنىڭ ئوخشىمىغان تىل شارائىتىدا ئوخشىمىغان ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، مىرشاپ بەگنى ئامالسىز ھالدا قالدۇرىدۇ.

2. ئوخشاش ئاتالغۇلۇق ھۆكۈملەر ئوتتۇرىسىدىكى توغرا - خاتالىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىش ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ مەنتىقىي كۈچىنى ئاشۇرۇشىنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلىدۇر. مەسىلەن، قازى ھەر قېتىم ۋەز ئېيتقاندا، ئاياللارنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا، ھەرگىز ئاياللارنىڭ گېپىگە كىرگۈچى بولماڭلار، — دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن. بىر كۈنى ئەپەندىم قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— قازاخۇنۇم، ئايالىمنىڭ گېپىگە كىرگىنىم ياخشىمۇ، كىرمىگىنىم ياخشىمۇ؟

— ئايالنىڭ گېپىگە كىرگۈچى بولماڭ، دەپتۇ قازى.

— بۈگۈن ئايالىم، بوداۋاتقان قويىمىزنىڭ بىرىنى قازاخۇنۇمغا بېرىپ، دۇئاسىنى ئالايلى، دەۋىدى، خەيرىيەت، ھېلىمۇ ياخشى گېپىگە كىرمەپتىمەن، - دەپتۇ ئەپەندىم ۋە دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپتۇ. قازى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— ئەپەندىم سەۋرى قىلىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىمنى توختىتىپ، — ئايالىڭىز گېپىگە بەزىدە كىرگۈلۈك.

— توغرا، — دەپتۇ ئەپەندىم، — قازاننىڭ كېيىنكە بەزىدە كىرمىدىكۈلۈك.

قاراڭلار، ئەپەندىم بۇ لەتىپىدە ئوخشاش ئاتالغۇلۇق ھۆكۈملەر ئوتتۇرىسىدىكى توغرا- خاتالىق مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەرىدىغان لوگىكىلىق چاسا سەپ قائىدىسى بويىچە قازاننىڭ ئاچكۆزلىكىنى، نەپسىنى دەپ ئۆز كېيىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

بىركۈنى ئەپەندىم يوغان سەللە ئوراپ مەھەللىدىن قايتىپ كېتىۋاتقىنىدا، يولدا ئۇچرىغان بىرسى ئەپەندىمگە بىر پارچە خەتنى سۇنۇپ ئوقۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ.

— خەت تونۇمايمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— شۇنچە يوغان سەللىڭىز تۇرۇپ خەت تونۇمىغىنىڭىز قىزىق —، دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

ئەپەندىم بېشىدىكى سەللىنى ئېلىپ ھېلىقى كىشىگە كىيدۈرۈپ:

— گەپ سەللىدە بولسا، قېنى ئۆزىڭىز ئوقۇپ كۆرۈڭ، — دەپتۇ.

ئەپەندىمنىڭ جاۋابى لوگىكا قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولغاچقا، ھېلىقى كىشى مات بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ.

بىر جازانىخور ئەپەندىمدىن مىس قازان سوراپتۇ. ئەپەندىم:

— سىزنى دېسەم، مىس قازىنىمنى مىڭ ھەرتىۋە بېرەتتىم، بىراق مىس قازىنىم ھازىر تۇغۇتلۇق ئىدى، — دەپتۇ. جازانىخور ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، مىس قازان دېگەنمۇ تۇغامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قاراڭ سىزنى، مىس قازاننىڭ تۇغۇشىغا ئىشەنمىسىڭىز، ئەمىسە قانداقتا سىزنىڭ مىس ياماقلىرىڭىز قانداق تۇغىدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

بۇ لەتىپىدە نەسىردىن ئەپەندىم جازانىخورنىڭ قازان سوراپ كەلگەنلىكىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، تەتۈر ئىسپاتلاش يولى بىلەن مەككار جازانىخورلارنىڭ شەپقەتسىز ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى قاتتىق پاش قىلىپ، ئۆزگۆشىنى ئۆز يېغىدا قورىدۇ.

مانا قاراڭلار، ئەقىللىق ئەپەندىم جازانىخورنىڭ مىس ياماقلارنى تۇغدۇرۇپ (جازا- نىغا پۇل بېرىپ) ئەمگەكچىلەرنىڭ گۆشىنى شىلىپ يەيدىغان تەييار تاپلىغىنى پاش قىلىپ، ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشتە تۆۋەندىكىدەك شەرتلىك ئۇچ ھۆكۈملۈك ئەقلىي خۇلاسىدىن پايدىلىنىدۇ: ئەگەر مىس قازان تۇغمىسا، مىس ياماقمۇ تۇغمايدۇ. سىزنىڭچە مىس قازان تۇغمايدۇ، شۇڭلاشقا سىزنىڭ مىس ياماقلىرىڭىزمۇ تۇغمايدۇ.

جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي گورۇھىنىڭ يەنە بىر كاتتىۋېشى جاڭ چۈنچياۋ تېرىسىگە پاتماي، ئالەمنى قالايمىقان قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، تۇرۇپلا كېلىپ، بىر ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. بۇ دۈينىڭ دۈيجاڭى نەسىردىن ئەپەندى جاڭ چۈنچياۋنى ئۆزلىرى مەي بولۇپ پىشقان تال بارىڭىنىڭ تېگىگە باشلاپتۇ — دە،

دۇنيانىڭ «ئىنقىلاپنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» ئەھۋالىنى تەپسىلى دوكلات قىلىشقا باشلاپتۇ. قوسىقى ئېچىپ، ئاشقازىنى دومبىسىگە چاپلىشىپ كەتكەن جاڭ چۇنچياۋ:

— ئەپەندىم، ئاۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، ئازراق بىر نەرسە يېسەك بولاتتى، — دەپتۇ مەي بولۇپ پىشقان ئۈزۈمگە كۆز تىكىپ.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندى ۋە سىرتقا چىقىپ كېتىپ، بىر ئازدىن كېيىن بىر لىگەن ئوتنى كۆتىرىپ كىرىپ جاڭ چۇنچياۋنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. لىگەندىكى ئوتنى كۆرگەن جاڭ چۇنچياۋ غەزەپكە كېلىپ:

— ئەپەندىم! بۇ نېمە قىلىق؟! يامان ئوت يەيدىغان هايۋان بولمىسام، — دەپتۇ.

— ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا تەخسىر، بىز ھەزرەتلىرىنىڭ «سوتسىيالىزمنىڭ ئوتلىرى كېرەككى، كاپىتالىزمنىڭ مايسىلىرى كېرەك ئەمەس» دېگەن يوليورۇقلىرى بويىچە، سوتسىيالىزمنىڭ ئوتلىرىنى تېرىپ ئۆستۈرگەن ئىدۇق، قېنى، ئەمگىكىمىزنىڭ مېۋىسى، ئېغىز تەككۈزسىلە، — دەپتۇ ئەپەندىم جاڭ چۇنچياۋنى لىگەندىكى ئوتقا تەكلىپ قىلىپ.

مانا بۇ لەتىپىدە نەسىردىن ئەپەندى جاڭ چۇنچياۋنىڭ بىمەنە سەپسەتىسىگە رەددىيە بېرىدۇ.

3. ئۇقۇم ياكى مۇھاكىمە تېمىسىنى ئۇستىلىق بىلەن يۆتكەپ، قارشى تەرەپنى ئۆز گېپى بىلەن باپلاش — نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ مەنتىقى كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئۈچىنچى بىر خىل ئۇسۇلىدۇر. بۇ خىل ئۇسۇل نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ قىزىقچىلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى باشقا ژانىرلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، ئەپەندىم بىر تويغا بېرىپتۇ، داستىخان سېلىنىپ، مەزە تارتىلغاندىن كېيىن، ئەپەندىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يوغان سەللىلىك بىر كىشى ئۆزىنىڭ يېگىنىنى ئازدەپ، ھەدەپ يانچۇقىغا مەزە تولدۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئەپەندىم دەرھال چەينەكنى ئېلىپ ئۇنىڭ يانچۇقىغا چاي قۇيۇپتۇ. ھېلىقى كىشى ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلىق، يانچۇققا چاي قۇيغان نەدە بار؟ — دەپتۇ.

ئەپەندىم:

— يانچۇقىڭىز شېرىنلىكلەردىن خېلى كۆپ يېدى، بەلكىم ئۇسساپ قالغاندۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.



شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى خىزمەت

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

# 新疆社会科学



تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى تەھرىر بۆلۈمى
(ئۈرۈمچى بېيجىڭ كوچىسى، تېلېفون نومۇرى 37937)
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ.
(مەملىكەت ئىچىدە ئوچۇق تارقىتىلىدۇ)
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ
قەرەللىك ژورناللارنى تىزىملاش نومۇرى №302
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 81 — 58.

باھاسى: 0.60 يۈەن